
ISSN 1002-9044




1995 10

ISSN 1002-9044
10>
9 771002 904009

www.uyghurkitap.com



## «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

يىغىندىن بىر كۆرۈنۈش





ئابدۇرېھىم رەجەپ، قەييۇم تۇردى، ئەمەت موللا تۇردىلار سۆز قىلماقتا.





مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئېلى زاھىد، ئىمىن تۇرسۇنلار سۆز قىلماقتا.

# ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

45 - يىل نەشرى

10

1995



باش مۇھەررىر

**مەھەممەت شاۋۇدۇن**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

**ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

تەھرىر ھەيئەتلىرى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.

uyghurkitap.com

## بۇ ساندا

### نەسرىي ئەسەرلەر


| | | |
|---|---|---|
| ئالىمجان رەجەپ | باياۋاندىكى داغدام يول (ئەدەبىي ئاخبارات) | 28 |
| تۇراپ ئابدۇرېھىم | ئاي كۈلگەن كېچە (ھېكايە) | 68 |
| تۇرسۇن لېتىپ | ھاۋارەڭ كۆكلەك (ھېكايە) | 76 |
| ئالىمجان ئىسمائىل | تۇمانلىق شەھەر (پوۋېست) | 95 |
| ئەخەت ھاشىم | ياشلىق سىرى (ھېكايە) | 123 |
| ئابدۇللا تۇرسۇن | بېدىك (ھېكايە) | 135 |


### شېئىرلار


| | | |
|---|---|---|
| تۆمۈر داۋامەت | شىمالدىن گۈلدەستىلەر | 4 |
| مامۇت زايىت | تارىم سىمپونىيىسى | 7 |
| ماخمۇتجان ئىسلام | ئانىجان دىيارىم، تويۇڭ مۇبارەك | 20 |
| ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر | يىلتىزىم كۆكلەيدۇ ئانا تۇپراقتا | 23 |
| جۇمە ئابدۇغېنى | ۋەتەن، خەلق سەجدىگاھىمدۇر | 25 |
| ئارسلان | سېھىرلىك سىرلار | 60 |
| ئابلەت ئابدۇرېشىت (بەرقى) | مەھەللەم | 63 |
| مەھەممەت روزى | كۆي تۆكىدۇ تۇمەن دەرياسى | 64 |
| ئىبراھىمجان تاش | يۈرىكىمدە يېشىل پەسىلسەن | 64 |
| ئابدۇسەمەت خېلىل | ياد ئېتىمىز سېنى تۇردىكا | 65 |
| سىدىق قاۋۇز | نىيە سۈرەتلىرى | 66 |
| تۇراپ ھەسەن | يېزا غەزەللىرى | 67 |
| تەلئەت ناسىرى | يۇلتۇز پىكىرلەر | 88 |
| ئابابەكرى تۇيغۇن | غەزەللەر | 89 |
| ئەخمەتجان تۇرۇپ | ئالقان ھەققىدە ناخشا | 90 |
| غەنى رەشىدى | كىچىك سەھرا ۋەتەندۇر ۋەتەن | 92 |
| باتۇر روزى | ئىككى غەزەل | 94 |

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

مەھەممەت ئىمىن.......... ئەدەبىي تەنقىد ئىلمى پائالىيەتتۇر.......... 140

## ئالقىش ۋە ئۈمىد

ئېلى زاھىد.......... «تارىم»غا باركاللا.................. 150
ئۈمىدجان قاسىمى......... تەبرىك ۋە ئۈمىد............ 152

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

چارلىز بودلېر.......... نەسرلەر................... 154

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


«تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى
تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى..... 157
كەسپىي يازغۇچىلار ئىجادىيەت پىلانى يىغىنى
ئېچىلدى...................... 158
«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ
35 يىللىقى خاتىرىلەندى................. 159


*   *   *

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: (يۇقىرىقى سۈرەت) مۇئاۋىن ۋىيپۇمىجاڭ تۆمۈر داۋامەت 94 - يىل 28 - فېۋرالدا بىر قىسىم يازغۇچىلار ۋە مۇھەررىرلەر بىلەن كۆرۈشتى.
سۈرەتتە: ئوڭدىن سولغا: مەھەممەت شاۋۇدۇن، قەييۇم تۇردى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تۆمۈر داۋامەت، ئىمىن تۇرسۇن، مۇھەممەت زۇنۇن، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم.
(تۆۋەندىكى سۈرەت) رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت 95 - يىل 22 - يانۋاردا بىر قىسىم مۇھەررىر، تەھرىر ھەيئەتلەر ۋە يازغۇچىلار بىلەن كۆرۈشتى.
سۈرەتتە: ئوڭدىن سولغا: زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئابلەت ئابدۇرېشىت، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم.

سۈرەتلەرنى **قېيۇم تۇرسۇن** تارتقان


بۇ سانىنىڭ مۇقاۋا، قىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسنخەتلىرىنى **مەھەممەت ئايۇپ** ئىشلىگەن
مەسئۇل كوررېكتور: **قېيۇم تۇرسۇن**




تۇمۇر داۋامەت

# شىمالدىن گۈلدەستىلەر

## سالام، كۆكتوقاي

كەم چۆلنى ـ دالانى زىبرىكتىشلىك دەر،
قايناركەن سەندىكى چۆلدىمۇ ھايات.
جىلغاڭدا دولقۇنلاپ ئاقاركەن دەريا،
ئىككى قاش شەھەردۇر گۈللىگەن ئاۋات.

سالام ئەي، زۇمرەتكە تولغان ئېرتىش،
ئېدىرلار، قومىلۇقلار سىر ـ ھېكمەتكە باي.
ئاچقانغا تۇگىمەس سەندىكى بايلىق،
سالام ئەي، خىسلەتلىك زېمىن كۆكتوقاي.

كۆردۈم مەن سېنىڭدە «ئىت باش ئالتۇن»نى①
برىلليانت، كۈمۈشلەر جىلۋىسى پارلاق.
ئاڭلىنار زېمىنىڭ ئاستىدا ئاققان
ئېقىنىڭ شاۋقۇنى سالغاندا قۇلاق.

كۆردۈممەن كۆمۈرنىڭ يالقۇنلىرىنى،
كۆككە ئوت بولۇپتى ئۆرلىتەر ئوران.




دەريادىن سۈزدۈم كۆپ كېپەك ئالتۇننى،
قىياتاش ئالتۇنى تاغدا چاقنىغان.

دولانا سايدىكى ئالتۇننىڭ كانى
قەلبىمگە ئورنىدى، نۇرلارغا تولۇپ.
كۆك ياقۇت سۈزۈككەن دېڭىزدىن، كۆكتىن،
مىس، تىتان كېنى قول ئۇزاتتى كۈلۈپ.

كۆكتوقاي ئالتۇن يەر، گۆھەر زېمىن سەن،
بار ھەسەن-ھۈسەنلەر شارقىراتماڭدا.
ئۆرلىگىن، ياشنىغىن، كۆردۈم مەن ئېنىق
كەلگۈسى بەختىڭنى ھەر ئاتقان تاڭدا.

1995-يىل 27- ئىيۇن، كۆكتوقاي

## قاناسقا مۇھەببەت

گۈللىرىڭ ئالتۇنمۇ، كۈمۈشمۇ قاناس،
يايلىقىڭ تاۋارمۇ كەشتە چېكىلگەن.
تاغلىرىڭ ئاق لېچەك سالغان بېشىغا،
ئېقىنىڭ ئۈستىگە تاللار ئېگىلگەن.

① ئىت بېشى شەكلىدىكى تەبىئىي ئۆيۈل ئالتۇن

مىڭ يىللىق ئورمانلار تۇرار سۈكۈتتە،
يەلپۈنەر ئاق رەڭلىك پەردىدەك تۇمان.
شولىسىدىن ئاجايىپ كۆرۈنۈش ياسار
كۆك ئاسمان، كۆك تاغلار ۋە كۆپكۆك ئورمان.

قوي-كالا چۆپلۈككە يېيىلغان بۇلۇت،
يوقلۇقنى قوغلاركەن موللۇق ھەرقاچان.
كۆپ مىللەت جەم بولۇپ ياشاركەن سەندە،
كۆڭۈللەر قۇياشنىڭ نۇرىغا تولغان.

غايىمىز بېغىدىن گۈللەرنى تىزىپ،
ئىسلاھات سۇناقتا ئەلگە گۈلدەستە.
كۆرۈنمەس غەم-قايغۇ ۋە ئۈمىدسىزلىك
قالاقلىق قالماقتا ئارقىدا، پەستە.

خىلمۇخىل قۇشلىرىڭ سايرار يېقىملىق،
تارقىتىپ ئىللىقلىق، زوق ۋە مۇھەببەت.
ساپ ھاۋا ئىپارلار بېرەر دىماققا،
سۇندۇ پىچىرلاپ ئاق قېيىن شەربەت.

بېلىقلار يۈرتىمۇ كۆلۈڭ ئەي قاناس،
كېمىدە ئايلىنىپ سۈردۈم بىر خىيال.
جىلۋىلەر كۆرسەتتى كۈن نۇرىدا سۇ
ئۆركەشلەپ، كۆكسۈڭدە ئوينار شوخ شامال.

ساقلىتىپ -ساقلىتىپ كۆپ تەشنا قىلىپ،
كۆرۈلدى مۆجىزە ۋە بولدى غايىب.
كۆرۈنۈپ يوقالدى تېز قىزىل بېلىق،
يېشىلمەي كەتتى بۇ سىرىڭ ئاجايىپ. . .

ئىلھامىم مەنبەسى گۈزەللىكىڭدۇر،
گۈزەللىك ماكانى، كۆركسەن قاناس.
مەن ساڭا قايىلمەن، ساڭا ئاشىقمەن
ھېكمەتىڭ، بايلىقىڭ يۈرتسەن قاناس.
1995-يىل 30-ئىيۇن، قاناس

## ئىشىكىڭ ئالدىدا ئاقار بىر بۇلاق

كىگىز ئۆي ئىچىدە بىز بولغاندا جەم،
قازاق دوست كۆزۈڭدە يالتىرىدى نەم،
تىترىگەن قولۇڭدا سۇندۇڭ ئاپئاق چاي،
سۇندۇڭ ئاق چاي كەبى ئاق كۆڭلۈڭنى ھەم.

مەن ئەھۋال سورىسام، سەن رەھمەت دەيسەن،
كۆزۈڭدىن ياغدۇرۇپ مېھىر-مۇھەببەت.
سەن ئېيتتىڭ جاپانى ۋە ئىستىقبالنى،
مەن ساڭا تىلىدىم بەخت-سائادەت.

ئىشىكىڭ ئالدىدا ئاقار بىر بۇلاق
ئىناق، تىنچ ھاياتنى كۈيلەپ ھەممە ۋاق.
1995-يىل 3-ئىيۇل، چۆچەك

## ئېتىزلار

دېڭىزدەك چايقىلىپ ياتار ئېتىزلار،
ئالتۇن رەڭ نۇر چاچار ئالتۇن باشاقلار.
كومبايىن كېمىدەك ئۈزۈپ يۈرۈيدۇ،
جانان قىز- يىگىتلەر ئېيتار قوشاقلار.

بىر ياقتا بۇلۇتتەك كۆرۈنەر ئورمان،
بىر ياقتا يانپاشلاپ ياتىدۇ تاغلار.
گۆھەر دان، گۆھەر چەش چاقىدۇ كۆزنى،
بۇ دېھقان تەنتەنە قىلغۇچى چاغلار.

ئەمگەكتىن تارقىلار نۇر ۋە ئىللىقلىق،
تەر ئاققان چىرايلار ئوخشاپتۇ گۈلگە.
دېھقانلار ئالدىراش، دېھقانلار جۇشقۇن،
ئېتىزلار ئارىلاپ يۈرمەكتە كۈلكە.

ئەي چۆچەك راست ئاشلىق كانى ئىكەنسەن،
ئېتىزلار چېتىگە يەتمەيدىكەن كۆز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شاملىنىڭ زەپ خۇش بۇي بۇغداي پۇرايدۇ،
شادلىققا، بايلىققا كەتمەيدىكەن سۆز.
1995ـيىل 4ـئىيۇل، چۆچەك

## ئارشاڭ سۈيىڭ شىپالىق

ئارشاڭ سۈيىڭ خىسلەتلىك،
ئارشاڭ سۈيىڭ شىپالىق.
قىزىق ـقىزىق يۇيۇنسام كەتتى جىنىم ياشىرىپ،
سەندە ھاۋا بەك تازا،
سەندە ھاۋا ئىپارلىق،
بۇلبۇللىرىڭ سايرىدى يۈرىكىمگە ئوت يېقىپ.
1995ـيىل 7ـئىيۇل، ئارشاڭ ناھىيىسى

## سايرام

«سايرامنىڭ سۈيى دەيدۇ،
يا ئاقمايدۇ، تاشمايدۇ».
دولقۇنلار كېچە-كۈندۈز
ئۇخلىمايدۇ، ياتمايدۇ.

سايرامنىڭ سۈيى دەيدۇ،
گۆھەردەكلا چاقنايدۇ.
گۆھەر قاتتىق، سۇ يۇمشاق
قىرغاقلارغا پاتمايدۇ.

زۇمرەتمۇ، يا ياقۇتمۇ؟
جىلۋىسى كۆپ سېھىرلىك،
شارقىرىغان دولقۇنلار
دانىشمەندەك پىكىرلىك.

ئۆزگىرىشچان رەڭگى بار،
رەڭلىرىدە كۆپ ھېكمەت.
سىرلىرىدا بىرلىكتە
ياشار غەزەپ-مۇھەببەت.

سايرامنىڭ شۇ سۈيىدىن
يايلاققا جان تارايدۇ.
قارىغايلىق تاغلارمۇ
سۈيىگە بىلەن قارايدۇ.

سايرامنىڭ كۆلى گۈزەل،
كۆرگەن كۆڭۈل يايرايدۇ.
سايرامنىڭ بويى دەيدۇ،
جەننەتكە بەك ئوخشايدۇ.

1995ـيىل 8ـئىيۇل، سايرام كۆلى

## ئىلى ۋادىسى

ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ ئىلى دەرياسى،
بىپايان زېمىنگە ھايات بېغىشلاپ.
باغلاردىن كېلىدۇ بۇلبۇل ناۋاسى،
تاغلارمۇ قالىدۇ كۆلەڭگە تاشلاپ.

زۇمرەتتەك پارقىرار ئىلى دەرياسى،
ئىلى ۋادىسىغا باھارنى باشلاپ.
كۆن تۆكەر كۆپ چاغدا ئايىماي نۇرلار،
بۇلۇتلار بەزىدە كېلەر كۆز ياشلاپ.

دالاغا گۈل-گىياھ سېلىپتۇ گىلەم،
ئېتىزدا يېلپۇنەر زەڭگەر زىرائەت.
سەھرالار ناخشىدا ئويغىنار ئىكەن،
شەھەرلەر ئۇخلىماس شاۋقۇنسىز پەقەت.

مەھەللە، كوچىلار غۇربەتلىك ئەمەس،
بېيىشنىڭ يولىغا تاشلاپتۇ قەدەم.
نادانلىق، نامراتلىق يوقىلىپ بارار،
يۈكسىلىش چاچىدۇ شولا دەمبۇدەم.

تىنچ ـئىناق بولماقلىق بەرمەكتە مېۋە،
ئىسلاھات زېمىننى لەرزىگە سالغان.
دۇكانلار ئاۋاتتۇر، تاۋارلار رەڭدار،
باھانى بازارلار تەڭشەيدۇ ئوبدان.

پۈللۈقلار پۈلسىزنى يېتەكلەش كېرەك،
يارىلار بىرلىكتىن گۈزەل كېلىچەك.
ھاللىنىش يېغىغا كىرەيلى بىللە،
ئاچايلى ۋەتەندە ھەممە تەڭ چېچەك.

شارقىراپ ئاقىدۇ ئىلى دەرياسى،
بار فېمى، شادلىقى ئاققان ئېقىنىنىڭ.
تەمبۇرلەر، دۇتارلار ناۋالىرىدا
كۆيلىنەر ئەتىسى يىراق -يېقىنىنىڭ.

1995-يىل 9-ئىيۇل، غۇلجا

**مامۇت زايىت**

# تارىم سىمفونىيىسى

1

جاھان ئۈزۈك، سەن ياقۇت كۆز تارىم ۋادىسى،
قەيسەر، ئىشچان خەلقىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئاتىسى.
بايلىقىڭ ھەم ئەجرىڭ بىلەن شۆھرەت قازاندىڭ،
جابدۇنۇپ بىر كاتتا تويغا، يۈزۈر ياساندىڭ.
جىسمىڭ ئىجاد، پەن - ھۈنەرنىڭ ئىگانت قىبلىسى،
جامالىڭدا ئالىمغا خاس قۇياش جىلۋىسى.
كىيگەن تونۇڭ - يېشىل يايلاق، جەننەتكە ئەنداز،
بادام دوپپاڭ گۈللىرىدە جۇلالايدۇ ياز.
بېلىڭدىكى ياغلىق ئوخشار ھەسەن - ھۈسەنگە،
كانۋاي كۆڭلەك كەشتىلىرى گۈلزار چىمەنگە.
ئۆتۈكىڭگە نەقىش قويغان قايسىبىر نەققاش،
پاشنىسىنىڭ ناھالىسى ھىلالغا تەققاس.
مىنگەن ئېتىڭ زەرجابدۇقلۇق قاناتلىق دۇلدۇل،
ھەر قامچاڭنىڭ چاقمىقىدىن بۇلۇتلار چۇل - چۇل.
تۆت قاناتلىق پەرىشتىگە ئوخشايسەن گويا،
پەرۋازىڭغا ھەيرەت بىلەن تىكىلەر دۇنيا.
بىر قانىتىڭ ئاتالغاندۇر تەڭرى ئىسمىدا،
ھېكمەت، خىسلەت، قۇۋۋەت، بايلىق بۇ تاغ جىسمىدا.




بىر قانىتىڭ ھىمالايا - بەھەيۋەت، بۈيۈك،
ئىنسانىيەت ئاتار ئۇنى ئەرشكە تۆۋرۈك.
ئالتاي تېغى بىر قانىتىڭ، پەرلىرى ئالتۇن،
قارا قۇرۇم بىر قانىتىڭ، تارقىتار يالقۇن.
جوڭغار، تۇرپان، تەكلىماكان دالاسى تېنىڭ،

دەريالىرىڭ تومۇرىڭدۇر، ئوخچۇيدۇ قېنىڭ.
سەن قەدىمكى، پاك، مۇقەددەس، دانىشمەن ئاتا،
ئادەمزاتقا قىلدىڭ ئەقىل، مەردلىكنى ئاتا.
قولۇڭدا بار ئەڭگۈشتىرى سىر - تىلسىماتىنىڭ،
ئۇستازسەن ئەپلاتۇنىنىڭ، ئۇلۇغ سوقراتىنىڭ.
قامەت - قەددىڭ خانتەڭرىدەك گىگانت، يۈكسەك،
قارشىسىدا پەستە تۇرار ئاسمانۇ پەلەك.
جومولاڭما مەغرۇر بېشىڭ قۇياشقا يېقىن،
چولپاندىنمۇ چاقناق كۆزۈڭ چاقىدۇ چېقىن.
قارشىڭدىن ھېيىقىدۇ رەقىپ بولۇپ لال،
شاد كۆلكەڭگە جىمى ئالەم تەقەززا، خوشال.
سېنىڭ كۆلكەڭ ــ بىزنىڭ كۆلكە، جاننىڭ خوشلۇقى،
بۇ كۆلكەڭدە ئايان باتۇر خەلقىڭ دوستلۇقى.
تىكىلمەكتە ئىقبالىڭغا ئۈممەتە جاھان،
تەرەققىيات، قۇت، ھۆرلۈككە يۈزلەندى زامان.
يۈرەكلەردە ئۇلۇغ غايە ئىشتىياقى چوغ،
كەلدى پۈرسەت ئاي، يۇلتۇزغا قادىماققا تۇغ.
جۈرئەت، ئىشەنچ بۇ سەپەرنىڭ كارۋانلىرىدا،
ئات چاپتۇردۇق رىيازەتنىڭ داۋانلىرىدا.
كۆز تەگمىسۇن غەلىبەڭگە، ئالتۇن بويۇڭغا،
نەزمە تۇزدۇق مۇبارەكلەپ يېڭى تويۇڭغا.
بۈيۈكلۈكتە مۇيەسسەرسەن، بەختتە قىران،
باش ئۈستىڭدە كەزدى نۇرغۇن ئەسىر جۇت - بوران.
كەچمىشىڭدە باردۇر ئامەت، ئاپەت، داغ - يارا،
تاغلىرىڭدەك مەزمۇت تۇردۇڭ جۇدۇنلار ئارا.
نۇرغۇن كەشىپ - ئىختىرالار يارالدى سەندىن،
ئەقىل، مەردلىك قامۇسلىرى تارالدى سەندىن.
بولاق ئۈزۈڭ ناخشا - ئۇسسۇل، مۇقام - داستانغا،
ئايلاندۇردۇڭ چۆل - دەشتلىرىڭ شەھەر، بوستانغا.
ئېشىپ چۈشتى قىرىق يىلىڭ بەلكى ئەسىردىن،
جاي ئېلىشقا بەل باغلىدۇق يۈكسەك قەسىردىن.
ئىرادىمىز ماتورلىرى ئالدى بۈگۈن ئوت،
ئاقىللارنىڭ تاپىنىدا كائىنات، بۇلۇت.
ئالغا ئۈندەر بىزنى يېڭى جەڭگاھ - ئىسلاھات،

ئۇمىد، غەيرەت ھەمراھ ئەرگە پارلاقتۇر ھايات.
كۈيلەپ ئاقار تارىم دەريا شان - بەختىمىزنى،
جۇر قىلىمىز قوشنىلارغا كۈي - ناخشىمىزنى.
سېنى كۈيلەپ ئۇلۇغلىماق بىزگە ئەنئەنە،
بۇ ناخشىمىز ئايىمىزگە تەبرىك - تەنتەنە . . .

2

تەڭرى خاكدىن بەرپا قىلىپ ئىنسان زاتىنى،
يەرگە ئەرشتىن چۈشۈرگەندە ئادەم ئاتىنى؛
يالۋۇرۇپتۇ پەرىشتىلەر تەڭرىگە كۆپ يىل:
«تەڭرىتاغقا چۈشۈر بىزنى، ئاڭا پۇقرا قىل.
قىلدىڭ ئۇنى ئەتىۋارلاپ تاغلارنىڭ شاھى،
تەڭرىتاغكى گۈزەللىكنىڭ، زېمىننىڭ ماھى.
بىزلا ئەمەس، مەھلىيادۇر قۇياش ئۇنىڭغا،
بولساق دەركەن يۇلتۇزلارمۇ ئاداش ئۇنىڭغا.
كېچە - كۈندۈز كەتمەيدىكەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن،
كۆزلىرىنى ئۈزمەيدىكەن گۈزەل ھۆسنىدىن.
كۈمۈش قارلار چوققىلارغا بىر زىننەت ئىكەن،
دەريالىرى ئابىھايات، قەنت - شەربەت ئىكەن.
ئۇنى ئىچكەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ خىزىردەك،
ياشاپ ئۆتەر ئەركىگەخان شاھدەك، ۋەزىردەك.
ئورمىنىدا تاۋلىنىدۇ ياقۇتتەك مېۋە،
بېھىشتىنمۇ مول، باياشات يېمەك - ئىچمۈە.
ئۈستىدىكى باغ، ئوتلاقلار - جانلىق يايلىقى،
ئاستىدىكى خەزىنىلەر - ئۇلۇس بايلىقى.
ئۇ يەردە بار ئاجايىپ كۆپ سېھىر ۋە خىسلەت،
تاپار ئۇنىڭ پۇقرالىرى بەخت ۋە قۇدرەت.
شۇ دىيارنى بىزگە بەرسەڭ، ياشىساق خۇشال،
‹ پەرىشتىلەر ماكانى› دەپ تاپقۇزساق كامال . . .»
تەڭرى كۈلۈپ دېگەن ئىمىش: «قىلدىم جىق كېڭەش،
قولۇڭلاردىن كەلمەس ئۇنى ئىنساندەك بېزەش.
بىر خەلق بار - تۇغۇلىدۇ ھاۋا① دىن ئۇلار،
تەڭرىتاغنى گۈللىتىدۇ ئەجرىدە شۇلار.
باسقىنىدا تۇپان سۈيى جىمى ئالەمنى،

① ھاۋا ئانا

بولغىنىدا يۇتماق بارچە جانلىق - ئادەمنى؛
تەڭرىتاغقا كېلىدۇ نوھ، كۆڭلىدە تىلەك،
باتۇر ئوغۇزقۇت① بولىدۇ ئۇنىڭغا يۆلەك.
كاتتا كېمە ياساپ، چەبدەس پالاق ئۇرىدۇ،
نوھنى، ئىنسان -جانلىقلارنى قۇتۇلدۇرىدۇ.
ئوغۇزقۇتنىڭ تۆھپىسىگە بېرىپ چوڭ تارتۇق،
ئەۋلادىنى كۈچ - قۇدرەتتە قىلىمەن ئارتۇق.
ئوغۇزخان ھەم ئالپ ئەرتوڭا بولىدۇ قاغان،
قول قويىدۇ پاراسەتتە ئۇلارغا جاھان.
يەر يۈزىگە تارىتىمەن ئوغۇز قەۋمىنى،
بىلدۈرىمەن رىيازەت ھەم بەخت تەممىنى.
تۇتاشتۇرار قىتئەلەرنى يېڭى يول ئېچىپ،
تونۇلىدۇ سەنئەت، ھۈنەر، پەندە نۇر چېچىپ.
تارقىتىدۇ ئوتنى ئۇلار ياندۇرغان گۈلخان،
كەشىپ - ئىجاد، مەرىپەتتە بولىدۇ چولپان.
چىقار ئوغۇزقۇت نەسلىدىن كۆپ ئالىم، شائىر،
ئالەم، زامان سىرلىرىنى قىلىدۇ زاھىر.
تۆپتۈز بولماس ئۇلار باسقان ئۇزۇن يول ئەمما،
بۆلۈنىدۇ، چېكىنىدۇ قويۇپ تەمەننا.
ئامەت گاھى يۈز ئۆرۈيدۇ بولۇپ ئاغا ئۆچ،
ئۆزگىلەرگە بېرىپ يۇرتنى بولىدۇ كۆچ - كۆچ.
مەن سىنايمەن ھەم تاۋلايمەن كۈلپەت - جاپادا،
شەيتان ئۇنى ئازدۇرىدۇ ئىللەت - خاتادا.
غاپىللىقتا ئايلاندۇرۇپ مەھبۇس - ئەسىرگە،
ئويغاق چېغى ئېرىشتۈرۈپ ئالتۇن قەسىرگە،
قەددىنى گاھ يادەك، گاھى ئۆرە قىلىمەن،
گاھ ئۇلارنى ئەركىن، گاھ قول - چۆرە قىلىمەن.
كۆرسىتىمەن جاھاندىكى جىمى قىسمەتنى،
چېنىقىدۇ يېتىلدۈرۈپ مەردلىك خىسلەتنى.
پاكلىنىدۇ ئوت - يالقۇندا سۇمۇرغدەك تازا،
ئۇنى خورلاپ چەيلىگەنگە بېرىدۇ جازا.
ئىستىلاچى جاھانگىرنى قىلىدۇ مەغلۇپ،
ئەلگ ئاخىرقى زەپەر، نۇسرەت شۇلارغا مەنسۇپ.

① قەدىمكى زامان رىۋايەتلىرىدىكى تەڭرىتاغلىق پالۋان.

يىللارسېرى كۆچ - قۇدرەتكە تولىدۇ ئۇلار،
ئۆز ئېلىنىڭ خوجايىنى بولىدۇ ئۇلار.
كىرگىنىدە نۇر - ئېلېكتر دەۋرىگە ئالەم،
تېپىپ ھۆرلۈك، بەخت، كامال، قىلىدۇ ئايەم.
پەيغەمبەردەك يېقىن ماڭا شۇ ئەل، شۇ زېمىن،
تاپقۇزىمەن ئۆز نامىمدا ئۇلارنى ئەمىن . . . »
تەڭرى سۆزى زىلزىلىگە ساپتۇ ھەممىنى،
پەرىشتىلەر بىلمەك بولۇپ ھايات تەمىنى،
ئەرشتىن قېچىش باشلىنىپتۇ مەخپىي - يوشۇرۇن،
تەڭرىتاغدىن ئاپتۇ ئادەم، پەرىشتە ئورۇن.
بۇ زېمىننىڭ پۇقرالىرى تېز كۆپەيگەنمىش،
شەيتانمۇ جىق مۇرتىنى ئېلىپ كەلگەنمىش.
گىرەلىشىپ رەزىللىك ھەم پاكلىق - ئۇلۇغلۇق،
ئېلىشقانمىش زۇلمەت بىلەن بۇندا يورۇقلۇق.
شەيتان ئالداپ قىپتۇ ئەلنى بىر بىرىگە ئۆچ،
پېتىشالماي، باشلىنىپتۇ ھەر ياقتا كۆچ - كۆچ . . .
بۇ رىۋايەت، ئەمما ئەمەس قۇرۇق ئەپسانە،
ئۇ ئەجدادنىڭ كەچمىشىدىن بەلگە - نىشانە.
ئىسپاتلىدى رىۋايەتنى خەلقىم تارىخى،
قالدى بىزگە چوڭ قامۇسنىڭ نەچچە ۋارىقى.
شۇ بەتلەردە بوۋىلارنىڭ ئەجرى، جاپاسى،
تەڭرىتاغقا مۇھەببىتى، ۋىجدان - ۋاپاسى.
گاھى بەتتە غورۇر، شادلىق، تۆھپە ۋە نۇسرەت،
گاھى بەتتە نومۇس، يىغا، نادانلىق، كۈلپەت.
گاھى بەتتە پەن - سەنئەتتىن بىر ئالتۇن ئىرا،
گاھى بەتتە نىزا - جەڭدىن قالغان ئىز - يارا.
گاھى بەتتە تۇلپارمىنگەن باتۇر سىماسى،
گاھى بەتتە ئويغا پاتقان ئالىم زىياسى.
گاھى بەتتە جان پىدالىق، ئىناقلىق، جۈرئەت،
گاھى بەتتە پارچىلىنىش، مەھكۇملۇق، غۇربەت.
گاھى بەتتە چىنلىق، گاھى بەتتە ئەپسانە،
ھەممىسىدە كەچمىشلەردىن ئىزنا - نىشانە . . .

3

پەرھات بولۇپ ئاچتىم تىلسىم «جاھاننامە»نى،

www.uyghurkitap.com

ۋاراقلىدىم «ئەمىنىيە» ① ۋە «شاھنامە»نى.
سىرلىق تارىخ مەنزىلىدە ئات چاپتىم ئۇزاق،
ئۇچرىدى گاھ ماڭا جەننەت، گاھىدا دوزاق.
تۆھپىكارلار قەبرىسىنى كۆرۈپ يۈكۈندۈم،
غاپىللارنىڭ جەسىتىگە قاراپ ئۆكۈندۈم.
سانسىز قىسمەت كۆردى ئىشچان، جەسۇر ئەجدادلار،
گاھى خۇشال، گاھى چېكىپ ئازاب - پەريادلار.
ئات چاپتۇردى جەڭگاھلاردا قوغداپ ئېلىنى،
گاھ ئۇشاتتى ئىسكەندەر ھەم خىسراۋ بېلىنى.
ئەركى گاھى ئۆز ئىلكىدە، گاھ ئالۋاستىدا،
قەسىر - تەختى گاھ يۈكسەكتە، گاھ قۇم ئاستىدا.
تەڭرى تېغى گاھى دەردلىك، گاھىدا مەمنۇن،
ئېگىلمىدى ئەمما ئۇنىڭ قەددىنى جۇدۇن.
ئاقتى تارىم گاھ غەزەپلىك، گاھى مۇڭلۇنۇپ،
سۇغا ئەمەس، كۆزدىن ئاققان قان - ياشقا تولۇپ.
سولدى باغلار، سولدى گۈلشەن، توزۇپ كەتتى گۈل،
تاپالمىدى مېھنەتكەشلەر نىجادلىققا يول.
پەن - كەشپىيات، ھۈنەر، مۇقام قالدى خورلۇقتا،
دەۋر سۈردى زالىم خان ۋە بەگلەر زورلۇقتا.
كەلگىندىلەر بوستانلارنى ئەيلىدى خاراپ،
ئەل گۆشىدە سەي قورۇشۇپ، ئىچىشتى شاراپ.
شاھقا ۋەزىر، خانغا ئوغۇل بولۇشتى دۈشمەن،
نىزا- قىرغىن پۇقرالارنى ئەيلىدى كۆچمەن.
توختىمىدى بۇ دىياردا يۈز يىللاپ جېدەل،
بەردى خەلق بۇ ئورۇشقا بىھېساب بەدەل،
گۇناھ بولدى تۆھپە، ئىجاد دەۋران ئالدىدا،
تالاي ئالىم، ئەدىب دېدى: يۇرتۇم ئەلۋىدا!
فارابى ھەم مەھمۇد سەرسان يۇرسە باغداتتا،
سەككاكى ھەم لۇتفى غېرىپ بولدى ھىراتتا.
بۈيۈك داستان ئىجاد قىلدى يۈسۈپ خاس ھاجىپ،
يورۇقلۇققا چىقارماقلىق بولمىدى نېسىپ.
مۇقام كەبى پىغان چەكسە ئامانىساخان،

---

① موللامۇسا سايرامىنىڭ «تارىخي ئەمىنىيە» كىتابى.

زەلىلى ھەم نۆبىتىلەر بولدى سەرگەردان.
قۇرىمىدى نىزارى ھەم نازىم كۆز يېشى،
بولدى ئۇلار رابىئە ھەم نوزۇك دىلكەشى.
پەرياد ئۇرسا موللانىياز، سايرامى، مۆجىز،
ئارمان بىلەن كەتتى شائىر زەبۇننىساقىز.
ئىرپان، سەنئەت چولپانلىرى كۆلپەتتە ئۆتتى،
زامان جاھىل - نادانلاردىن ئىستىقبال كۈتتى.
ئارزۇلىرى ئىشقا ئاشماي بوۋام سادىرنىڭ،
سادىر ئەمەس، يەنە كۆرمىڭ مەرد - باھادىرنىڭ.
ئىقىپ - ئىقىپ توختىمىدى شەھەر - چۆلدە قان،
ئىقىپ - ئىقىپ پۈتمىگەندەك تارىم، زەرەپشان . . .
ياڭ زېڭشىڭنىڭ زۇلمىدىن خەلق دەردتە تولغاندى،
شېڭ شىسەينىڭ تىرنىقىدا پاكلىق بۇلغاندى.
خاراپ قىلدى ئۇلار قەدىم گۈلىستان باغنى،
بۇلبۇللارنى مەھبۇس قىلىپ، يايراتتى زاغنى.
بىلىم، ئىجاد ئىگىسىنى زىنداندا يوتتى،
پۇقرالارنىڭ غەزەپ - ئاھى پەلەكنى تۇتتى.
كۆرەش قىلدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە لوتپۇن،
ياقتى ئەلنىڭ يۈرىكىگە ئۈمىدتىن ئۇچقۇن.
ئۇلارنىمۇ قىلدى نابۇت جاللاتلار تىغى،
سەبرى تۈگەپ، قوزغالدى دەس مەرد ئابرال تېغى.
خەلقنى باشلاپ جەڭگە كىردى ئەخمەتجان رەھبەر،
ياۋ بېشىدا ۋالىلدىدى زۇلپىقار - شەمشەر.
قىساس - غەزەپ پىلتىسىگە چېقىلدى گۈگۈت،
يالقۇنلىدى ئۈچ ۋىلايەت قوچىقىدا ئوت . . .

4

ئاپئاق قەلبتەك، ئاپئاق چاچتەك سۈبھى ئاقاردى،
خوراز چىللاپ، ئالۋاستىنىڭ رەڭگى تاتاردى.
باغدا بۇلبۇل، تاغدا كەكلىك مۇراد تېپىشتى،
يېڭى تاڭنى كۈيلەپ قۇشلار نەزمە قېتىشتى.
ئىككى قوشۇن پەتھى قىلدى ئۆلكىنى تىنچ،
قان تۆكۈلمەي غىلاپىغا كىردى تىغ - قىلىچ.

كىتاب ئۇيغۇركىتاپ www.uyghurkitap.com



جاراڭلىدى يۇرت بەختىگە قەسەم - ۋەدىلەر،
جۇلالاندى ئەل كۆڭلىدە پارلاق ئەتىلەر.
ئەمىن تاپتىم چىلبۆرىدىن، دېدى كىيىك، قوي،
سۆيۈندى تاغ - سەھرادىكى كېگىز، قوشام ئۆي.
ئىگە بولدى يەرسىز دېھقان ئالتۇن قوزۇققا،
يىللىقچى ھەم مالاي كۆڭلى تولدى يورۇققا.
تۇرغۇزۇلدى سادda، كىرسىز دىلدا ئېتىقاد،
يېڭىباشتىن گۈرۈلدىدى ھەر ياقتا ھايات.
تاڭنى كۈيلەپ ئەلقەم ئەختەم، ئابلىز نازىرى،
قۇتلۇقلىدى تېيىپجان ۋە زۇنۇن قادىرى.
ناغرا - سۇناي ساداسىغا تولدى كەڭ ئۆلكە،
جاراڭلىدى مىراس مۇقام، ناخشا ۋە كۈلكە.
قاراقۇرۇم، بوغدا بوۋاي ياساندى ياشتەك،
بېشىدا بۆك، ئۈستىدە تون چاقنار ئوتقاشتەك.
تارىم دەريا ئۆركەشلىدى، ئۈيىندى ئۇسسۇل،
چاۋاك چالدى قەشقەر، خوتەن، ئىلى ھەم قۇمۇل.
مىڭ ئۆيلەردىن چىقتى كۈچا، تۇرپان پەرىسى،
قەددى زىبا، تولۇنئايدەك گۈزەل چېھرىسى.
شاد بەزمىگە چۈشتى كورلا - نەشپۈت ماكانى،
ئۈمىد بىلەن كۈلدى يۇرتنىڭ تەكلىماكانى.
سۆيگۈ - ۋاپا گۈلشەنىدە سايرىدى بۇلبۇل،
قۇرۇلۇشنىڭ بەيگىسىگە چۈشتى كۆپ دۇلدۇل.
باشئەگمىلىك تاھىرجاننىڭ پۈتتى پەريادى،
تاغدىن چۆلگە سۇ باشلىدى ماچىن پەرھادى.
زۆھرە، شېرىن ئوسما قويۇپ تويغا جابدۇندى،
شەرق سەردارى مۇختارىيات تويلۇقى سۇندى.
تەييارلاندى ئايەمگە ئەل ھەمدەم ۋە ئىناق،
ئاق كۆڭۈللۈك قۇببىسىدە ئىشەنچتىن بايراق.
قۇياش كەبى ئۇلۇغ خەلقىم جۇلالاپ نۇردىن،
ئورۇن ئالدى مەركىزىدە ھۆرمەتلىك تۆردىن.
بۇ مەنزىرە شادلاندۇردى بارچە ئادەمنى،
تەبرىكلىدى جىمى مىللەت بىزنىڭ ئايەمنى.
ياڭرىتاندا تۇردى ئاكا تويدا مۇشاۋرەك،
چايغا سالغان قەنتكە ئوخشاش ئېرىدى يۈرەك.

قازاق يىگىت دومبىرىسى ياڭرىدى جۇشقۇن،
ئادىنۇشكىدا تاتار قىزى، كۆزىدە ئۇچقۇن.
موڭغۇل يىگىت ئۇسسۇل ئوينار غىجەككە تەڭكەش،
داغۇر قىزى ئاق ئۈستەڭدەك ياسايدۇ ئۆركەش.
قىرغىز يىگىت قومۇزىدا پامىر خوشلۇقى،
رۇس قىزىنىڭ ناخشىسىدا ئەلنىڭ دوستلۇقى.
جاراڭلايدۇ تاجىك يىگىت چالغان سۆڭەك نەي،
خەنزۇ قىزى قەدەملەردە تۇتار ئىسىل مەي.
«سىرىلما»دا ئۆزبېك قىزى - ئايپەرى رەققاس،
شىبە يىگىت تاقلاشلىرى پەرۋازغا تەققاس . . .
مەزمۇن قوشتى تويغا ئۇغلاق - بەيگە چۆقىنى،
تارتتى دارۋاز، سىبىرىك، مەشرەپ ھەممە زوقىنى.
مەرىكىدە بولدى سۆزلەر جاراڭلىق، تاتلىق،
بەزمە ئەھلى چىرايىدا ئۈمىد ۋە شادلىق.
ئاپتونومىنى «ھۆرلۈك - بەخت بەلگىسى» دېدۇق،
«قۇچاق ئاچقاي گۈزەل، پارلاق كەلگۈسى» دېدۇق.
يولباشچىغا ئاشتى دىلدا ئىشەنچ، ئېتىقاد،
بولدى گويا تەڭرىتاغقا چىققاندەك قانات.
قوشنىلارمۇ تەبرىكلىدى، بارچە سۆيۈندى،
ئىستىقبالنىڭ ئۇپۇقىدا شەپەق كۆرۈندى . . .

5

قىرىق يىل - بەك قىسقا پۇرسەت تارىخ بابىدا،
ئەمما ئېغىر سالمىقى بار ئەل ھېسابىدا.
تەققاسلىساق بۇنى ئىنسان ئۆمرىگە ئەگەر،
چاقنار نەزمە قۇرلىرىدا جۇلالىق گۆھەر.
قىرىق يىلدا ئادەم قىران يىگىت بولىدۇ،
پاراسەتكە، جاسارەتكە، كۈچكە تولىدۇ.
ئازىيىدۇ ۋۇجۇدىدىن ئىللەت ۋە نۇقسان،
ياشلىق، سۆيگۈ، تۆھپە بېغى بولغاي باراقسان.
ساددىلىقنى، نادانلىقنى قىلىدۇ بەرباد،
ئۆز كۈچىنى يوقىتىدۇ ئەمما ئېتىقاد.
ئىگە بولار كەچمىشىدىن نۇرغۇن ساۋاقنى،
تىكلىدۇ ئەقىل كۆزى بەكمۇ يىراقنى.

تولغاي ۋۇجۇد - روھى ئۇنىڭ ئىشەنچ - جۇرئەتكە،
ئىگە بولغاي ئەجرى بىلەن ئابروي - ھۆرمەتكە.
ھايات يولى بولۇپ داغدام، پارلاق، تۇراقلىق،
ئېچىلىدۇ گۈللىرىمۇ خۇش بۇي - پۇراقلىق.
ئەقلى تولۇپ بولىدۇ ئۇ ھەقىقىي ئىنسان،
مېۋە بېرىپ، ئۆمۈر بېغى بولغاي باراقسان . . .
شۇنداق بولدى ئۆلكىمىزنىڭ يېڭى ھاياتى،
تاۋلاندى جۇت - بورانلاردا بىر جۈپ قاناتى.
رىيازەتلىك، تىك خەتەرلىك داۋاندىن ئاتلاپ،
كەڭ نۇرانە يولغا چىقتى، ئىقبالى چاقناپ.
قىرىق يىلدا بولدى غايەت نۇرغۇن ئۆزگىرىش،
ئىلى، جۇڭغار، تارىم بويى تاپتى يۈكسىلىش.
ئىشچان، باتۇر خەلقىم تولۇپ ئەقىل، قۇدرەتكە،
ئايلانماقتا زامانىۋى يېڭى مىللەتكە.
قاقشال توغراق ئۆز تېنىگە يېشىل تون ياپتى،
بولقا، ئورغاق، قەلەم ئەھلى ئورنىنى تاپتى.
يۈرۈش قىلدۇق تىجارەتكە، سانائەت - پەنگە،
ھەمراھ بولدى زەپەر، ئۇتۇق بىزنىڭ قەدەمگە.
نۇرغۇن دەريا، تاغ، چۆللەرنى رەتلەپ باشقىدىن،
قۇرۇپ چىقتۇق گۈزەل قىلىپ ئېسىل باغچىدىن.
دەشت - بارخانلار بولدى ئاۋات شەھەرلەرگە ئۇل،
يۇرتىمىزنى يەر شارىغا تۇتاشتۇردى يول.
قۇم - بورانلار تىزگىنلەندى سېپىل ئورماندا،
يېشىل ھايات جىلۋە قىلدى تەكلىماكاندا.
زاماننىڭ پەن - سانائىتى، ئەقىل - پەمىدىن،
كۆچتۇق ئېسىل بىنالارغا ساتما - كەمىدىن.
ياسالماقتا بازار، باغلار ئۆتەڭ - چۆللۈكتە،
ماكانلاشتى ھەر خىل قۇشلار ئاۋات گۈللۈكتە.
ئاشلىق، پاختا، مېۋە، قويلار بولدى ئالىي سورت،
قەدەم باستى يۈكسىلىشكە قاراپ نۇرغۇن يۇرت.
قارىغايلار ئابىھايات ئىچتى ياپراقتىن،
چىقتى رەئىس، ۋالىي، ھاكىم يوقسۇل ئامراتتىن.
قۇرۇش، تىكلەش ئىشتىياقى يۈرەكلەردە ئوت،
ئىنسان ئاياغ باسمىغان تاغ - سايلاردا زاۋۇت.
سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلار مىسالى يۇلتۇز،
ئەل - دىيارنىڭ كېچىسىنى ئەيلىدى كۈندۈز.

نۇر كاپىلى ئالاقىنى قىلدى تېز، راۋان،
تېلېفونىدا سۆزىمىزنى ئاڭلايدۇ جاھان.
ئۈرۈمچىمىز كۆلدى ھەسەن - ھۈسەندەك چاقناپ،
يول ئازابى تۈگىمەكتە ئۈچقۇلار قاتناپ.
بولماقتا ئۇ ئاسىيانىڭ مەركەز - كىندىكى،
ئېسىل، كۆركەم بىنالىرى ئاسمان تۈۋرۈكى.
كوچا، رەستە، دۇكانلىرى ئادەم دەرياسى،
يول بويىدا نۇر، يېشىللىق، گۈللەر جۇلاسى.
ماكانى ئۇ بىلىم، سودا، ئالىم دانانىڭ،
سودىگىرى، سەيياھلىرى ئاقار دۇنيانىڭ.
يەر شارىنىڭ كىچىكلىگەن نۇسخىسى بۇ جاي،
تېپىلىدۇ جىمى مىللەت، ئىرق ۋە چىراي.
كاتتا سودا يەرمەنكىسى بولار ھەر يىلى،
ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى - تاۋار سەرخىلى.
لەپىلدەيدۇ بەش قىتئەنىڭ بۇندا بايرىقى،
ھەممە ياققا ماڭار ئېسىل مېلى، بايلىقى.
مېھمانلارغا كۆڭۈل كۆكسى بىپايان ئۇپۇق،
سېخىيلىقتا كۆڭگە ئوخشار، قولى بەك ئوچۇق.
ئويلىمايدۇ ئۆزىنى ئۇ، ئويلار باشقىنى،
ئاڭا تۆھپە ئىسلاھاتتا ئىشىك ئاچقىنى.
مېھرى ئىسسىق بىر شەھەربۇ، كەلگەنلەر كەتمەس،
ئادەملىرى مەدەنىي ھەم ئىشچان - زەبەردەس.
ئەدىبلىرى، باغۋەنلىرى ئەجدادقا ھەغدا،
كەلگۈسىدىن ۋەھى سۆزلەپ تۇرىدۇ بوغدا.
توردەك يوللار تۇتاشتۇرغان جەنۇب - شىمالنى،
پولات تۇلپار يېقىن قىلغان باغداش، ئابرالنى.
ئاشلىق، چارۋا كانى بولغان ئىلى ۋادىسى،
يەر يۈزىدە شۆھرەت تاپتى ئېتى، ئالمىسى.
گۈزەل ئالتاي ئالتۇن بىلەن قۇچتى شان - شۆھرەت،
تارباغاتاي مىرونۇسى بىباھا، قىممەت.
ئاۋاتلاشتى يالقۇن يۇرتى تۇرپان - ئىدىقۇت،
مىڭئۆي داڭلىق، ئۈزۈمى بال - رەڭگى ئۆز ياقۇت.
جۇلالىدى ئۈچ گۆھىرى قەدىم خوتەننىڭ،
گىلەم، مەشۇت، گۆھەر تېشى - پەخرى ۋەتەننىڭ.

ئۆزگەرتتى خەلق بۇندا باغقا تاغ، دەشت - دالانى،
«ئۇلۇغ ئاتا» ① تىزگىنلىدى چولڭ ئەجدىھانى.
بولدى گۈما تەكلىماكان باغرىدا بوستان،
جانلىق، تېتىك، قەھرىمان خەلق قۇچتى شەرەپشان.
كورلا، ئاقسۇ، كۇچا بۇگۈن كاتتا ئۆز شەھەر،
تەڭرىتاغنىڭ تاجىدىكى جۇلالىق گۆھەر.
ئاشتى قەدرى كۆرپە تېرە، مېۋە، مىڭئۆينىڭ،
مېھمىنى كۆپ «يېڭى كۆسەن بەزمىسى» - تويىنىڭ.
پەن - ھۈنەردە بولدى جەنۇب مەركىزى قەشقەر،
سودا، ئىرپان، مەرىپەتنىڭ يۇلتۇزى قەشقەر.
تاپتى دانا، ئاقىل خەلق سانسىز مىراسنى،
مەھمۇد، يۈسۈپ قەبرىسىنى - بۈيۈك ئاساسنى.
ئەۋلاد خۇشال، ئەجداد روھى تۆھپىدە تىرىك،
يورۇقلۇققا چىقتى «دىۋان»، «قۇتاتغۇبىلىك».
قۇردى ئالىي بىلىم يۇرتى نۇرغۇن ۋىلايەت،
ئىرپان سۆيگەن ئوغۇل - قىزلار تاپتى كامالەت.
يۈزلەنمەكتە چەتكە قەدەم بىلىم ماكانى،
چىقتى دوكتۇر، پروفېسسور، كەشىپ چولپانى.
پېشقەدەملەر بايراق بولۇپ ياشلارنى باشلاپ،
ئىجادىيەت باغچىلىرى بەرق ئۇردى ياشناپ.
يېتىشمەكتە دەۋرىمىزنىڭ لۇتفى، گۇمنامى،
يەتتى قوشنا ئەللەرگىچە شۆھرىتى -نامى.
نۇرغۇن شېئىر - داستان، رومان قىلىندى نەشىر،
يارالغۇسى بىزدە قايتا بىر ئالتۇن ئەسىر.
ئۇرغۇماقتا خەلقىمىزنىڭ سەنئەت بۇلىقى،
ئاڭلىماقتا مۇقاملارنى جاھان قۇلىقى.
بولماي قالدى تالاي ئىشلار ئەمدى بىزگە سىر،
«كونا قەرزدار» بۈگۈن سودا ئەھلى - مىليونېر.
ماڭغانسېرى كېڭەيمەكتە ئالدىمىزدا يول،
ئىگەرلىدۇق بىزمۇ ئاتاپ بەيگىگە دۇلدۇل.
نۇر - ئېلېكتر دەۋرى كەلدى شەھەر - سەھراغا،
تەڭرىتاغمۇ يۈزلەنمەكتە بۈگۈن دۇنياغا.
غەۋۋاس بازار قايىنىمدا نۇرغۇن يۇرت - ئادەم،
تىكلىمەكتە ئۈمىد بىلەن بىزگە كەلگۈسى ئالەم.

① خوتەن دەرياسىنى تىزگىنلەيدىغان كاتتا سۇ قۇرۇلۇشى

دىلدا غايە، يۈرەكتە ئوت، بىلەكتە دەرمان،
قېنىمىزدا ئۇرغۇماقتا يېپيېڭى ئارمان.
يوق قانائەت - شۈكرى بىزدە قۇچقان زەپەردىن،
باستۇق تۈنجى قەدەم تۈمەن يوللۇق سەپەردىن.
ئانا يۇرت، ئەل تېخى تولۇق تاپمىدى مۇرات،
يولىمىزدا نى - نى داۋان، خەتەرلىك مۇزات.
قۇتۇلمىدۇق ئەشياچىلىق ئىللەتتىن تولۇق،
نادانلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، غەپلەتتىن تولۇق.
تارىملىقلار ئۈچقىنى يوق ئالەم كېمىدە،
نۇرغۇنلىرى يۈرەر تېخى تۇرمۇش غېمىدە.
بىلىم - پەندە ئارقىدا بىز ئىلغار ئەللەردىن،
ھالقىمىدۇق تېخى نۇرغۇن چولڭ ئۆتكەللەردىن.
ئىنتىلىمىز مۇر پاراۋان، غەنىي ياشاشقا،
تېخى بالدۇر پەي ياستۇقنى ئېگىز قىرلاشقا.
يۈكلەر ئېغىر، مەنزىل ئۇزۇن، نامەرد يېتەلمەس،
مۇشەققەتتىن قاچقان ئەلنى رازى ئېتەلمەس.
جەسۇر تۇلپار ئاشالايدۇ تاغۇ داۋاندىن،
كائىناتمۇ پەستە قالغاي قەيسەر ئىنساندىن.
لېنتا كەستى تارىخ يېڭى تۈزۈم - ئۆتۈقتا،
كۆتۈرۈلدى بىزنىڭ قۇياش نۇرلۇق ئۇپۇقتا.
ھەممە ياقتا قايتا قورۇش، تىكلەش ناۋاسى،
چۇش ئەمەستۇر ھۆرلۈك، بەخت، بايلار دۇنياسى.
بىزدىمۇ بار جۈپ قول، ئەقىل، قامەت راۋۇرۇس،
شاپەئەت ۋە قۇتقۇزۇشقا تايانماق نومۇس.
ئۇلغايماقتا ئىسلاھاتتا دوستلۇق سېپىمىز،
قىلىندۇ جاھاندىمۇ بىزنىڭ گېپىمىز.
قوشنىلاردەك تۇتۇش قىلدۇق ئالتۇن سارايغا،
كۆزلىرىمىز تىكىلمەكتە يۇلتۇزغا، ئايغا.
دۇنيا بىزنى قوللىماقتا قۇدرەت تاپسۇن، دەپ،
گۆھەر زېمىن خەلقى بەخت، ھۆرمەت تاپسۇن، دەپ.
تۆكسەك قان - تەر، ئەجرىمىزنى بىر نەچچە ئەۋلاد،
بولىدۇ يۇرت زامانىۋى، خەلق باياشات.
گۈزەل، پارلاق ئىقبالىمىزنى ئۆرلەيدۇ تارىم،
ئەجدادلارنىڭ غايىسىدەك گۈللەيدۇ تارىم!

1995 - يىل 8 - ئاي، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

ماخمۇتجان ئىسلام

# ئانىجان دىيارىم، تويۇڭ مۇبارەك

1

يايراپ كەتتى كۆڭلۈم، ۋۇجۇدۇم
شۇمۇرگەندە تاڭدا - ناھاردا
جانغا شىپا،
شەبنەمدەك تازا
گۈل ھىدىغا تولغان ھاۋادىن،
ھەممە ياق گۈل،
گۈلگۈن ھەممە ياق،
زېمىن - ئاسمان كەلگەن لەرزىگە
داقا - دۇمباق،
دۇتار، قومۇز، دۇمبۇرا كۈيى
ھەمدە ئويناق دىللار ياڭراتقان
ئالقىش، ئىبسل ناخشا - ناۋادىن.

گۈزەل شىنجاڭ - ئانا دىيارىم،
مەن قارايمەن گۈلگۈن ھۆسنۈڭگە.
يۈرىكىمنىڭ سانسىز كۆزىدە
ئاشىق كەبى يېنىش - يېنىشلاپ.
تويۇڭ بۈگۈن،
قىزىماقتا توي،
ئۈچتى شۇ دەم
يۈرىكىمدىن ئىلھام بورانى
ۋە قويۇلدى سۆيگۈ يامغۇرى
باغرىڭدىكى ھەر توپ گىياھ،
ھەربىر قىياغا
بىھېساب كۈي - ناخشا بېغىشلاپ ...

2

مەن تۇغۇلدۇم تاغ ئۆڭگۈرىدە
يامغۇر قويۇلغان،
بۆرە ھۇۋلىغان،
قازان كۈيىسىدەك قاراڭغۇ تۈندە.
يىغلىغانتىم دەريا ياش تۆكۈپ،
قىساس خەنجىرىنى كۆتۈرگەن ئاتام
ئالالمايلا تېخى ئىنتىقام
ئاتقا سۆرىتىلگەن دەھشەتلىك كۈندە.
ئۆتتى گۆدەك چاغلىرىم مېنىڭ
يۈكسەك قىيالار ئۈستىدە
تاغ بۈركۈتىگە سەپداش بولۇپ،
بۇلۇتقا باش قويغان ئاپئاق چوققا،
بۆك - باراقسان ئورمانلار ئارا
يولۋاس، قاپلان، يېشىل قارىغاي،
قارلەيلىسىگە مۇڭداش بولۇپ.

يىگىت بولدۇم
يالاڭياق،
يالاڭباش،
لېكىن قەلبىمدە قىساس يالقۇنى
ياناتتى ھەيۋەتلىك چاقماق - چېقىمىدەك.
گۈلخان يېقىپ،
چولپانغا بېقىپ
ئويغاق ئۆتكەن سوغۇق تۈنلەردە
چېلىپ راۋاب، كۈيلىسەم ناخشا،
ئىبغ، ئانىجان،
ئاقاتتى مېھرىم سەن ئۈچۈن گويا
كۆكلەمدىكى ئۇچقۇر ئېقىندەك.

ئاتامنىڭ خەنجىرىنى قولۇمغا ئالدىم
ئۇراي دەپ
بەخت دىلبىرىنىڭ كۆزىنى ئويغان،
ئانىجان، سېنىڭ گېلىڭنى بوغقان
«زۇلمەت» ئاتلىق ۋابا كۆكسىگە.
گۈل چېكەي دەپ

ئەجرۇ تېرىمىدىن،
چوغلۇق سۆيەت ئىسسىق قېنىمىدىن
گۈلباغلىرىڭنىڭ سۈلغۇن ھۆسنىگە.

بىراق،
يارا بولدى زەھەرلىك ئوقتىن
بەختكە تەشنا يالقۇنلۇق يۈرەك،
پۆت - قولۇمغا سېلىندى كىشەن.
تۆمەنلىگەن مەرد ئوغۇل - قىزنىڭ
ئوتقاش كەبى ساپ قېنى بىلەن
بويالدىڭسەن،
يۈيۈلدى سۈلغان رەڭدارگۈل - چىمەن.
قانغا سېزىلك قاغا - قوزغۇنلار
قېنىمىزنى شوراپ،
گۆشىمىزنى قىلىشىپ كاۋاپ،
بېشىمىزدا چاقتى مېغىز، قەن.

ياراتساق بىز بارچە بايلىقنى،
بىراق، ئانىجان،
سەن زار بولۇپ بىر بۇردا نانغا،
بىر ئوتلام سۇ،
بىر قاچا ئايرانغا،
سىقىلدىڭ جاھالەتنىڭ ئالقىنىدا.
بەختىڭنى ئويلاپ،
تاڭغا تەلمۈرۈپ،
ئات ئويناتتۇق يەنىلا جەڭدە
بويۇن ئەگمەي تاياق - توقماققا،
چۈشۈپ كەتمەي قاپقان - توزاققا
تاۋلىنىپ ئىنتىقامنىڭ يالقۇنىدا . . .

3

جەڭگاھشەندىن - مۇقەددەس جايدىن
ئۆچتى باھار شاملى،
ئۇ ياردى قارا تۈن باغرىنى
خۇددى ئۆچمەس چاقماق بولۇپ.
سالدى زىلزىلىگە
زۇلۇم - كۈلپەت قورغانلىرىنى،
تۈنخۇمارلار ماكانلىرىنى
تىتىرىتىپ - تەۋرىتىپ
پولات بازغان - چوقماق بولۇپ.

زۇنىيى ختابى،
يەنئەن ئاپتىپى
كۈندەك يورۇتۇپ ئىقبال يولىنى،
كۈچ - قۇدرەتكە تولدى ئانائەل.
ياندى يۈرەك بولۇپ چوغ،
جەۋلان قىلدى قىزىل تۇغ،
ئۆزى نامرات، قەلبى ئويغاقلار
بۆسۈپ ئۆتتى بارچە توساقنى
بولۇپ خۇددى ئۇلۇغ قىيان - سەل.

ئۆكتەبىرنىڭ گۈلدۈرمامىسى
ئېلىپ كەلدى، ئەزىز ئانىجان،
سېنىڭ تەشنا باغرىڭغا
جانغا شىپا باھار نۇرىنى.
كۈلدى خۇشال بارچە قېرى - ياش،
قىلدى ئايەم گۈلباغ، تاغۇتاش
ئازادلىق دىلبىرى
قىسقىنىدا سېنىڭ چېكەڭگە
بەختى، ھۆرلۈكنىڭ قىزىل گۈلىنى.

ئېھ، ئانىجان،
مەن -
سېنىڭ باغرى داغلانغان بالاڭ
كۈلدۈم قاقاقلاپ،
تۆكۈلدى لېۋىمدىن شادلىق كۈيلىرى
فونتاندىن ئېتىلغان ئېسىل ئۈنچىدەك.
ياشاردىڭسەن،
ياشاردىم مەن

www.uyghurkitap.com


ئانا ۋەتەن قوينىدا گويا
يىلتىزى چوڭقۇر،
غولى بەردەم،
بەرگى مەزمۇت قىزىل غونچىدەك.

شۇ چاغ
مەن -
بەختسىز ئاتىنىڭ بەختىيار ئوغلى
پامىر ئۈستىدىن بېيجىڭگە بېقىپ
بادام دوپپامنى ئاسمانغا ئاتقان.
ئازاد دەۋران - ھايات باھارى،
سائادەتنىڭ گۈلگۈن ناھارى،
بەختىمنى كۈيلەپ،
شوخ تىلىمدىن شەربەت - بال تۆكۈپ، -
چىن دىلىمدىن كۈي - قوشاق ئاتقان . . .

4

ئېغ، ئانىجان،
ھېلىھەم يادىمدا
بۇندىن قىرىق يىل بۇرۇن - مۇقەددەم
جانان قىزدەك رەڭ تۈزۈپ،
جالا تاقاپ ئۈيىنغانتىڭ تۇي
دوستلىرىڭنى چىللاپ قوينۇڭغا.
ئاشۇ چاغ مەن گويا بوۋاقتەك
قىن - قىنىمغا سىغماي پەقەتلا
سۆيگەنىدىم سېنى قۇچاقلاپ
گىرە سېلىپ مەغرۇر بوينۇڭغا.

مۇختارىيەت تويى ئىدى ئۇ
بېشىڭغا ئامەت قۇشى قوندۇرغان.
سېنى ھۆرلۈك يىگىتى سۆيۈپ،
سەن سائادەت مېھرىدە كۆلۈپ،
دىلىڭدا ئۆچمەس
سائادەتنىڭ - گۈزەل ئىقبالىنىڭ
نۇرلۇق مەشئىلىنى ياندۇرغان.

بۈگۈنمۇ تويۇڭ،
يۈرەك سوقار باشقىچە،
شادلىق ئاقار ئەزىم دەريادەك
قۇتۇلغاچ خەلقىم
ئامرات كۈنلەر روھىي كىشەندىن.
تىڭشىغىنا،
ياڭرايدۇ ئەجەب جۇشقۇن كۈي
ئانارلىق باغ،
ئەنجۈرلۈك دالا،
يېزا، كاندىن، يايلاق، گۈلشەندىن.

باغدا بۇلبۇل،
قىيادا بۈركۈت
سالام بېرەر ساڭا ئانىجان
ھۆرمىتىنى قىلىپ كۈي - قوشاق.
قەلبىمىزنى پاياندار قىلىپ،
مېھرىمىزدىن گۈلچاشقۇ چېچىپ،
قۇتلۇقلىساق سېنىڭ تويۇڭنى،
خۇشال سايراپ كاككۇك، تۇمۇچۇق،
تاغ گۈللىرى چاچتى خۇش پۇراق.

ئېغ، ئانىجان،
دەۋرىم بەرگەن ئالتۇن قەدەھتە
ئىچىمەن قېنىپ
ئىقبال قىزى تۇتقان
تەنگە داۋا ئېسىل شارابنى.
قىلماقتا تەڭكەش
قازاق يىگىت چېلىپ دومبۇرا،
قىرغىز قىزى چېرتىپ قومۇزنى
مەن چالغاندا شادلىق كۈيىگە
جان ھەمراھىم - ياڭراق راۋاپنى.

ئېرىق - ئۆستەڭدە
سۇ ئەمەس،

قايماق، ئايران، شادلىق ئاقىدۇ.
بەختى كۈلگەن قىز - يىگىتلەرنىڭ
سېنى كۈيلەپ
تىللىرىدىن بال تامىدۇ.
زاۋۇتلار گۈدۈك ياڭرىتىپ،
ئېتىزلاردا تۆمۈر بۇقا ھۆركىرەپ
تويۇڭ شەنىگە كۈي قاتىدۇ.

قارىغىن، ئانا،
بۇلۇتنى يارغان قىزىل توغ ئۆرمىنى،
شەپەقتەك تاۋلىنار ھايات قاينىمى.
يۈكسەك پەللىگە ئۇچماقتىسەن،
ئىسلاھاتتا زەپەر قۇچماقتىسەن
تۆت دۇلدۇلنى تەڭ چاپتۇرۇپ،
بۈگۈنلا ئەمەس،
بولماقتا ھەركۈن
يۈكسىلىشنىڭ خۇشال بايرىمى.

ئانىجان -
گۈزەل يۇرتۇم نۇرانە شىنجاڭ،
تويۇڭ ئۈچۈن تۆگە ئورنىدا
بولسۇن سوۋغا شېئىرىي گۈلدەستەم،
ئاڭا يۈرەك سۆزۈم مۇجەسسەم.
گۈللە،
ئۆرلە كامالەت چوققىسىغا،
سېنى كۈيلەيمەن
بېغىشلاپ بارلىقىمنى ساڭا ھېمىشەم!
1995 - يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى

**ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر**

# يىلتىزىم كۆكلەيدۇ ئانا تۇپراقتا

## ۋەتەن ئىلھامى

ماڭا يات چۈشكۈن، تۇمانلىق كۈيلەر،
ئۈمىدكە، نۇرغا تەلپۈنەر قەلبىم.
يىلتىزىم كۆكلەيدۇ ئانا تۇپراقتا،
ۋەتەن دەپ سايرايدۇ ئوتلۇق قەلىمىم.

ۋەتەننىڭ ئىقبالى، سائادىتىدىن
ئۈمىدىم چىرىغى پارلايدۇ ھامان.
ئېلىمنىڭ راھىتى راھەتتۇر ماڭا،
ئۆرغۇيدۇ ۋەتەن دەپ تومۇرۇمدا قان.

ياپيېشىل تاغلىرىم قامەتتۇر ماڭا،
كۆزۈمگە نۇر بېرەر مەرۋايىت بۇلاق.
زىننەتتۇر ئۆمرۈمگە باراقسان باغلار،
ئورمانلار ئانامدەك ئاچىدۇ قۇچاق.

ۋەتەن دەپ كۈيلىسەم شوخلاشقا ھەر تاڭ،
ياڭرايدۇ ئاۋازىم دولقۇنلاپ تېشىپ.
دۈشمەنلەر قان يۇتسۇن، ۋەتەن شۆھرىتى
جاھانغا تارقىلىپ، پەلەكتىن ئېشىپ.

## تاڭ يورىدى

مۈشكۈل يىللار يۈرىكىمگە
ئاچچىق ئىزلار ئۆتتى سېلىپ.
قان -تەرىمنى، ئەجرىمنىمۇ
بوران - چاپقۇن كەتتى ئېلىپ.

قىستاڭلاردا پىغان چەكتىم،
كۆمۈش رەڭ تۇس ئالدى چېچىم.
خىيالىمدا يېڭى دۇنيا،
كۆزۈم يۇمسام كۆكتە بېشىم.

www.uyghurkitap.com

ھايات ئەمەس بىر تېپىشماق،
چېلىش بىلەن ئۆتتى كۈنلەر.
تاڭ يورىدى، تاڭ يورىدى،
كەتتى مەڭگۈ قارا تۈنلەر . . .

## ئىنتىزارلىق

يۇلتۇزلارنى ساناپ،
ئايغا تەلمۈرۈپ.
قۇياش ھۆسنىگە،
تەقەززا بولۇپ
ئۆتتى تالاي كېچىلىرىم.
ھەر كۈن
قەلبىمگە ئورنىتار يېڭى بىر جاھان،
باشقىچە نۇرلىنىپ كۈلەر ۋەتىنىم . . .
دېيەن پىچىرلاپ ئۈمىدكە تولۇپ:
بولسا ئىدى ھايات سەھنىسى
ئاشۇ بىپايان غۇبارسىز ئاسمان،
پەن ـ ھېكمەت قۇدرىتى بولسا نامايان . . .

## توپىلىق يوللاردا ماڭغاندا

توپىلاڭ يوللاردا ماڭدۇق بەك ئۇزاق،
توپىغا كۆمۈلدى ئۈستىبېشىمىز.
يالتىراق يوللارغا يېتەرمىز قاچان،
دەپ تىت ـ تىت بولاتتى بىزنىڭ ئىچىمىز.

ئاخىرى ئۇلاشتۇق سىمونت يولغىمۇ،
نۇرلاندى شادلىقتىن بىزنىڭ چېھرىمىز.
ياخشى يول سەپىرنىڭ قانىتى ئىكەن،
باغلاندى شۇ يولغا ئۇتلۇق رىشتىمىز.

## شائىر

تۇمانلىق پىكىرلەر، چىگىش خىياللار
كۆكسۈڭگە گۈلخانلار ياققاندا شائىر؛
ھاياتلىق دېڭىزى دولقۇنلاپ تېشىپ،
باغرىڭغا سەل بولۇپ ئاققاندا شائىر؛
ئىلھامىڭ شۇدەم تالماس قۇش بولۇپ،
پەلەككە قانىتىن قاققاندا شائىر؛
سېنىڭدىن تۆرەلدى ئۇلۇغ بىر شېئىر،
شادلاندىڭ ئەل كۈلۈپ باققاندا شائىر.

## تۆتلىكلەر

ۋاپادار، چىن دوستنىڭ يۈرىكى باشقا،
ئورمايدۇ دوستلۇقنىڭ گۈلىنى تاشقا.
ۋاپاسىز دوستلاردىن ئەيلىگىن ھەزەر،
نەپ ئۈچۈن كۆزۈڭنى تولدۇرار ياشقا.

* *

بەزىلەر ساپ تەردىن چىن بەخت قۇچۇپ
ئۆتىدۇ بىر ئۆمۈر ئەلنى دوست تۇتۇپ.
بەزىلەر سارغىيىپ، زارلاپ ئۆتىدۇ
بىر ئۆمۈر تەقدىردىن تەلەينى كۈتۈپ.

* *

توققۇزۇم تەل دەپلا غادايما ئۇنچە،
بىلىم دېڭىزىدىن سۇزمىدىڭ ئۇنچە.
ھايات گوياكى دولقۇنلۇق دېڭىز،
بىلىپ قوي ۋەزنىڭ يوق بىر سىقىم ئۇنچە.

1994 ـ، 1995 ـ يىللار، ئۈرۈمچى

جۇمە ئابدۇغېنى

# ۋەتەن، خەلق سەجدىگاھىمدۇر

— شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر غەزەللىرىگە تەخمىس

## سەجدىگاھىمغا

سېنى تەرك ئەيلىسەم بىر كۈن، كەچۈرگۈسىز گۇناھىمدۇر،
شۇڭا دەيمەن: ئانا تۇپراق، ۋەتەن، خەلقىم ئىلاھىمدۇر،
ئىلاھقا مەڭگۈلۈك سادىق بولۇش ئەھدۇ-قارارىمدۇر؛
بىلەمسەن، دىلرەبا، ھۆسنۈڭنى ئاختۇرغان نىگاھىمدۇر،
بۇ گۈلدۈرماما، چاقماقلار مېنىڭ پەريادى ئاھىمدۇر.

تىلىمدا دائىما زىكرىڭ، دىلىمدا ئىشقى ۋۇلقانى،
كۆڭۈل رىشتىم ساڭا چۈشكەچ ئاتالدىم «ئەل غەزەلخانى»،
تۈگىمەس بىر ئۆمۈر يازسام مۇھەببەت كويى-داستانى،
ئۆزۈڭنى ئوت بىلەن تاۋلا دېگەچ سەن سۆيگۈ سۇلتانى،
قەيەردە يانسا بىر يالقۇن، شۇ يالقۇن بارگاھىمدۇر.

ساڭا كۆيدۈم، سېنى سۆيدۈم، بۆلەككە دىل بېرەلمەسمەن،
سېنى دەپ گەر جاپا چەكسەم، ئۇنى ھېچقانچە بىلمەسمەن؛
ۋىسالىڭ يولىدا مۇشكۈل يولۇقسا باشنى ئەگمەسمەن،
ئاداشسام زۇلمەتى دەشتىدە، تېگىرقاپ نالە چەكمەسمەن،
جامالىڭ شولىسى پارلاق ئۈمىد بەخش سۇبھىگاھىمدۇر.

جۇدالىق قىلسىمۇ سەرسان تۇرارمەن دائىما ئەسلەپ،
ھايات بولساملا كەتمەيدۇ ئەقىدەم قىلچىلىك پەسلەپ،
ساڭا خاس بىغۇبار سۆيگۈم بارار بارغانچە ئۆركەشلەپ؛
پەلەكنىڭ گەردىشى ھەر كۈن يولۇمنى توسسىمۇ قەستلەپ،
ۋىسالىڭ ئارزۇسى مەڭگۈ يېگانە قىبلىگاھىمدۇر.

رەقىبلەر مېنى بەنت ئەيلەپ، كۆرەلمەپ سالسىمۇ غەۋغا،
ھىجىر دەشتىدە مەجنۇندەك بېشىمغا چۈشسىمۇ سەۋدا،
ئەقىدەمنى چېكىپ باردى، پۇشايمان قىلمىدىم ئەسلا؛
مالامەت، تەنە-تۆھمەتتىن، رەقىبتىن قىلمىدىم پەرۋا،
دىلىمغا ئورنىغان ئىشقىڭ نىجادكار باشپاناھىمدۇر.

سېنىڭ ئىشقىڭ ئاتا قىلغاچ ماڭا ھەر چاغدا كۈچ-قۇۋۋەت،
ۋىسالىڭنى خىيال قىلسام سېزەر كۆڭلۈم پەخىر، ھۆرمەت،
سېنىڭ چىمەنىم توپاڭمۇ مەن ئۈچۈن زەر-بىباھا قىممەت؛
سېنى ئويلاش بىلەن كۆڭلۈم تاپۇر ھەر جايدا مىڭ لەززەت،
خىيالىڭ كۈندۈزى ئاپتاپ، كېچىلەر كۆكتە ماھىمدۇر.

مېنىڭ جان ھەمدە تەن مۈلكۈم پۈتۈنلەي ساڭىلا تەۋە،
سېنى تەرك ئەيلـەـەم بولمامدىمەن ئاسىي، دېۋەڭ تەلۋە،
تۇغۇلدۇم سەندە، ئۆلگەندە ياتارمەن يەنىلا سەندە،
ئەگەر رەشىك ئەيلـەـە مەيلى ئەرەب يۇرتىدىكى كەئبە،
مۇشۇ تۇپراق – ئانا تۇپراق مۇقەددەس سەجدىگاھىمدۇر.

ئانا يۇرتۇم – ئۇلۇغ كەئبەم، ساڭا باش ئۇرغىنىم بەرھەق،
سېنىڭ قانداق ئىشىڭ بولسا تۇرارمەن ھەر قاچاندا تەق،
بالاڭمەن، مەڭگۈ قەرزدارمەن ساڭا، زىممەمدە كۆپ قەرز-ھەق،
كۆڭۈل مۈلكۈمدە جاي يوقتۇر سېنىڭدىن ئۆزگىگە مۇتلەق،
قەسەمىيادىم ئۈچۈن مىسكىن، مېنىڭ ئۆلمەس گۇۋاھىمدۇر.

## ياخشى

كىشىگە مېھرى ئوت-ئاتەش ۋەتەندەك ئۆز ئانا ياخشى،
ۋەتەنسىز كاتتا بايلىقتىن ۋەتەن ئەجرى-جاپا ياخشى،
گادايى بول، ياكى سۇلتان بول، ئانا يۇرت-باشپاناھ ياخشى،
تىرىكتاپ قارغا-قۇزغۇنغا جاھانسازلىق ھاۋا ياخشى،
سەھەر گۈلشەندە بۇلبۇلغا ياقا يىرتىپ ناۋا ياخشى.

ھايات بولماس ھامان تەكشى، سىنار ھەر دەمدە ئاي، يىللار،
بېشىغا كەلسىمۇ كۈلپەت چىدار مەردانە ئاقىللار،
لېكىن، بەزى مۇناپىقلار چىدىماي ئېلىنى تىللار؛
كېرەكمەس يالتىراق شۆھرەت بىلەن مەستانە غاپىللار،
ۋەتەننىڭ دەردىگە دەرمان جاپاكەش ئاشنا ياخشى.

مۇناپىق بولسىمۇ گەرچە ئىگە دۇنياغا، ئالتۇنغا،
ھامان يوق ياخشىلىق ئۇنداق ۋەتەن ئاسىيسى-مەلئۇنغا،
مۇساپىرلىق چۆلى ئىچرە بولار يەم قارغا-قۇزغۇنغا؛

تېگىشمەس جەندىنى ئاشىق ياقاسى زەر تاۋار تونغا،
كى دىلبەر ۋەسلىدە سەرسان قەلەندەرگە كۆلاھ ياخشى.


ياشايمەن ئۆز ئېلىمدە پاك، تېپىپ نان تەر ۋە مېھنەتتىن،
جاپا تارتساممۇ يۇرتۇمدا بىلەرمەن ياخشى راھەتتىن؛
دىلغۇلسىزلا ۋاز كەچتىم شۇڭا بىر نەچچە پۇرسەتتىن،
قەسەمبىللا، تەمەيىم يوق بەھەيۋەت قەسرى زىننەتتىن،
پېشانەم تەرىدىن پۈتكەن بى مىننەت بورىيا ياخشى.

ۋەتەن يادى، ۋەتەن ئىشقى ماڭا ھەر چاغدا قىممەتتۇر،
ۋەتەننىڭ ئانىلىق مېھرى ماڭا ھەر جايدا قۇۋۋەتتۇر،
ۋەتەننىڭ قوينىدا ياتماق ماڭا شاھانە شۆھرەتتۇر؛
مېنىڭ تاجسىز ساياق باشىم ئۆزۈمگە تاجۇ دۆلەتتۇر،
ئەركسىز پادىشاھلىقتىن جاھانكەشتى گادا ياخشى.

ۋەتەننىڭ سۇلىرى كەۋسەر، ۋەتەننىڭ تاغلىرى ھەيۋەت،
ۋەتەننىڭ بايلىقى كۆپتۇر، ۋەتەننىڭ تۇپرىقى مۇنبەت،
ۋەتەننىڭ ھەر گىياھىمۇ بېغىشلار كىشىگە لەززەت؛
نەھاجەت جەننەتۇل مەئۋا، ۋەتەننىڭ قوينى بىر جەننەت،
بېلىق دەريادا ئەركىندۇر، لاچىنغا كەڭ ساما ياخشى.

ۋەتەن، خەلق كۆيلىنەر دائىم دىلىمنىڭ رىشتى-تارىدا،
ئۇنى سۆيمەك مۇقەددەستۇر مېنىڭ ئەھدى-قارارىمدا؛
ۋاپات بولساممۇ ياد ئەيلەپ ياتارمەن گۆر-مازارىمدا؛
مالامەت يەتسىمۇ بەزەن دىلىمغا ئۆز دىيارىمدا،
بوسۇقتىن داجىماس ئىتتەك ماڭا ئەھدۇ-ۋاپا ياخشى.

www.uyghurkitap.com



ئالىمجان رەجەپ

# پاپاۋاندىكى دىلغادام يول

(ئەدەبىي ئاخبارات)

## داۋاندىكى ئۇچرىشىش

كۆز ئالدىمدا يولچىن دالىسى سوزۇلۇپ ياتىدۇ. دالىنىڭ جەنۇبىدا كەچكى شەپەق قوينىغا چۆمگەن تاغ چوققىلىرى قىزىل شەمشەردەك يالتىرايدۇ. تاغ باغرىدىكى بوز زېمىن، سېرىق تۆپىلىكلەر، قات-قات جىرالار شەپەق قوينىغا غەرق بولۇپ، گۈگۈم ئالدىدىكى كۆكۈچ تۇرمانغا ئوخشاپ قالغانىدى. بىز ئولتۇرغان ماشرەڭ جىپ ماشىنا شىمالغا توپچا داۋىنىغا قاراپ ئۆرلىمەكتە ئىدى. شۇ تاپ ماشىنا تىكلەپ، ئېگىزلىگەنسېرى داۋانمۇ ئوخشاشلا ئېگىزلەۋاتقاندەك كىشىنى بىئارام ئىلىق، ئىزتىراپلىق خىيال چىرمىۋالاتتى. ئالدىمغا قاراۋېرىپ كۆزۈم تالدى. ماشىنا كۆزنىكىدىن جەنۇبقا، بىز بېسىپ ئۆتكەتكەن دالىغا نەزەر سالدىم، شۇ تاپ گۈگۈم قوينىغا پېتىۋاتقان يولچىن دالىسى ئۇن-تىنسىز ھالدا مەندىن يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. ھەممە نەرسە، تاغ باغرىدىكى جىرالىقلار، ئويمان-تۆپىلىكلەر، ئادەمزاتسىز جەزىرە تاغلار بىلەن قوچاقلىشىپ ئۇيۇق قوينىغا سىڭىپ كىرمەكتە ئىدى.

يولچىن دالىسى، يولچىن دەرياسى، قوم دۆۋىلىرىدىن ھاسىل بولغان تېقىرلىقلار، يېشىل يوپۇرماقتەك چاقناپ تۇرىدىغان مەھەللە، ئۆتەڭلەر، قەدىمكى چىغىر يوللار، دەرەخلەر بارغانسېرى يىراقلاپ، يېنىك چايقىلىپ تۇرغان دېڭىزنى ئەسلىتەتتى.

ماشىنا گۈرۈلدەپ ئالغا سىلى

جىماقتا، تەبىئەتنىڭ ئۆگزىسى ھېسابلىنىدىغان توپچا داۋىنىدا قارامالارچە ئىلگىرىلىمەكتە. مۇساپە ئاخىرقى نۇقتىغا يېقىنلاشقانسېرى يوللار تارلىشىپ، توقايلار، ئەگمىلەر كۆپىيىۋاتقاندەك، قىيالار، ھاڭلار قىستاپ كېلىۋاتقاندەك كىشىنى سۈر باساتتى. تۈرمەل- تۈرمەل قۇملۇقلارنى، ئېدىرلىقلارنى، داۋانلارنى، توپىلىق قايناملارنى بىخەتەر ھالدا ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئاقار يۇلتۇزدەك ئىلگىرىلەۋاتقان ماشىنا شۇ تاپتا داۋان ئۈستىگە بار كۈچى بىلەن يېپىشاتتى. ماتوردىن قىزىق ھارارەت ئۇرسىمۇ، گەۋدىسى تىترەپ، چايقىلىپ تۇرسىمۇ، توختاۋسىز ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. بىز قىيا ئاستى، ھاڭلارنىڭ قىرلىرىدىن ئۆتۈپ، تالاي ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇپ، قېنىنى ئاقتۇرغان، تالاي ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن خەتەرلىك ئايلانما - توختىقوندى داۋىنىغا كېلىشىمىزگە، ماشىنا سۈرئىتى بىردىنلا ئاستىلاپ توختىدى. ماشىنىدىن چۈشۈپ كۆرگىنىم يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەيكەلدەك تۇرغان شۇ ئادەم بولدى.

كۆزۈم ئۇنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشقاندا قەلبىم يەنە بىر قېتىم لەرزىگە كەلدى. يۈرىكىمنىڭ گۈپۈلدەشلىرى قۇلىقىمغا تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلاندى. پۇتلىرىم ئېغىرلىشىپ، گويا قىزىق ماي ئاستىغا پېتىۋاتقاندەك ھودۇقۇش ئىچىدە قالدىم. ئالدىمدا تۇرغىنى - كۆزلىرىدىن بىر خىل قەتئىيلىك، غەزەپلىنىش ئىپادىسى چىقىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز، ئۆتكۈر كۆيۈپ، قارىداپ كەتكەن، زاڭاقلىرى تارتىلىپ، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، بەستى ئورۇقلاپ، ئېگىزلەپ قالغان يادلا بىر سىمائىدى. ئۇ توختىقوندى داۋىنىنىڭ ئەجەللىك يېرى - داۋان قولتۇقتا، بىر تەرىپى ھاڭ، بىر تەرىپى قىيا بىلەن قورشالغان ئايلانمىنىڭ قاپ بېلىدە تىك تۇراتتى، گەۋدىسى تاشقا ئايلانغاندەك، بىر نۇقتىغا قادىلىپ تۇراتتى. ئەنە شۇنداق تىمتاسلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم. بىز دائىم بىر چېدىردا يېتىپ-قوپۇپ بىر نۇقتىدا، بىر ئىشخانىدا بىللە ئىشلەپ يۈرگەن خىزمەتداشلاردەك ئۈن-تىنسىزلا قول ئېلىشتۇق. ئۆزايىدىن پۇرۇقلاپ تۇرغان مايىنىڭ ھىدى كېلىدىغان بۇ ئادەمدە تەكەللۇپ تۇيغۇسى بولمىسا كېرەك، مۇئامىلىسى سالقىن بىلىندى، بەلكىم مۇشۇنداق جايدا، مۇشۇنداق پۇرسەتتە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىم - مېنىڭ سەۋەنلىكىم، تونجى قەدەمنى خاتا بېسىپ قالغانلىقىم بولسا كېرەك.

ھىم،- دېدىم ئۆز-ئۆزۈمگە، -يولداش مۇخبىر، ئىشىڭ پۈتتى. سەن زىيارەت قىلماقچى بولغان، داڭقى ناھىيىگە پۈركەتكەن قەھرىمانىڭ مۇشۇ بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن ھېچنېمە چىقىرالمايسەن، قار-مۇز قاپلىغان شىمالىي قۇتۇپنىڭ ئۆزىلىغۇ بۇ!...

ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئەلپازى يامان ئىدى. غەزىپى بېسىۋاللىمىغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك ئىدى. چىشلىرىنىڭ دەممۇ دەم غۇچۇرلاشلىرىدىن، نېمىگىدۇر زەردىسى قايناۋاتقانلىقى ئېنىق، شۇنداقلا تېگىپ قويسا پارتلايدىغان بومبىدەك بىر خىل ھالەتتە تۇراتتى. ھىم، باشقىلارنىڭ ئۇنى سۆيەتلەپ بېرىشلىرى قۇرۇق گەپ ئىكەن، قېنى ئۇنىڭدىكى كىچىك پېئىللىق، رايىشلىق، سادىلىق، قېنى ئۇنىڭدىكى تەبىئىي ھالەت، تەبىئىي سەزگۈ!

لېكىن كىمگە، نېمە سەۋەبتىن شۇنچىلىك غەزەپلىنىدۇ؟ بىزەڭ چۈشىنىدەك ۋاقتىسىز پەيدا بولۇپ قالغان مەندەك مۇخبىرچاققىمۇ ياكى قاراماي ئۈستىگە شېغىل چېچىۋاتقان مۇنۇ دېھقانلارغىمۇ ۋە ياكى يول بويىدىكى جىپ ماشىنىدا قۇرتتەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان شوپۇرغىمۇ؟

ئۇ تىك تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com



كەينىگە تۇتۇپ تۇرغان بارماقلىرى، بىلەكلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەيتتى. كۆزلىرى يىراققا پەقەت ئۆزىلا ھېس قىلىدىغان، باشقىلارغا سىر تۇيۇلىدىغان يىراق بىر نۇقتىغا مىقتەك قادالغانىدى. گويا گۇگۇم پەردىسى ئىچىدىن ئۇ ئىزدىگەن بىراۋ نامايان بولىدىغاندەك، قارىيىپ تۇرغان تاغلارغا تىكىلگەنىدى.

مەن ئۆز-ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشقا ياكى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە مۇۋاپىق سۆز تاپالماي، تىت-تىت بولۇپ تۇرغۇنۇمدا، ئارىدىكى جىمجىتلىقنى ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بۇزدى:

— بىز ئۆزىمىزگىلا ئەمەس، خەلققە مەسئۇل بولۇشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ بىردەملىك راھەت-پاراغىتىنى دەپ ئەۋلادلارغا ئاپەت قالدۇرماسلىقىمىز كېرەك.

توغان ئاخىرى تېشىپ توختىدى، بوران گۈركىرەپ پەسكويىغا چۈشتى. ئۇنىڭ تېشىشى، گۈركىرىشىمۇ پەقەت شۇ سۆزلا بولدى. مېنىڭ بۇ جايغا كېلىپ تۇنجى ئاڭلىغىنىم ئۇنىڭ ئاشۇ سۆزى بولدى.

ئۇ يەنىلا بايىقى تىمتاسلىقنى داۋام قىلاتتى. دەل شۇ چاغدا يول بويىدىكى جىپنىڭ ئىچىدىن نامەلۇم بىر ئايالنىڭ يىغىسى ئاڭلاندى. بۇ يىغا دەسلەپ پەس باشلىنىپ، بارا-بارا جىلغا ئىچىنى بىر ئالدى.

لېكىن ئۇ شۇ ھالەتتە تىمتاس تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن كۆرە، ئۇنىڭ بايىقى سۆزلىرىگە ئويلىنىپ قالدىم، گويا كەسكىن خىتابقا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ جۈملىلەر قىسقا، ئىخچام بولغىنى بىلەن، مەزمۇن سالمىقى خېلىلا ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭدا ئاچچىقمۇ، تەنىمۇ، ھاقارەتمۇ يوق. بىراۋنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىش ئويى تېخىمۇ يوق، پەقەت ئىنسان ئۆز قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىلا بار ئىدى. ئۇنىڭدا، شەخسىي تۇرمۇشقا، ئېتىقادقا، روھىي دۇنياغا بۆسۈپ كىرىپ، باشقىلارغا زەردە قىلىش ئەمەس، ئومۇمىيلىققا قاراش، ئازسانلىقنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە كۆپ سانلىق ئۈچۈن بەخت يارىتىش، كېيىنكىلەرگە پارلاق، داغدام، گۈزەل ئەتە قالدۇرۇش تۇيغۇسىلا بار ئىدى. ئۇنىڭدا يەنە غەزەپ-نەپرەت بىلەن سۇغۇرۇلغان سەممىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، يىراقنى كۆرەرلىك تۇيغۇسى بار ئىدى. ئۇنىڭدا يەنە، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئاسراش ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

بۇنى ئۆز - ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈش ھېسسىياتى دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ بىزدە بەزى باشلىقلارمۇ باركى، ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈش زۆرۈر تېپىلغاندا، زىمىستان قىشتا ئەگىزدەك ئاقالايدۇ، ئىللىق باھاردا مۇزدەك قاتالايدۇ. تامدا ئۆسكەن ئوتتەك سىلىق، سايلام ھارپىسىدىكى نۇتۇقتەك جەزبىدار قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەممىنى قوللايدۇ، ھەممىنى ماختايدۇ، ھەممىگە يول كۆرسىتىدۇ، ئۆزى خالىغان-خالىمىغان ھەتتا ئۆلگۈدەك ئۆچ كۆرىدىغان «چۈپرەندە»لەرگە باشپاناھ بولۇپ، «يولۋاسنى ساغرىسىدىن سىلىغان» باتۇرغا ئۆزگىرىدۇ. يەنە بەزىلىرى، بەئەينى تۆمۈر تۇمشۇققا ئوخشايدۇ، ئالدىدىن - كەينىدىن، ئوڭدىن-سولدىن، ئاستىدىن - ئۈستىدىن كەلگەننىڭ ھەممىسىنى كوچىلايدۇ، سەلبىي تەرەپنى، كەمچىلىك، ئوڭۇشسىزلىقلارنى كوچىلاپ يايىدۇ، شۇبھىسىزكى، ئالدىدىكىلەرمۇ، كەينىدىكىلەرمۇ بىر ئالمىغا چۈشكەن ئىككى خىل قۇرت، ھامان بىر كۈنى ئاشۇ ئالمىنى ھەتتا بىر تۈپ ئالمىنى قۇرۇتۇپ تاشلايدۇ، خالاس.

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، مەن كۆزىتىۋاتقان بۇ ئادەم بۇ خىل ھېس-تۇيغۇ، خاراكتېر — ئىللەتلەردىن تولىمۇ يىراقتا، ئۇلار بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا غايەت بىر بوشلۇقنىڭ تۇرغانلىقىنى، بۇ بوشلۇققا پايانسىز چۆللەرنى، تاغ-دەشتلەرنى، يايلاق-كۆللەرنى سىغدۇرۇش مۇمكىن ئىدى، بۇ بوشلۇققا يەنە تارىخنىڭ

نەچچە مىلڭ يىللىق ئۆزۈن ئۆتمۈشىنى، تۈرلۈك-تۈمەن زىددىيەتلەر بىلەن تولغان كىشىلىك مۇناسىۋەت جەريانىنى، تۈرلۈك-تۈمەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ شانلىق سىماسىنى سىڭدۈرۈش مۇمكىن ئىدى.

ئۇنداقتا، ئۇنىڭ غەزەپلىنىشى، زەردە قىلىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئۇنىڭدا غەزەپ-نەپرەت بار. ئۇنىڭدا يەنە باشقىلارغا غەزەپلىنىش يولى بىلەن خەيرىخاھلىق، قولداشلىق قىلىش تۇيغۇسى بار. بۇمۇ گويا دەرەخ شاخلىرىنى ئەگكەن قېلىن قىراۋنىڭ مېۋىلەرگە بېرىدىغان تەسىرى بىلەن ئوخشاشلا بىر ئىش.

ئايالنىڭ يىغىسى - ئەتراپتىكى ھەممە كىشىنى جەلپ قىلغىنىغا ئوخشاش ھەممىگە قىلىنى قىرىق يارىدىغان كۆزىتىش ئېڭى بىلەن قاراپ تۇرغان مېنىمۇ ئۆزىگە تارتتى.

مەن ماشىنا كۆزنىكىدىن ئۆزۈن ئورۇندۇقتا دۈم يېتىۋېلىپ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان ئايالغا قارىدىم. ئۇنىڭ يىغىسى بارغانسېرى تاشقىنلاپ كىشىنى ئازابلايتتى. تەسەللىگە، غەمخورلۇققا ئېرىشەلمىگەن بۇنداق يىغا قىيا ئۈستىدىن ئېتىلىپ چۈشكەن شارقىراتما سۈيىدەك توختاۋسىز، شاۋقۇنلۇق ئىدى.

كىم، قايسى كۈچ ئۇنى بۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدىكىن؟! بىرى يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا شەپكىسىنى كەينىگە تۇتقان، كۆزلىرى يىراقلارغا تىكىلگەن ھالدا ئۈن-تىنسىز تۇراتتى. يەنە بىرى ئىچ-ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان پىغانلىرىنى كۆز يېشى، مۇڭلۇق-ئاۋازى بىلەن ئىپادە قىلىدۇ. يەنە بىراۋلار ھەيرانۇ ھەس، تىمتاسلىق بىلەن يىغا ئارىسىدا قايمۇقۇپ تۇرىدۇ؟!

- ئۇ ئايال كىم، نېمىگە شۇنچە يىغلايدۇ؟!

بۇ كاللامدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بىردىنبىر سوراق ئىدى. بىراق ھېچكىم ماڭا يېشىپ بەرمىدى. شوپۇر ئابدۇللامۇ، ماشىنىدا ھېلىقى ئايال بىلەن بىللە كەلگەن ناتونۇش كىشىلەرمۇ ماڭا ئەجەپلىنىپ قاراپ قويىدى. بولۇپمۇ ماڭا تونۇش، يېقىن دوست بولغان ئابدۇللانىڭ كۆزۈمگە قاراپ لام-جىم دېمەي تۆرۈۋېلىشى جېنىمغا تەگدى. مەن ماشىنا ئەينىكىگە يېقىن كېلىپ ئايالغا نەزەر سالدىم. ۋاھ، بۇ تېخىنىك ئايالغۇ؟ ئايالار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان بۇ چۆل بۇركۈتىگە نېمە ھالاقەت يەتتىكىن؟ ئائىلىسى بىرەر پالاكەتكە يولۇققاندىمۇ ياكى ئاتا-ئانىسىنى، باللىرىنى سېغىنىپ يىغلاۋاتامدىغاندۇ؟

مەن ئۇنىڭ نامىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان، ھەتتا ئۇ توغرىلىق يېزىلغان ئوچېركىنىمۇ قايتا-قايتا ئوقۇغانىدىم. ئۇنىڭ نامرات رايون خەلقى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى كۆڭلۈمدە ھۆرمەت تۇيغۇسى ئويغاتقان، ئېپى كەلسە ئۇنى يولۇقتۇرسام، زىيارەت قىلىپ چوڭراق بىر نەرسە يازسام دەپ يۈرەتتىم. مانا بۈگۈن يىغلاڭغۇ ئايالنىڭ شۇ بولۇپ چىقىشى مېنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇردى.

ئادەتتە ئۇ خۇش چاقچاق، ئوچۇق ئايال بولۇپ، تاغ رايونىنىڭ يول قۇرۇلۇشى باشلانغان بىر نەچچە ئايدىن بېرى ئۇنىڭ كۆن-تۈنى مۇشۇ ئالۋاستى ئۆۋسىدا، قاقىر چۆللۈكتە، ئويمان-قىرلار ئارىسىدا ئۆتكەنىدى. دەشت-تومۇزنىڭ قىزىق ھارارىتى، يامغۇر-يېشىننىڭ ئازابى، بوران-قۇيۇنلارنىڭ دەممۇ دەم ھۇشقۇرتۇشلىرى، ئۇسسۇزلۇق، ھارغىنلىق قاپلىغان قاراڭغۇ كېچىلەر ئۇنى قىينالمىدى. يولدىن بەزدۇرمىدى. ئىللىق، كۆڭۈللۈك ئائىلە تۇرمۇشى، ئانا-بالا، ئەر-خوتۇنلۇق ھايات ئۇنىڭغا سېغىنىش، تەلپۈنۈش تۇيغۇسىدىن بۆلەك، مىسكىنلىك، بەختسىزلىك ئېلىپ كېلەلمىدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى، خاتىرجەملىكىمۇ چۆلدىكى بورانلىق چۆلدە قالدى. ئۇنىڭ ھاياتى، تەقدىرى باغۇبوستانلىقلارنى ئايرىپ تۇرغان

www.uyghurkitap.com



مۇشۇ دەشت-قىيامەت بىلەن ئېلىشىۋاتقان سىڭلىغان دېھقانلارغا، ئۇلارنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىك تەقدىرىگە باغلىنىپ قالدى، ئىشۇنىڭ رىزقى، نېسىۋىسى مۇشۇ چۆل باياۋانغا، تاغ-داۋانلارغا، جىرالقىلارغا چېچىۋېتىلگەندەك بارلىقىنى چۆلگە بېغىشلىدى. ئايال يەنە كېلىپ ئەلىمساقتىن بۇيان تارىخ تەرىپىدىن كەمسىتىلىپ كەلگەن بىر ئاجىزە ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك بۇنداق روھنى قانچە يازسىمۇ يېزىپ تۈگەتكىلى، زامان-زامانلارغىچە ناخشا قىلىپ ئېيتسىمۇ ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. ئەپسۇس، جاپالىق كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە، ئۇنى يىغلاشقا، خورلۇق ھېس قىلدۇرۇشقا قادىر بولالىغان زادى قانداق كۈچكىن؟ قايسى ئىسلاھەتنىڭ قورقۇنچلۇق ۋەھىمىسىكىن؟ قايسى تەقدىرنىڭ شۇم كۆلەڭگىسىكىن؟

- بۇ ياقتا ئۆت ئاغىنە! - ئابدۇللا مەندىن نارازى بولۇپ، يېنىغا چاقىردى.- خەق يىغلاۋاتسا تاماشا كۆرگۈنۈڭ نېمىسى؟

بىز ماشىنا توختىغان جايدىن يۇقىرىغا ئۆرلەپ كىچىك بىر قىيانىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇۋۇق. بۇ يەردە ھەممە نەرسىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. تىك تۇرۇپ خىيالغا پاتقان مۇدىرنىمۇ، ماشىنا ئىچىدە يىغلاپ ئولتۇرغان تېخنىك ئايالنىمۇ ۋە يولدا ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنىمۇ كۆرۈپ ئولتۇراتتۇق.

- ھېلىمۇ ياخشى، ئۇنىڭدىن سوراپ قالمىدىڭ،- دېدى ئۇ ماڭا پىچىرلاپ.

- كىمدىن؟

- مۇدىردىن!

- نېمىشقا مۇدىردىن سورىغۇدەكمەن، يا يىغلاۋاتقىنى مۇدىر بولمىسا.

- ھىم، مۇدىرنى يىغلىمىدى دەمسەن؟ ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش چىقمىغىنى بىلەن يۈرىكى يىغلايدۇ.

- بۇ گەپچە ئۇلار ئىككىسى. . .

- ھەي ئاداش، گەپنى نەگە ئېلىپ كېتىۋاتىسەن، قارا، مۇدىرنىڭ تۇرقىغا، ئۇنىڭغا ماشىنا ھەيدىگىلى ئۇزۇن يىللار بوپتۇ، بۇنچىلىك ئاچچىقلانغىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم، دەسلەپ ماشىنىدىن چۈشۈپلا پۈتۈن بەدىنى تىترەپ، قوللىرى قولاشمىدى، يۈك-تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كېتىشكە تەييارلىنىۋاتقان ئاۋۇ تېخنىكنى كۆرۈپ، ئاغزى گەپكە كەلمىدى. پەقەت يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ، يەرگە ئىككى-ئۈچنى تەپتى! خۇددى كېسىلى تۇتۇۋاتقان ئادەمدەك نەچچە قېتىم ئۆكۈپ يەنە ئەسلىگە قايتتى. كېيىن مەن ئېيتى ئەپكىلىش ئۈچۈن قوماندانلىق شتابىغا كەتتىم. قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالنى ئۆزۈڭ كۆردۈڭ.

- شۇنچىۋالا چېچىلغۇدەك نېمە ئىش يۈز بەرگەندۇ؟

- ھەي، نېمە ئىش يۈز بېرەتتى ئاداش، يەنە شۇ يول، ئۆلچەمگە يەتمىگەن ئاۋۇ ئايالنىڭ ئىشى بولمامدۇ. قارا، مۇدىر دەسسەپ تۇرغان ئەگمىنى كۆردۈڭمۇ؟ شۇنىڭغا تىتىلدايدۇ.

- قايسى جەھەتتىن ئۆلچەمسىز دەيسەن؟

ئابدۇللا بۇ سوئالىمغا ئالدىرىماي جاۋاب بەردى:

- ئەسلى پىلاندا، بۇ توختىغۇندى داۋىنى قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىش ئېھتىمالى ئەڭ كۆپ بولىدىغان

1-دەرىجىلىك قولتۇق ھېسابلىنىپ، ئايلانمىسى ئىمكان قەدەر ستېرېئولۇق ئۆلچەم بويىچە ئىشلەش بېكىتىلگەن. قوماندانلىق شتابىمۇ يول قۇرۇلۇشىنى ئىشلەش داۋامىدا، ئىككى كەنتنىڭ ئادىمىنى مەخسۇس بۇ جايغا سېلىپ نۇرغۇن ئادەم، ماشىنا كۈچى سەرپ قىلغانىدى، لېكىن ئۆلچەمگە يەتمىدى دەپ قارىلىپ، ئىككىنچى قېتىم يەنە نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى ئاجرىتىپ ئۇن نەچچە كۈنلەپ ئىشلىگەنىدى. خەتەرلىك ئويمانلار تىندۇرۇلۇپ، قىيا-تۈپىلىكلەر بىر نەچچە مېتىر پەسلىتىلدى. سىيرىلما قۇمنىڭ، يامغۇر سۈيىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇداپىئە تۇسمىلىرى، مۇداپىئە ئېرىقلىرى ئېلىنىدى، بۇ جەريانىدا، نەچچە يۈزلىگەن كەتمەننىڭ سېپى سۇندى، نەچچە يۈزلىگەن ئادەمنىڭ ئالقىنى تېشىلدى. نەچچە قېتىم بوران، قار، يامغۇر ئاستىدا ئىشلەشكە توغرا كەلدى. دېمىسىمۇ بۇ ئابلانما ناھايىتى خەتەرلىك جاي...

- بۇ يەرنى نېمە دەپ توختىقوندى داۋىنى دەيدۇ؟

ئابدۇللا ماڭا لەپپىدە بىرقارىدى - يۇ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

- بۇ ئىسىمنىڭ تارىخى بار، بۇ 60-يىللاردا قويۇلغان نام، ئۇ يىللىرى مەتتوختى ئىسىملىك بىر يىگىت ئۆلۈغسايدىن چاقارغا يۈك توشۇش داۋامىدا دائىم مۇشۇ داۋاندا قونۇپ قالىدىكەن. ھارۋىغا قوشۇلغان ئاتلىرى تازا يارامىلىق، كۈچلۈك بولمىغانلىقتىن، بىللە كەلگەن ھەمراھلىرى بىر كېچە قونۇپ داۋاندىن چىقىپ كەتسە، ئۇ ئىككى-ئۈچ كېچە قونۇپ ئاندىن چىقالايدىكەن. بىر كېچىسى مەتتوختى دەل مۇشۇ قولتۇقتا يامغۇردا قاپتۇ، دەسلەپ يۈك، تېرىلەرنى ھارۋىغا تەكشى تىزىپ، ئۆزى ئوزۇق-تۈلۈكلىرىنى ئېلىپ ھارۋا تېگىگە كىرىۋاپتۇ، يېرىم كېچە بولغاندا، يامغۇر مۆلدۈرگە ئايلىنىپ، ھارۋىدىنمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇ يوسۇندا بىر نەچچە سائەتلەپ يېتىپ، ئاخىرى تولغاپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن داۋاندىن ئۆتكەن بىر نەچچە ھارۋىكەش ئۇنىڭ ھارۋا ئاستىدا تىترەپ، كۆكىرىپ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ داۋانغا توختى قوندى داۋىنى دەپ نام قويۇلۇپتۇ...

ئەمدى ئۆز كۆزىمىزگە كېلەيلى، - دېدى ئابدۇللا مېنىڭ قايىل بولغىنىمنى كۆرۈپ، - بۇ قېتىم قوماندانلىق شتاب توختىقوندى داۋىنىدىكى ئەگمىنى تولۇق ئۆلچەملەشتۈرۈشكە ئىككى كەنت دېھقانلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان، مۇدىر كېچە-كۈندۈز مۇشۇلار بىلەن بىللە بولۇپ، ئەگمىگە ئىشلەش جېڭىغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. يېقىن ئەتراپتا قۇم، بوزلاقتىن بۆلەك گىياھ بولمىغان بۇ چۆلدە، دېھقانلار بىر نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاشلىقتىن، بىر نەچچە يۈز مېتىر ئېگىزلىكتىكى داۋانلاردىن شېغىل تاسقاپ يۆدۈپ كېلىشتى. مۇدىرمۇ تاماق، ئويقۇنى تاشلاپ، ئىش تۈپىسىدە تۇردى، شېغىل تاسقاش، يۆتكەش، يېيىتىش، تەكشىلەشتە تەلەپنى چىڭ قويدى، ۋەزىپە ئۆلچەمگە يەتمىسە، ئۆزىمۇ، دادىي كادىرلىرىمۇ، دېھقانلارمۇ قايتماي، كېچىلىرى ئىشلىدى. بىراق، تونۇگۈن ناھىيىدە قوماندانلىق شتابىنىڭ جىددىي يىغىنى بولۇپ قېلىپ مۇدىر ناھىيىگە كەتكەنىدى. ئەتىگەن مۇدىر يولدا كېلىۋېتىپمۇ مۇشۇ ئەگمىگە ماي ياتقۇزۇشتىن ئەنسىرىگەنىدى. لېكىن ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى.

تونۇگۈن ئاخشام بۇ تېخنىك ئاچچىمىز قايىتىشقا ئالدىراپ ئىشنى خام قىلىپ قويۇپتۇ. پىلاندا ئايلانما كەڭلىكى %180 پىلانلانغان ماي يولمۇ شۇ بويىچە ئىشلەنگەن بولسىمۇ، ماي ياتقۇزغاندا ئەگمىنىڭ گرادۇسى %20 تارايتىۋېتىلگەن. كەڭلىك بىلەن يانتولۇق ئۆلچەمدىن يىراقلاپ كەتكەن. ئۇنى ئاز دەپ ئۆزى باشلاپ كەلگەن ماي ياتقۇزۇش خادىملىرى بىلەن ماشىنا ئوسكۇنىلىرىنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىم ناھىيە ئۆزى سېتىۋالغان ماي سومۇرگۇچ تۇرۇبىنى ئۆز مەيلىچە ئېلىپ كەتكەن. ئەمدى ماي ماشىنىسى بولغان بىلەن، تۇرۇبا يوق. ئۇچاقتا ئىككى توننا ماي بىكارغا قايناپ تۇرماقتا......

دەل شۇ چاغدا، داۋان تەرەپتىن پاتپاراقچىلىق كۆتۈرۈلدى، بىر يۈپۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئادەمگە قارىدۇق. ئادەملەر توپىنىڭ ئارىسىدا تېخنىك ئايال قول سومكىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. بىر نەچچە دېھقان ئايال ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى، يالۋۇراتتى. تېخنىك ئايال بولسا يالۋۇرۇش، تۇتۇپ قېلىشلارنى رەت قىلىپ، بىز تۇرغان قىيا يېنىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇرقى شۇ قەدەر بىچارە بولسىمۇ، ئەلپازىدىن كەسكىنلىكى، قەتئىيلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. بىز ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئەمدىلا ئېغىز ئاچايلى دەۋاتقىنىمىزدا، مۇدىرنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازى پۈتكۈل جىلغىنى تىترىتىۋەتتى:

– قويۇۋېتىڭلار، كەتسە كېتىۋەرسۇن، يىغلىسا، يىغلاۋەرسۇن، ئۇ يىغلىسا پەقەت ئۆزى ئۈچۈن يىغلايدۇ، بىردەملىك قايغۇ، قورساق كۆپۈكى، پۇشايمىنى ئۈچۈن يىغلايدۇ. لېكىن، ئۇ شۇنى ئويلىسۇنكى، ئۇ دەسسەپ تۇرغان مۇشۇ داۋاندا تارىختا كىملەر يىغلىمىغان، بۇ يەردە قانچىلىغان مەزمۇت ئەركەكلەر، بوۋايلارنىڭ، سەبىيلەرنىڭ كۆز يېشى سەل بولۇپ ئاقمىغان. قانچىلىغان ئات، ئېشەك، تۆگىلەرنىڭ ئۇستىخانلىرى قارغا-قوزغۇنلارغا يەم بولمىغان... ئۇنى قويۇۋېتىڭلار قانغۇدەك يىغلاپ، ئىچىنى بوشىتىۋالسۇن. كېتىمەن دېسە ئۆزىنىڭ شورى.

گۇگۇم قوينىدىكى پۈتكۈل جىلغا سېھىرلەندى. گويا تارىختىكى جىنايەتلىك ئۆتمۈشكە ئۆزلىرىنىڭ چېتىشلىقى بارلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ يەتكەندەك ھەممەياق جىمجىت تۇسكە كىردى.

تېخنىك ئايال توختىدى. ئۇ مېڭىشتىن، ئۇن سېلىپ يىغلاشتىن توختىدى. ئەمدىلا ئايىغى چىققان بىرسەبىي بوۋاق ئۇنىڭغا ئىنتىلىپ يىپپىشقاندەك، سان-ساناقسىز كولپەتلەرنىڭ دەھشىتى ئاستىدا مۆكچەيگەن ئاجىز بىر ئاتا، تالجىقىپ، يىقىلاي دەپ قالغان بىر ئانا، چەكسىز ئېدىرلىقلارغا ئوخشاش يول-يول قورۇق ئاستىغا چۆككەن جوپ-جوپ كۆزلەر ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراۋاتقاندەك، ئاياغلىرى يېڭىلا قاراماي ياتقۇزۇلغان ئىسسىق يول ئۈستىگە مىقلاندى. ئۇ قانچە قىلىپمۇ پۇتلىرىنى ئالدىغا يۆتكىيەلمىدى. غايىب بىر كۈچ، غايىب بىر روھ ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغانىدى. بەلكىم ئانا يەرنىڭ تارتىش كۈچى شۇ قەدەر چوڭ بولسا كېرەك، ئۇنىڭ بايىقى غەم ئەندىشىلىرى بارلىق قايغۇ-ھەسرىتى، ئىچ-ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان يىغىسىغا ئوخشاشلا بۇ يەردىن غايىب بولدى.

ئۇ چەكسىز خىياللار دۇنياسىدىن قايتىپ كەلدى، گۇگۇم ئىچىدە ئۆزىنى ئارقىغا تارتىپ تۇرغان بىر كۈچنى كۆرمەكچى بولغاندەك كەينىگە، مۇدىر تۇرغان داۋانغا قارىدى. مۇدىر ھېلىھەم ئاشۇ يولدا، مېيىپ بالىدەك سۇلغۇن كۆرۈنىدىغان ئۆلچەمسىز يول ئۈستىدە، شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، كەينىگە تۇتقان ھالدا تىك تۇراتتى، ئۇنىڭ ئىمتاسلىقتا چۆككەن قارىچۇقلىرى، يىراقتىكى تاغ چوققىلىرىغا، گۇگۇم قوينىدىكى كۆكۈچ قىرلارغا، سۇس تۇمان ئاستىغا پېتىۋاتقان يولچىن دالىسىغا تىكىلگەنىدى.

## چۆلدىكى ئالتۇن

باي بولاي دېسەڭ يول ياسا!

بۇ ئۇنىڭ قەلب ساداسى، ئاددىي ۋە سەمىمىي، مېھنەت سۆيەر سەھرا ئوغلىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھېكمەتلىك سادا ئىدى.

60-يىللىرى «بېيىش» ئۇقۇمىنىڭ ئورنىنى «قورساق تويغۇزۇش» ئىگىلىگەن ھايات-ماماتلىق مىنۇتلاردا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ زامانداشلىرى، قاتتىق سۆڭەك چىرا پۇقرالىرى بىلەن ئۆز ئارا تەقدىرداش، قولداش بولۇپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك چوڭ ئىشلارنى قىلغانىدى. كۆزنىڭ كىرپىكىدەك سانجىلىپلا تۇرىدىغان تەبىئىي ئاپەتلەر، كوز يامغۇرىدەك ئۈزۈلمەي كەلگەن سىياسىي ھەرىكەتلەر، ئىنقىلابلار قاينىمىدا گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ يۈرگەن ئاشۇ بىر توپ چىرىلىق- ئۆز تەقدىرى، ئەۋلادلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئاز بەدەل تۆلىمىدى، ئاچارچىلىق، قۇرغاقچىلىق، قەھەتچىلىك دەستىدىن نىمجان بولۇپ قالغان چىرا زېمىنىغا كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ھايات سۈيىنى باشلاپ كەلدى.

نۇرغۇن يامغۇرلۇق كېچىلەر، قار-شىۋىرغانلىق، ئاپتاپلىق كۈنلەر، كۆرمىڭ توسالغۇلار ئۇلارنىڭ ھايات شامىنى ئۆچۈرەلمىدى. بەخت ۋە كېلەچەككە بولغان ئىزدىنىشىنى يوق قىلىۋېتەلمىدى. ئۆز ماكانىغا، گۆھەر زېمىنىغا بولغان كۈچلۈك ئېتىقادىدىن ۋاز كەچتۈرەلمىدى.

كۇئېنلۇن تاغلىرى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقى ئارىسىدا يېيىلىپ ياتقان بۇ يۇرت ئۇيقۇدىن ئويغاندى. 30 يىل دەشت-باياۋاندا ئۆتكەن ئاشۇ يىللار نۇرغۇن ئادەملەرنى تاۋلاپ، ۋايىغا يەتكۈزدى. نۇرغۇن ئادەملەرنى خورىتىپ، تۈگەشتۈردى. نۇرغۇن چىرايلارغا يول-يول قورۇق ئىزلىرى سالدى. قارا ساقاللار ئاققا، تىزىق چىشلار شالاڭلاشقا، بەدەنلەر مۈكچىيىشكە، ھايات شامى غۇۋالىشىشقا يۈزلەندى. ئاشۇ 30 يىلدا بىر جان تۇغۇلۇپ ھاياتىنىڭ نەۋقىران چاغلىرىغا ئۇلاشتى. بۇ 30 يىل ئادەملەرگە بەخت بىلەن كۈلپەت، خۇشاللىق بىلەن قايغۇ، ئۈمىد بىلەن ئوڭۇشسىزلىقلارنى تەكرار-تەكرار سوۋغا قىلدى. تالاي كىشىلەرگە تەقدىرنىڭ بىھېساب ئويۇنلىرىنى كۆرسەتتى. بۇ 30 يىلدا، ئۆز ئەۋلادلىرى ئۈچۈن بەخت ئىزدىگۈچى بۇ بىر توپ ئادەملەر 80 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى دەشت-قىيامەتنىڭ باغرىنى يېرىپ، ئۆستەڭ قېزىپ، سۇ باشلاپ كېلىشتە ئاجايىپ مەردانىلىق كۆرسەتتى. 80-يىللاردا، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى- ئۆتمۈشنىڭ ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيىتىگە خاتىمە بېرىش جېڭىنى باشلىدى. تارىختىن بىرى قۇم-بوران ئالدىدا، ئاق ئەلەم چېقىرىپ، تىز پۈكۈپ كەلگەن تويۇق يول بۇزۇپ تاشلاندى. تەكلىماكانغا جەڭ ئېلان قىلىش، تەكلىماكان يۇتۇپ كەتكەن گۈزەل زېمىننى قايتۇرۇۋېلىش، سىرلىق بايلىقنى بېسىپ ياتقان قۇم ئەجدىھاسى بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىش تارىخنىڭ تەقەززاسى، ئەجدادلارنىڭ شۇنداقلا، ئەسىر ھالقىش ئالدىدىكى ئەۋلادلارنىڭ تەقەززاسى ئىدى.

ئۇلار كۈچلۈك تەبىئەت ئىلاھى، قۇم ئىلاھى، بوران ئىلاھى ئالدىدا بەلنى باغلىدى. چىرىنى، چىرىنىڭ كېلەچىكىنى، گۈزەل زېمىننى قوغداش ئۈچۈن ئېلىشىش، قۇملۇقلارنى يېرىپ، ئورمان بەلبېغى ھاسىل قىلىپ بوستانلىققا تاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقان قۇم ئەجدىھاسىنى سېھىرلىۋەتتى. ئۇنى بىر چامداممۇ ئىلگىرىلىيەلمەس قىلىپ قويدى.

ئۇنىڭ ئەجدادلىرى يەنە ھاشى دەرياسىدىن تاكى ئاقسايچىن ۋادىسىغىچە بولغان تاغ-ئىدىرلىقلاردا توققۇز چوڭ ئېقىننى تىزگىنلەپ، يۈگەنسىز كەلكۈن ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى يەنە پەرھاد

www.uyghurkitap.com

كەبى قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، ئۆيۈلتاشتەك چىكىپ كەتكەن قارا تۇپراقنى چىمدىپ ـ كۆلاپ 1107 مېتىر ئۆز ۋنلۇقتىكى تاغنى تېشىپ، ھايات ئۈچۈن جەددىي كېرەكلىك بولغان سۇنى يەر يۈزىگە ئېقىتتى. ئۆرلىرىنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسى، ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ، سۇسىز، قاغجىراپ ياتقان ئۆلۈك زېمىنغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى.

دېھقان ـ جاپاكەشلەرنىڭ شاھى، ئوڭۇشسىزلىقلارنى، مۇشكۇللەرنى ئاسان قىلغۇچى ئىلاھتۇر، ئۇنىڭ بىر جۈپ قولى بىلەن تاغلار كۆكۈم تالقان، چۆللەر باغۇ بوستان بولغان، ئۇنىڭ قان تەرى بىلەن ھاياتلىق ئەزىم دەرياdەك ئۇركەشلەپ كەلگەن.

90 ـ يىللاردا «ئالۋاستى ئۇچىقى» دەپ نام ئالغان بۇ دەشت ـ باياۋاندا، يەنە بىر توپ قوشۇن پەيدا بولدى. چەكسىز كەتكەن چۆللۈك ئادەملەرنىڭ بۇ ھەيۋەتلىك قەدەملىرىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئىشەك كارۋىنىنىڭ رىتىمسىز تۇياقلىرى ئاستىدا ئېزىلىپ ياتقان، تۈگە كولدۇمىسىنىڭ مۇڭلۇق ئەللەيلىتىشى، يارىيار ھارۋىنىڭ غىچىرلاشلىرى، ھارغىن، ماغدۇرىدىن كەتكەن سەپەر ئاتلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق كىشنىشىدىن گاڭگىرىغان پايانسىز يولدا، ھەيۋەتلىك دېھقان كارۋىنى يۈرۈش باشلىدى.

1990 ـ يىلى ئاپرېلدا، چىرا ـ چاقار تاشيول قۇرۇلۇشى باشلاندى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىل بېشىدا مەخسۇس يىغىن ئېچىپ تاغ رايونىنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش، تاغ خەلقىنى نامراتلىق ئاسارىتىدىن قۇتقۇزۇشنىڭ دەسلەپكى پىلانىنى تۈزگەنىدى. ئەمما، تۇتسا سىپىي، چاقىرسا ئېتى چىقمايدىغان بۇ نامرات، چەت ناھىيىدە 120 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇس، 350 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بولغاندىن باشقا، قۇرۇلۇش قىلغۇدەك دەسمايە ـ مەبلەغ يوق ئىدى. ناھىيە ئورگىنىنىڭ ھەر بىر دوكلاتى «ناھىيىمىز نامرات، چەت، كىرىم مەنبەسى يوق، ئىقتىسادتا ئارقىدا قالغان» دېگەن جاراھەتلىك ئۇقۇملار بىلەن تولۇپ كېتەتتى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، بېيىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنىڭ تاتلىق خىياللىرى كىشىلەر قەلبىنى خېلىلا داۋالغۇتۇۋاتقان، ئادەملەرنىڭ ھاياتقا، تۇرمۇشقا بولغان چۈشەنچىسى باھاردىكى نوتىدەك ياشىرىشقا باشلىغان. كىشىلەر ئۆز تەسەۋۋۇرىدا باياشاد تۇرمۇش ئېگىگە سىڭىپ كىرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بار شارائىت، مۇھىت بىلەن خىيال ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئارىلىق، مەلۇم بىرجەريان ۋە مەلۇم بىر داۋان بارلىقىنى ھېس قىلماي تۇرالمايتتى.

قايتا ـ قايتا ئويلىنىش، يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراش، چارە ئىزدەش ئارقىلىق ئاخىرى يول تېپىلدى. يول قۇرۇلۇشى قوللاشقا، ئالقىشقا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە ۋە مالىيە تارماقلىرىنىڭ قوللىشىغا، مەبلەغ، تېخنىك ۋە ئۇسكۈنە كۈچى ئاجرىتىپ بېرىشىگە ئېرىشتى. نامرات رايون خەلقىنىڭ ئۆز جىسمانىيىتىنى بەخش ئېتىشىگە، كۆپچىلىكنىڭ قەدەم بىرلىكىگە، غايە، ئىرادە ئورتاقلىقىغا ئېرىشتى.

3 مىليون 500 مىڭ يۈەن!

بۇ ئاز پۇل ئەمەس. يىللىق ئومۇمىي خىراجىتى 7 مىليون يۈەنگىمۇ يەتمەيدىغان بىر نامرات ناھىيە ئۈچۈن بۇ پۇلنىڭ سالىقى خېلى ئېغىر. بۇنىڭ بىلەن خېلى چوڭ ئىشلارنى قىلغىلى بولاتتى. بۇ پۇل بىلەن يىلىغا نەچچە مىليون يۈەن پايدا يارىتالايدىغان توخۇ فېرمىسى، يىپەك زاۋۇتى قۇرغىلى، نەچچە مىليون كۇب مېتىر سۇ سىغىمچانلىقىغا ئىگە چوڭ تىپتىكى سۇ ئامبىرى ياساپ چىققىلى بولاتتى. ئەمما ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بۇ پۇلنى تاغ يولى

قۇرۇلۇشىغا ئائىتدى. كەلگۈسىدە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ، ئۇنىڭدىنمۇ قۇدرەتلىك بىر بايلىق يارىتىش ئىشىغا قارا ئىتى.

كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان، ئەمما ئاسان چېلىقتۇرغىلى بولمايدىغان ئىككى بايلىق، 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن بىلەن نەچچە ئون مىڭ دېھقان ئىشچىسى تەييار بولدى. ئەمدىكى ئىش بۇ بايلىقلارنى قانداق تەشكىللەش، ئىشنى قانداق باشلاپ، قانداق ئاخىرلاشتۇرۇش بۇ قۇرۇلۇش قىلىشتا ئاسانلىقچە ئۆتكىلى بولمايدىغان يەنە بىر داۋان ئىدى. پۈتۈن ناھىيە كۆز تىكىۋاتقان، دېھقانلار يىلىكىنى ئاقتۇرۇپ ئىشلەۋاتقان مۇنداق زور ئىشنى باشقۇرۇشقا ئەقىل پاراسەت، جاسارەت، سالماقلىقتىن باشقا، يەنە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارى بولۇش كېرەك. ھەر قانداق چوڭ قوماندانمۇ، چوڭ ئەمەلدارمۇ ھايات تەخلىمىسىنىڭ كېيىنكى يوللىرىنى، ئۇسۇللىرىنى تولۇق يېشىپ بېرەلىشى ناتايىن. بۇنداق جىددىي پەيتلەردە «ئەقىل بىلەن يول تېپىش، يول ئارقىلىق ئەقىل تېپىش» كېرەك!

1990-يىلى 4-ئاينىڭ بورانلىق بىر كۈنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلدى. 30 نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان بۇ كېڭەيتىلگەن سورۇندا ئىككى سائەتتىن بېرىكى تالاش-تارتىش، پىكىرلىشىش ئارقىلىق بۇ قىممىتى زور قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي پىلانى، ۋەزىپىسى، ۋاقتى، كۆلىمى مۇزاكىرە قىلىنىپ، كۆپچىلىكنىڭ بىردەك ماقۇللىشىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما بىرلا مەسىلە، بۇ قۇرۇلۇشقا كىمنى باش قىلىپ بېكىتىش مەسىلىسى ئايدىڭلاشمىدى. بىرىنچى قول تۇتسا بولۇۋېرىدىمۇ، دېگۈچىلەر، كىملا مەسئۇل بولسا بولۇۋېرىدۇ، مەبلەغ بىلەن كۈچ تەييار دېگۈچىلەرمۇ بولدى. ئەمما پالانى ئۈستىگە ئالسۇن دەپ ھېچكىم ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى. ئەلۋەتتە، بۇنداق قۇرۇلۇش ناھىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم بولۇۋاتقانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ سالمىقى كىشىنى ئويغا سالاتتى. بۇ كۈچەت تىكىش، پىلانلىق تۇغۇت... ئوغۇت توپلاشقا ئوخشاش تەشۋىقاتچانلىقى، ھەرىكەتچانلىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشقا ئوخشىمايتتى. نەچچە مىليون يۈەنگە مەسئۇل بولۇش زورۇر ئىدى.

ئىككى سائەتتىن بېرى ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن سوۋادان تېرەكلەرنىڭ قاراسلاشلىرى، بوراننىڭ دەمىمۇدەم كۈچىيىپ، گۈركىرەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى. 200 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بۇ يىغىن زالى نەچچە قېتىم تاماكا ئىسى بىلەن توشتى. ھەممەيلەن باش قاتۇرۇۋاتقان، ئىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرگەن بىر پەيتتە، ئۇنىڭ ئاۋازى، سىرتتىكى بوراننىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشتى:

- مانا مەن ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن!

ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قاراشتى. ئۇنىڭ سەمىمىيلىك، قەتئىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلدى. نەچچە ئون يىللاردىن بېرى ئۆزلىرى بىلەن بىللە خىزمەت قىلغان، نى-نى سىياسىي بوران-چاپقۇنلاردا بىر سەپتە تۇرۇپ ماڭغان بۇ ئادەم بۈگۈن ئۇلارنىڭ ئالدىدا باشقىچە بىر سىياقتا پەيدا بولغاندەك كۆرۈندى.

- سىزنىڭ بۇ روھىڭىز ھەممىمىزگە ئىلھام بەردى، - ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ھاياجان بىلەن ئېيتتى، - مەن باشقىلارنىڭ سىزنى ياشتا چوڭ، سالامەتلىكى يار بەرمەسمىكىن، دېگەن ئەندىشىسىنى نەزەرگە ئالغانىدىم، ئەمما، ئويلاپ كۆرسەم يەنىلا سىز مۇۋاپىقكەنسىز.

ھەممەيلەن قوشۇلدى. ئۇنىڭ يول قۇرۇلۇش قوماندانلىق شتابىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشىغا

www.uyghurkitap.com

قوشۇلدى.

بۇ كېچە ئۇ كىرپىك قاقمىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا ئاغىچەك لەڭگىرىنىڭ زۇمرەت كۆلى، سۇ يۈزىدە جىمىرلاپ تۇرغان ئاي شولىسى پەيدا بولدى. ئۆز تەقدىرىنى قولىغا ئالغان بىر جۈپ ياشنىڭ يەتتە ئاتا داۋسىنىدىكى چىغىر يول ئارقىلىق بايلارنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، تېقىرلىقلاردىن ھالقىپ ئۆتكەنلىكى، ئۇلۇغساي دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا بىر پارچە يەر ئېچىپ، كۆل كولاپ، ئورمان بىنا قىلغانلىقى، نۇرىدىن خوتەنگە، چاقارغا، چىرىغا ماڭغان سەپەرچىلەرگە لەڭگەر بولغانلىقى كېلىۋالدى.

چۆل كۆز يەتكۈسىز دۇنيا، يىراقتا جىمىرلاپ تۇرغان چەكسىز ئالۋۇن ئىچىدە، بىر چېكىت مىدىرلايتتى. ئۇ ۋىلىلداپ تۇرغان ئالۋۇن ئىچىدە گاھ ئېگىزلەپ، گاھ پەسلەپ باراتتى. ئېگىزلىگەندە بىر تال قارا تاياقتا، قارا يىپقا ئوخشاپ قالاتتى. پەسلىگەندە يېيىلىپ پارچە-پارچە قارا تەڭگىگە ئۆزگىرەتتى. ھاۋا تونۇردەك ئىسسىق. ئۇپۇق سىزىقىمۇ، ئاسمانمۇ، سايلىقمۇ ئالۋۇندا جىمىرلايتتى.

چېكىت بارغانسېرى يوغىناپ يېقىنلاپ كەلدى. بۇ ئەمدىلا 17-18 ياشلارغا كىرگەن يىگىت بولۇپ، ئۇزايىدىن ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. پۇشۇلداپ كېلىۋاتقان چامبول ئېشەككە تاياقمۇ كار قىلماس بولۇپ قالغان، مۆك ئاستىدىن سىرغىغان سېسىق تەر قورساقلارغىچە ئېقىپ، ھېلىلا سۇدىن چىققاندەك قىلىۋەتكەنىدى.

يىگىتنىڭ كۆزلىرى، يۈزلىرى ئوتقاشتەك قىزارغان، لەۋلىرى قۇرۇپ گەزلىشىپ كەتكەن. ئۇ پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ ئېشەك ئارقىسىدىن كېلىۋاتاتتى. بۇ - خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، يېڭىلا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان ياش ئوقۇتقۇچى مەتنۇرى ئەخمەت ئىدى. ئۇ تەشكىلنىڭ تەقسىماتى بويىچە، ناھىيە بازىرىدىن 120 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغلىق يېزىغا خىزمەتكە كېلىۋاتاتتى.

ئۇ بەكمۇ چارچىغان، ئۇسسىغان بولۇپ، يىقىلاي دەپلا قالغان.

تەڭرى بىر كارامەت كۆرسىتىپ ماڭا رۇستەمدەك كۈچ ئاتا قىلسا، چۆلنى يۆتكىۋېتىپ، بۇ دەشت-قىيامەت ئورنىدا ئېكىنزارلىق بەرپا قىلسام...

پاھ، نەقەدەر ساپ، سەبىي خىيال ھە؟ نەقەدەر غايىۋانە ئارزۇ-ھە!

ئۇ بۇ چۆلدە قانچە قېتىم ماڭغان بولسا، شۇنچە قېتىم بۇنداق خىياللارنى سۈردى. قانچە قېتىم ئاچلىق، ھارغىنلىق ئازابىدىن ھوشىدىن كەتسىمۇ، بۇ ئارزۇسىدىن زادىلا ۋاز كەچكۈسى كەلمىدى.

1963-يىلى مايدا ئۇ ناھىيىگە يىغىنغا كېلىپ، قايتىشىدا كېرەم سامپولىنىڭ ھارۋىسىدا قايتتى. يولنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى تۈگىگەندە ھارۋا چاقى ئېتىلىپ كېتىپ، مېڭىشقا مۇمكىن بولمىدى. يېڭىلا مەكتەپ مۇدىرى بولغان مەتنۇرى ئەخمەت لاۋۇلداپ تۇرغان ئىسسىققا قارىماي، يولنى پىيادە داۋام قىلدى. چۈنكى شۇ چاغدا ئوقۇتقۇچىلارغا جىددىي يەتكۈزۈشكە تېگىشلىك مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇش بار ئىدى. ئەگەر ۋاقىتنى بىر كۈن كېچىكتۈرسە، بىر نەچچە كۈنلۈك ئىش ئاقساپ قالاتتى.

ئۇ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە يالغۇزلۇققا قارىماي يۈرۈپ كەتتى. چۆلدە شامالمۇ، يەرمۇ ھەممە نەرسە تەننى كۆيدۈرەتتى. ئۇ تۈپتوغرا بىر كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئاخىرى يېزا مەركىزىگە 43 كىلومېتىر كېلىدىغان تۆۋەن ئاچما دېگەن يەردە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. كېيىن كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا ئۇسسۇزلۇق بەردى، ئۇنى ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ يېزىغا يەتكۈزۈپ قويدى.

مانا بۈگۈن 30 يىل ئىلگىرىكى ئاشۇ چۆل، ئالۋۇن، ئالۋاستى ئوچۇقى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ئادەمزاتسىز دەشت-باياۋاندا كېلىۋاتقان ئاشۇ قارا چېكىت زاھىر بولدى. ئات بىلەن، تۆگە بىلەن، ئېشەك بىلەن يۈرۈپ خىزمەت قىلغان تالاي شوجىلار، ھاكىملار يەنە تالاي ئوقۇتقۇچىلار زاھىر بولدى. ئالۋۇن ئارىسىدا، ئۇسسۇزلۇقتىن تاماقلىرى چاكىلداپ كەتكەن يەنە تالاي كېچىلەردە يالغۇز تۈنەپ، ھوشىدىن كەتكەن، چۆل كېچىسىنىڭ مۇدھىش شاۋقۇنلىرىدا تەنلىرى ياپراقتەك تىترىگەن تالاي- ئادەملەر كېلىۋالدى.

30 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى ئۇچۇر-ئىلىم-پەن دەۋرىدە، بۇ تاغلىقلار ھېلىھەم چورۇق كىيىپ، ئات-ئېشەك بىلەن كۈن-تۈنلەپ يول يۈرۈيدىغان، ساپان بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئىپتىدائىي دەۋر ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. دەۋر، جەمئىيەت ئالدىدا ئۆز نېسۋىسىگە، ئۆز سالاھىيىتىگە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ.

50-يىللاردا ئۇلار ستىخىيىلىك ھالدا نورى، خوتەن چېغىر يولىنى ئاساس قىلىپ يول ياسىغانىدى. قۇم-بوران ۋە ھەر خىل ئېغىر شارائىت سەۋەبىدىن بۇ يول بارا-بارا قۇم بارخانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ يەر شارىدىن غايىب بولدى. 60-يىللاردا ئۈستەڭ قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، نورى يېزىسىدىن شىمالغا سوزۇلغان غول لىنىيىلىك يول ياسالغان. لېكىن شارائىت قېيىن، چۆل مۇساپىسى ئۇزۇن، ئۆلچەمسىز بولغان بۇ يولمۇ تەدرىجىي ھالدا كۆمۈلۈپ يوقالدى.

ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىدى. راۋان، ئۆلچەملەشكەن بىر قاتناش يولى بەرپا قىلىش ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئارزۇسى ئىدى. بۇ ئارزۇنىڭ 30 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە رېئاللىققا يۈزلىنىشى، پۈتۈن ناھىيە، ۋىلايەت ھەتتا ئاپتونوم رايون باشلىقلىرىنىڭ بۇ جەڭگىۋار ۋەزىپىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇشى – ئۇ ھاياتىدا پەخىرلىنىشكە، قانچە خىيال قىلىسىمۇ، قانچە پىكىر يۈرگۈزسىمۇ ئەرزىگۈدەك زور ئىش ئىدى.

شۇ تاپ ئۇ ئۇيقۇسىز كۆزلىرىنى تورۇسقا، بوشلۇققا تىككىنىچە ياتاتتى. گويا مىڭ پاتمان كەلگۈدەك خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى ئۇچراپ قالغاندەك، قانداقتۇر بىرىنىڭ لاپ قىلىپ بېقىشىغا چىدىماي پۇچىلىنىۋاتقاندەك تولغىناتتى، ئۇلۇغ-كىچىك تىناتتى، سىرتتىكى خورازلارنىڭ چىللاشلىرىمۇ، يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قالغان ئايالىنىڭ دەممۇ دەم ئېڭراشلىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ پەقەت يول ئۈچۈن ھەممىنى، ھەممىنى خىيال قىلاتتى.

1990-يىل 18- ئاپرېل، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئۇنتۇلماس كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى. ئۇ يوتقان-كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ ئىشىكتىن چىققاندا، دۇنيا بارغانسېرى كېڭىيىپ، تەبىئەت باشقىچە گۈزەللىشىپ كەتكەندەك بىلىندى. ئايالىنىڭ قىيماسلىق، قىيداش ئارىلىشىپ كەتكەن ياشلىق كۆزلىرى، بالىلىرىنىڭ سولغۇن ھالدا ئۇزىتىپ قېلىشى، ئۇنىڭ ھاياجىنىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. ئۇ ئېغىر يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئايالىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەش ۋاقتى يېتىپ كەلگەن مۇشۇ جىددىي پەيتتە، ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىگە ئەمەس چۆل-باياۋانغا، ئالۋۇن كۆۋەجەپ تۇرغان ئوچۇقچىلىققا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئايالىغا ئۈمىد، ئىشەنچ بېغىشلايدىغان تەبەسسۇمى بىلەن جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ ياخشى داۋالىنىشىغا ئۈنسىز تەسەللى بەردى. مۇشۇ كەتكەنچە مەڭگۈ كەلمەسكە كېتىۋاتقاندەك ئايالى ۋە بالىلىرىغا يېنىش-يېنىشلاپ قارىدى.

ئۇنىڭ كېتىۋاتقىنى مەككە-مۇكەررەم ئەمەس، بەلكى پايانى يوق چۆل، بوران، قۇيۇن ئۇۋىسى ئىدى،

كىشىنى يىغا، ئۆلۈم ۋەھىمىسى باسىدىغان جەھەننەم، دوزاختەك قورقۇنچلۇق بىر دۇنيا ئىدى. ئۇ ئاشۇ دەشت -باياۋاندا، كۆز يەتمەس چۆللەردىكى جىمىرلاپ تۇرغان ئالۋۇنغا قاراپ يۈرەكلىك ھالدا قەدەم باستى.

## قەدىمكى ئۆتەڭ ـ ساتما

1990-يىل ئاپرېل. چىرا بىلەن چاقار ئارىسىدىكى بىپايان چۆلدە 3000 كىشىلىك دېھقان ئىشچىلىرى قوشۇنى پەيدا بولدى، 3000 ئادەم تەڭلا ھەرىكەتلىنىپ، سايلىقنى لەرزىگە سالدى. كەڭ كەتكەن تاقىر جىلغىلار، ئېدىرلار، ئىلاھىي تەقدىرنىڭ كارامىتىدىن ئەمەس، ئادەملەرنىڭ قولى بىلەن تۈزلەندى. يىلاندەك چىرمىشىپ كەتكەن يوللار، مۈكچىيىپ ئولتۇرغان قەدىمكى ئۆتەڭ، ساتما، ئىپتىدائىي دەۋرگە مەنسۇپ بولغان ھايۋان ئىزلىرى، گۇپۇلدەپ تاشلانغان گىگانت قەدەم ئاستىدا قالدى. ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ تەڭداشسىزلىقى بىلەن ئادەملەرنى بويسۇندۇرۇپ كەلگەن تەبىئەت ئادەم كۈچىنىڭ تاشقىنلاپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنىدەك ئۈنلۈك شاۋقۇنىنى ئاڭلىدى.

چىرىدىن چاقارغىچە بولغان 61 كىلومېتىر يول، دەل-دەرەخ، گىياھ بولمىغان، ئادەمسىز، پايانسىز تاشلىق ئىدى. غەربىي چېتى تىكلىك تېغىنىڭ قار ئېرىمەس چوققىلىرى، جەنۇبىي يېقى كوئىنلۇن تاغلىرىنىڭ قاتمۇقات جىرالىقلىرى، شىمالىي تەرىپى دۇنياغا مەشھۇر قۇم -بوران ئۆۋسى ـ تەكلىماكانغا تۇتىشاتتى. ناھىيە بازىرىدىن جەنۇبقا قاراپ ماڭغانسېرى يوللار ئېگىزلەپ، جىرا، ئويمانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن يولمۇ گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. بىر چېتى ئۆپۈق بىلەن سۈيۈشۈپ تۇرغان تۈزلۈق سايداھەقىقىي يولنى تاپماق تەس ئىدى. كىشىلەر قەيەردىن مېڭىشنى خالىسا، شۇنى «يول» ئىلىۋالغانىدى، باش-ئاخىرى يوق بۇنداق باياۋاندا قانچىلىك ئادەم يولدىن ئېزىپ ھاياتىدىن ئايرىلمىغان، قانچىلىك ئادەم تەبىئەتنىڭ بوسىرلىق ئوچۇقىدا جان تالاشمىغان؟ قانچىلىك ئادەم تەبىئەتنىڭ قار، شۇرغان، بوران، يامغۇر ۋە ئالۋاستى ئاپتىپىنىڭ تەمىنى تېتىمىغان؟ بۇ باياۋاندا يەنە قانچىلىغان ھايۋان، «چۆل كېمىلىرى»نىڭ باش سۆڭىكى تاشلىنىپ قالمىغان؟ بۇ چۆل، چۆل بولغاندىمۇ ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدىغان چۆل ئىدى.

تومۇز كۈنلىرى «قەھرىمان» يولۇچى تۆت ئېشەككە يۈك ئارتىپ يولغا چىقسا، تۆت نىسپى بولغاندا، ئۇسساپ لەۋلىرى يېرىلغان، ئاچقان، تالجىققان ھالدا، ساتما دېگەن ئۆتەڭگە كېلىپ، ئۆزىنى يەرگە تاشلايتتى. چىرا دەرياسىنىڭ كۆن چىقىش قىرغىقىغا يۆلەپ بىنا قىلىنغان بۇ ئۆتەڭ مۇشۇ چۆلدىكى بىر جەننەت ئىدى. بۇ يەردە ئىسسىق چاي، ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاش، تاماق ھەممىشە تەل بولۇپ تۇرمىسىمۇ، ھەر ھالدا، تەشنالىقتا، ئاچلىقتا ئەمەك بولغۇدەك نان، سۇ، ئۇلاغلارغا ئوت، پىچان، ئېغىل، ئادەملەرگە قونالغۇ بار ئىدى. تۆت تېمىدىن ئارپا بىلەن پۇرچاقنىڭ ھىدى، سامان بىلەن تېزەكنىڭ پۇرىقى كېلىدىغان قىيسىق كەپە جەننەتتىكى باغۇ-ئىرەمنىڭ ھوزۇرىنى بېرەتتى. لەڭگەرچى تۇردى ئاخۇن گەۋرىلىك، قاشلىرى تىك تۇرىدىغان، قارامتۇل، مىجەزى چۇس ئادەم بولسىمۇ، ھېرىپ، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان يولۇچىلارغا ئۆز قېرىندىشىدەك قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى.

ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىسى بىنا قىلغان بۇ لەڭگەر كىچىك بولغىنى بىلەن داڭلىق ئىدى، دەريا قىرغىقىنىڭ باغرىدا قاساڭ بىلەن غول ئېقىن ئارىسىدا بىر پارچە كۆجۈم يەر بار بولۇپ، بۇ يەردە ئون نەچچە تۈپ شاپتۇل، ئۆرۈك ۋە ئالما دەرەخلىرى شاۋقۇن سېلىپ تۇراتتى. ئوت، چۆپلۈك، تېرىم يەر ئەتىيازدىن

كۆز پەسلىگىچە ياشىرىپ تۇراتتى، بىر توپ كالا، قوي پادىسى، ئات، قېچىر، توخۇ، ئۆردەك ئەركىن يايراپ يۈرەتتى. قوي، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى توخۇ، ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلداشلىرى بۇ يەردە ھاياتلىقنىڭ مەڭگۇ ئۆچمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. تارىختا، چىرىدىن چاقارغا، چاقاردىن چىرا، خوتەنگە ماڭغانلارمۇ مۇشۇ ئۆتەڭدە قونۇپ، ئۆزىگە ۋە ئۇلاغلىرىغا دەرمان يىغىپ، ئاندىن كېتىشەتتى.

بۈگۈنكى كۈندە ساتما-رىۋايەتكە ئايلاندى. بۇ يەردىكى ئوچاق ئىزلىرى، ھالسىز قىيسىيىپ ياتقان كەپە ئەرشتىن چۈشۈپ كەتكەن ياپراقتەك ياشىرىپ تۇرىدىغان ئورمان، تېرىلغۇ يەرلەر، ئۆي قۇشلىرى، چارۋىلار ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتتى. سەپرا مىجەز، سۇرلۇك تۇردى ئاخۇن لەڭگەرمۇ ئاتا-بوۋىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئۇنتۇپ، ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا، بۇ «جانقورغان»نى تاشلاپ، ئادەملەر ئارىسىغا بېرىۋالدى. ئۆتمۈشتە مىڭلاپ كىشىلەرگە ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، سەپەر ئازابىدىن گۆر ئاغزىغا كېلىپ قالغانلارغا ھاياتلىق مەشئىلىنى ياندۇرغان، ئۇلارنى ئۆلۈم گىرداۋىدىن تارتىپ ئېلىپ، ھاياتلىق يولىغا باشلاپ قويغان قەدىمكى ئۆتەڭ-ساتما ئۆز قىممىتىنى يوقاتتى. بۇ تەبىئەتنىڭمۇ، تارىخنىڭمۇ ۋە لەڭگەرچى تۇردى ئاخۇننىڭمۇ سەۋەنلىكى ئەمەس، بۇ، رېئاللىقنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى.

بۇ يەردە چۆچەكنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغان ئامىل زادى نېمە؟ دەل جاپاكەش دېھقاننىڭ - تەبىئەت قەھرىمانىنىڭ قولى، كۈچ-قۇدرىتى، ساخاۋىتى بىلەن باشلانغان يول، ئۇزۇنغا سوزۇلغان يول قۇرۇلۇشى!

مەتنۇرى ئەخمەت 3000 دېھقاننى باشلاپ قەدىمكى ئۆتەڭ-ساتما ئۈستىگە بار گاھ قۇردى. بۇ 4-ئاينىڭ بورانلىق كۈنلىرى بولۇپ، ئازغىنە شامال چىقسىلا قۇم، بورانغا ئايلىنىپ كۆزنى ئاچقۇزمايتتى. ئىش باشلىنىپ ئۇنىڭ دۇچ كەلگەن تۇنجى قىيىنچىلىقى سۇ مەسىلىسى بولدى، يېقىن ئەتراپتا سۇ بولمىغانلىقتىن سۇنى ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىن توشۇپ كېلىشكە توغرا كېلەتتى، بۇ يەردە بوراندىن، ئاپتاپتىن پاناھلىنىش مۇمكىن ئەمەس، ھەممە يەرگە قارىسالا چۆل، يىراقتىن جىمىرلاپ تۇرغان ئالۋۇن، كۆككە باش قويغان قارا قۇيۇن، شامال، ئاپتاپ ئىدى. بوران كۈچەيسە قۇم دانىچىلىرىغا قوشۇلۇپ كەلگەن ئۇششاق شېغىللار، يۈزلەرگە مىختەك سانجىلاتتى، ئاپتاپ قايىنىغان مىنۇتلاردا قۇياشنىڭ كۆيدۈرگۈچ ھارارىتىدىن يۈز تېرىلىرى پىژىلداپ ئېچىشاتتى. باش- كۆز، يۈزدىن سىرغىغان تۇزلۇق تەردىن كىيىملەر بەدەنگە چاپلىشىپ، گويا بىرى پىچاق بىلەن تىلىم-تىلىم قىلىۋەتكەندەك ئېچىشاتتى.

بۇ باشلاپ كەلگەن 3000 دېھقان مانا شۇنداق قىيىن شارائىتتا «ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا» قىلىپ چۆلدە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. قۇياشنىڭ چوغدەك ھارارىتىگە قاقلىنىپ، بەدەنلىرى مىستەك پىشىپ كەتكەن ئاشۇ ئادەملەر 4-ئاينىڭ بېشىدىن 5-ئاينىڭ 12-كۈنىگىچە بولغان ئېغىر كۈنلەردە، تاشتەك قاتتىق، يىلىمدەك چىلىق، تۇز ۋە قورام تاش بىلەن قاپلانغان تەلۋە تۇپراقتىن 336 مىڭ كۇب مېتىر تۇپا قازدى، ئېگىزنى تۈزلەش، چوڭقۇرنى تىندۇرۇش، ئۆمۈچۈك تورىدەك چىرمىشىپ كەتكەن ئېدىرلىقلارنى بىر دائىرىگە، بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە «قوندۇرۇش» ئەينى زاماندا نامى چىققان داجەيلىكلەرنىڭلا قولىدىن كېلەتتى، مانا بۈگۈن ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاشۇ خىل روھ بىلەن مۆجىزە يارىتىشقا بەل باغلىدى. قوللار قاپىرىپ، قاناپ كەتسىمۇ، بەدەن كاۋاپتەك كۆيسىمۇ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com



3000 ئەسكىرى ئىشتىن زادىلا توختىمىدى، ئەلمىساقتىن بۇيان تىغ تەگمىگەن بۇ قاقىر سايلىقنىڭ ئۈستى شېغىل تاش، ئاستى تۈز بىرىكمىلىرىدىن ھاسىل بولغان قورام تاش بولۇپ، پىچاق بىلەن يونۇپمۇ بىر چىمدىم توپىنى قازغىلى، كولىغىلى بولمايتتى. چويۇندەك تاۋلانغان دېھقان قولى تەبىئەتنىڭ بۇ ھەيۋىسىدىن، يەرنىڭ گىگانت باغرىدىن قېلىن تۈز قاتلىمىدىن قورقۇپ قالمىدى. ئالقانلار يېرىلىپ، شەلۋەرەپ چىقسىمۇ، بەللەر تېلىپ مۈكچەيسىمۇ، باشلار قېيىپ، ئېغىرلاشسىمۇ ئىشنى توختاتمىدى. بەلكى يەنە دېھقانچە ئىرادە، دېھقانچە كۈچ بىلەن ئىشلىدى، نۇرغۇن كېچىلەر ئۆتتى، پىژغىرىم ئاپتاپ، بوران، يامغۇرغا، يامغۇرلۇق كېچىلەر قىزىق ھارارەتلىك كۈنلەرگە ئالماشتى. دېھقان چارچاپ قالمىدى، مىڭلاپ كەتمەن، گۈرجەك ئۈپراپ ئالقاندەك قالدى. مىڭلاپ ساپ سۇنۇپ تۈگىدى. لېكىن دېھقاننىڭ قەددى-قامىتى، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىرادىسى سۇنمىدى.

مەتنۇرى ئەخمەت باشلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەمەس، ئېغىر ئەمگەك قاينىمىغا ئۆزىنى ئاتقان ئاددىي بىر دېھقان سۈپىتىدە دېھقانلار بىلەن ھەممەنەپەس بولدى، دېھقانلارغا قوشۇلۇپ قوللىرى قاپارغىچە، قەددى پۈكۈلگىچە ئىشلىدى. پۈتۈن ئەزايى چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈپ، ئۇسسۇزلۇق، ھارغىنلىق ئازابىدىن كۆزلىرىگە «ھەسەن-ھۈسەن» كۆرۈنسىمۇ ئۇلاردىن ئايرىلمىدى. ئۇنىڭغا ئاجرىتىپ بەرگەن مەخسۇس ماشىنا كۈنبويى يول بويىدا دېھقانلار قازغان شېغىل توپىنىڭ قېلىن تۈزانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ توردى، ماشىنا شوپۇرى ئابدۇللا نەچچە قېتىم ئۈخلاپ، نەچچە قېتىم ئويغاندى، ئاخىرى ئۆز باشلىقىنىڭ كۆيۈپ-پىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇمۇ قولىغا گۈرجەك ئالدى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ مەتنۇرى ئەخمەتنىڭ ھالىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولدى. ساقاللىرى ئۆسۈپ، كىرپە تىكىنىدەك دىردەيدى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، قارىچۇقلىرىنىڭ نۇرى قاچتى. قوشۇمىسى ئۈستىدىكى قورۇقلار كۆپىيىپ، قاڭشىرى پىچاقنىڭ بىسىدەك چىقىپ قالدى، شۇ تاپ ئۇنى ھېچكىم ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، خەلق قورۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەتنۇرى ئەخمەت دېسە ئىشەنمىگەن بولاتتى.

شۇنداق، ئۇ دېھقان ئائىلىسىدىن چىققان، يەنە دېھقان ئوغلىغا خاس غەيرەت، چىدامچانلىقى، قاتتىق سۈڭەكلىك ئىشلەمچىگە خاس جاسارەت بىلەن ئىشلەيدۇ. ئۆزىنى دېھقانلارنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان ئىسسىق قېنى ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭدا يەنە دېھقانچە روھ، غەيرەت، چىداملىق، دېھقانچە شىددەت، كۈچ-قۇدرەت بار. بىر مويسىپىت دېھقان ئۇنىڭ ھارغىن چىرايىغا قاراپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا:

— كۆپ جاپا تارتتىڭلا مۇدىر، بىردەم ئارام ئالسىلا... — دېدى. لېكىن ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— سىلەر ئىشلەۋەتقانلار، مەن باي غوجامدەك راھەتلىنىپ ياشىسام بولامدۇ؟ ئۆتمۈشتىكى جاپا-مۇشەققەت، يول ئازابى ئالدىدا بۇنچىلىك جاپا نېمىدى؟ بۈگۈن قانچىلىك جاپا تارتسامۇ ئاشۇ چۆل ئازابىنىڭ مىڭدىن بىرىگە نەڭ كەلمەيدۇ.

ئۇ داق يەردە دېھقانلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماقلاندى. ئاستىدىن قىزىق تاش، ئۈستىدىن قۇياش ئوت پۈركۈپ تۇرغان مۇنداق مۇھىتتا، تاماقنىڭ ھوزۇرى نېمە قىلسۇن؟ ئۇنىڭ ئىچىدىغىنى سوغۇق سۇ، يېگىنى سۇيى قېچىپ كەتكەن ناشتەك قاتتىق نان ئىدى. قۇرۇپ، نەملىك قاچقان قاتتىق نان

ئالدىن ئاسانلىقچە ئۆتمەيتتى. ئۇ بىر نەچچە رەت نان تۇرۇپ قېلىپ كۆزلىرىدىن پۇرچاق-پۇرچاق ياش ئېتىلىپ چىقسىمۇ قىلچە چاندۇرمىدى. چۈنكى ئۇ يەۋاتقان بۇ نان، ئۇ ئىچىۋاتقان سوغۇق سۇ ئۆزىدىن باشقا 3000 ئادەمنى مۇشۇنداق ئازابلايتتى. كۈنىگە 10ـ20 سائەتلەپ ئىشلەۋاتقان 3000 دېھقانغا ئورتاق بولغان بۇ خىل ئوزۇقلىنىش ئۇلارنى تۈمۈر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇشنىڭ ۋەزىپىسى ئىككى تۈرلۈك ئىدى. ئۇنىڭ بىرى، چىرا-چاقار تاشيول قۇرۇلۇشىنى ئىشلەپ پۈتتۈرۈش؛ ئىككىنچىسى يول قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، ماي ياتقۇزۇشقا كېرەكلىك خام ماتېرىيالنى تەييارلاش. ۋاقىت زىچ، شارائىت ناچار، ھاۋارايى ئوسال بولۇۋاتقان جىددىي پەيتتە، دېھقان ئەمگەكنىڭ ئاشۇ مۇشكۈل سىنىقىغا دۇچ كەلدى. 42ـ43 سېلتىسىيە گرادۇسلۇق ئىسسىقتا 6367 تور، غەلۋىر توختىماي سىلكىنىپ تۇردى. مۇشۇ سىلكىنىشتىن 34 مىڭ 902 كوب مېتىر بەش سانتىمېترلىق شېغىل، 65 مىڭ 461 كوب مېتىر ئىككى سانتىمېترلىق شېغىل، 10 مىڭ 768 كوب مېتىر 0.5 سانتىمېترلىق ئۇششاق شېغىلنى ئايرىدە قىلىپ، يول بويىغا تەييارلىدى. يول قۇرۇلۇشى ئاخىرلىشىپ، ئاسفالت ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى باشلانغان كۈنى سۇ ماشىنىسى بۇزۇلۇپ قېلىپ 3000 ئادەم سۇسىز قالدى. نەچچە ئون، نەچچە يۈزلىگەن كۆز يىراققا، ئۆزلىرىدىن يىگىرمە كىلومېتىر يىراقلىقتا ئېقىۋاتقان دەرياغا تەلپۈندى.

ـ ئاھ خۇدا، بىزگە بىر پارچە قارا بۇلۇت ئەۋەت! تەشنالىقىمىز قانسۇن، كۆيۈپ كاۋاپ بولغان تېنىمىز يايرىسۇن!

ـ سۇ، بىزگە سۇ بەرگىن!

ئۇ چېكىسىدىن پۇرقىراپ قويۇلۇۋاتقان ئاچچىق تەرلىرىنى سۈرتۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قولىغا ئالدى. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىدىكى باشلىقلارنى قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلدى. نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ جۈپ كۆزنىڭ تەشنالىقتا يىراققا تىكىلگەنلىكى، نەچچە مىڭ يۈرەكنىڭ تالجىقىپ، تىپىرلاپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئۇ ئۇسسۇز قالغان دېھقانلارغا ۋەكالىتەن، پۈتۈن ناھىيە خەلقىگە مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلدى. بارلىق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، يول قۇرۇلۇشىدا جان پىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنى قاندۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى.

ئۇ تىت-تىت بولۇۋاتاتتى. ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن ئەندىشە، سۇس كەيپىيات، بوشاڭلىق، يەنە بىر مۇنچە قىيىنچىلىقلار قوشۇلۇپ ئۇنى مەدىرلىيالماس قىلىپ قويغانىدى، يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا، تاپانغا يېپىشىپ تۇرغان ماي ئۈستىدە تۇرۇپ يىراققا، ئالۋۇن چاقناپ تۇرغان چۆللۈككە قارايتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا، تەسەۋۋۇرىدا نۇرغۇن ئادەم، نۇرغۇن ماشىنا دېھقانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا غايەت زور بىر دېڭىز، پۈتكۈل چۆللۈك ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ، كۆز يەتمەس دېڭىزغا ئايلانغان، دېڭىزدا كىمدۇر بىرى غەرق بولۇپ تۇنجۇقماقتا، كىمدۇر بىرى غەرق بولغۇچىنى قۇتۇلدۇرۇپ، سۇ يۈزىگە ئېلىپ چىقماقتا، يەنە كىمدۇر بىرى سۇ بىلەن، دېڭىز بىلەن جان تىكىپ ئېلىشماقتا...

سۇ كەلدى. پۈتۈن ناھىيە خەلق سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، قۇرۇلۇش ئورنىغا سۇ يەتكۈزۈپ بەردى. سۇلا ئەمەس، ھەر خىل ماددىي ئەشيا، كۆكتات، ئاشلىق ۋە يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كېلىپ دېھقانلاردىن، تېخنىك خادىملاردىن ھال سورىدى.

يول قۇرۇلۇشى ماي پۈركۈش باسقۇچىغا كىردى. 3000 دېھقان تېخنىك خادىملارنىڭ يېتەكلىشىدە يولنىڭ ئىككى چېتىدە سەپراس بولدى. بۇ خىل ھالەت كۈنىگە 12ـ14 سائەتلەپ داۋام قىلدى. پۈژۈلداپ پۈركىلىۋاتقان قارا ئالتۇن بەدبۇي سېسىق پۇرايدىغان قارا تۇمان ئارىسىدا يەنىلا مەتنۇرى ئەخمەت بار ئىدى. بەزى چاغلاردا ئۇنى تونۇشمۇ قىيىن ئىدى. پەقەت چىشىدىن باشقا ھەممە يەر ماي بىلەن قارا تۇسكە كىرىپ قالغانىدى. ھەر بىر چامدام، ھەر بىر غېرىچ يەرنى، ماي بىلەن شېغىل نىسبىتىنى، پۈركۈش، چېچىش، چىڭداش، تەكشىلەش، تېخنىكىلىق باشقۇرۇش جەھەتلەرگىچە ئەستايىدىل، ئىنچىكە تەكشۈرەتتى.

ئۆلچەمگە توشمىغان يىگنە چاغلىق يەرمۇ ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئەگەر شۇنداق جايلار بايقىلىپ قالسا، قاتتىق سۈرۈشتۈرۈپ مەسئۇلىيەت كىمدە بولسا شۇنى ئىزدەپ تېپىپ، قايتا ئىشلىتىپ، ئۆلچەمگە يەتكۈزمىگىچە ئۇنىمايتتى. شۇڭا ۋىلايەتتىن كەلگەن تېخنىكلارمۇ، پۈركۈش، ماي توشۇش، سۇ توشۇش، چىڭداش، تەكشىلەش ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغان شوپۇرلارمۇ، دېھقانلارمۇ ئۇنىڭ ئەستايىدىللىقى، جاپادىن، ھېرىپ چارچاشتىن قورقماس روھىغا قايىل بولدى. ئۇنى چاتاقچى ئەرباب قاتارىدا ئەمەس، بەلكى بىر تەلەپچان قوماندان، ئىشچان دوست قاتارىدا ھۆرمەتلەيتتى. ئۇنىڭ مەيۈسىدىن، ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆزلىشىدىن ئەمەس، بەلكى ئىشقا پىششىقلىقى، تېخنىكىلىق تەجرىبىسىنىڭ موللۇقىدىن ئەيمىنەتتى.

1990-يىل ئىيۇلنىڭ يۇلتۇزلۇق بىر ئاخشىمى ئۇ سائەت ئىككىدىن ئاشقاندىلا، قوماندانلىق شتابىغا ايتىپ كەلدى. ئۇ سوۋۇشقا باشلىغان بىر چىنە قورداقنى ئەمدىلا قولىغا ئېلىشىغا، چېدىرغا قوماندانلىق شتابىنىڭ كاتىپى ئۇچقاندەك كىرىپ كەلدى:

– مۇدىر! يەتتە ئاتا داۋىنىدا ئوتۇن باسقان تراكتور ئۆرۈلۈپ بىر نەچچە ئادەم...

مەتنۇرى ئەخمەت چىنىنى دەررۇ يەرگە قويۇپ ئىشىكتىن چىقتى، شوپۇر ئاللىقاچان ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ تەييار تۇرغانىدى. يەتتە ئاتا داۋىنى بىلەن قوماندانلىق شتابى ئوتتۇرىسىدىكى يول ئۆركەش ياسىغان قۇم بارخانلىرى، بوزلۇقلار، تېقىرلىقلارنى كېسىپ ئۆتەتتى.

ماشىنا قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا توپتەك سەكرەپ ئىلگىرىلىمەكتە. مۇدىر ماشىنا كۆزنىكىدىن تىت-تىت بولغان ھالدا سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كەيپى جىددىيلىشىپ بىر كۈنلۈك ھارغىنلىق، ئاچلىق، ئۇيقۇسىزلىقنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

ناھايىتى بىر سائەتتىن كېيىن ماشىنا ھادىسە يۈز بەرگەن جايغا يېتىپ كەلدى. قۇم دۆۋىسىدىن ھاسىل بولغان يۈز نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇ داۋاندا ئىلگىرى نۇرغۇن خەتەرلىك ھادىسىلەر يۈز بەرگەن. بۈگۈنكىسى بەلكىم ئاشۇ خەتەرلىك ھادىسىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، ئاشۇ بەختسىز كارۋاننىڭ تۈگەنچىسى ئىدى.

مەتنۇرى ئەخمەت ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ تراكتور ئۆرۈلگەن جايغا يۈگۈردى. 40 ـ 50 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ھاڭدا ئۈزۈلۈپ چۈشكەن تراكتور گەۋدىسى قىيسىيىپ ياتاتتى. قاياقتىندۇر بىرلىرىنىڭ زەئىپ ئىڭراشلىرى، بىرلىرىنىڭ «قۇتقۇزۇڭلار» دېگەن ئاۋازى كېلەتتى. مۇدىر ھاڭغا قاراپ ئېتىلدى. ئويمان، بەلدەملەردىن ئۆتۈش داۋامىدا بىر نەچچە قېتىم ئولتۇرۇپ قالدى. ئېقىپ چۈشۈۋاتقان قۇم ئۆركىشىنى قامالالاپ ئورنىدىن تۇرۇپ تراكتورغا يېقىنلاشتى. بەختكە يارىشا تراكتور بېشى قىيسايغان

ھامان شوپۇر ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى بىرەيلەن سەكرىۋالغان ئىكەن، مۇدىر يېتىپ كەلگۈچە ئۇلار ئوتتۇن ئاستىدا قالغان يەتتە نەپەر دېھقاننى ئۆلۈم خەۋپىدىن ساقلاپ قاپتۇ.

مەتنۇرى ئەخمەت دەرھال يارىدارلارنى ماشىنىغا سېلىپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يولغا سالدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى تۈگىتىپ ئىش ئورنىغا قايتقاندا تاڭ ئېتىشقا بىر نەچچە سائەتلا قالغانىدى. ئۇ شۇنىڭغا قارىماي، ناھىيە باشلىقلىرىغا تېلېفون بېرىپ، ھادىسىنى خەۋەر قىلدى ھەمدە ناھىيىلىك دوختۇرخانىنى قۇتقۇزۇش تەييارلىقىنى كۆرۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى، جىددىي تەلىپىگە ئاساسەن يارىدارلار ئەڭ ياخشى داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ناھىيە مەسئۇللىرىنىڭ، ئىدارە، ئورگانلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ياردىمىگە، غەمخورلۇقىغا ئېرىشتى. دوختۇر-سېستىرالارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا، كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشىغا ئېرىشتى. يېرىم ئايدىن كېيىن يارىدارلار تولۇق ساقىيىپ، قورۇلۇش سېپىگە قايتتى. ئۇلار مەتنۇرى ئەخمەتنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ «مۇبادا سىز بولمىغان بولسىڭىز بىزنىڭ جاراھىتىمىز مۇنداق تېز ساقايمايتتى» دېيىشتى.

چىرا-چاقار يول قورۇلۇشى باشلانغاندا ئۇ بۇ يولنىڭ چاقارغىچە ئۇلىنىشىغا ئىشىنەلمىگەنىدى. قورۇلۇش داۋاملىشىپ چاقار يېزىسىغا 13 كىلومېتىر قالغاندا پىلانلانغان يېقىلغۇ ئوتتۇن تۈگەپ، ماي ئېرىتىش ئوچاقلىرى ئىشتىن توختىدى. قوماندانلىق شتابى جىددىي يىغىن چاقىرىپ قورۇلۇشنى توختىتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. ناھىيىدىكىلەرمۇ، ۋىلايەت باشلىقلىرىمۇ بۇ پىكىرنى قوللىدى. لېكىن مەتنۇرى ئەخمەت بارلىق چارە-ئاماللارنى ئىشلىتىپ بولسىمۇ، قورۇلۇشنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈش پىكرىدە چىڭ تۇردى. قايتا-قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق پۇلنى كېيىن تۆلەپ بېرىش شەرتى بىلەن باشقا ئورۇنلارنىڭ يىغىپ قويغان زاپاس ئوتتۇنلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ يول قورۇلۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش قارار قىلىندى.

قورۇلۇش ئاخىرلاشتى، ئەينەكتەك تاختىلانغان ئون مېتىر كەڭلىكتىكى ئاسفالت يول 61 كىلومېتىرلىق چۆل - جەزىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تاغ رايونىغا تۇتاشتى، چېغىلغاي، قەگتوقاي ئاسمىنىدىن كۆتۈرۈلگەن تولۇنئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، ئۆز ئەكسىنى يول يۈزىدە، ساي باغرىنى كېزىپ ئۆتكەن كۈمۈش لېنتا ئۈستىدە كۆردى.

يول تاغلىق رايونغا بەخت، شاۋقۇن، ھايات ئېلىپ كەلدى. يول ھەر بىر ئادەمگە پۇرسەت، ئەقىل-پاراسەت، ئۈمىد-ئىشەنچ ئېلىپ كەلدى. كىشىلەر شۇنىڭغا ئىشەندىكى، چاقار ئىلگىرىكى بوران ھۇۋلاپ تۇرىدىغان جىلغا ئەمەس، بۇ يەردە يول بىلەن بىللە سودا-سېتىق تورلىرى، ئىستېمال بۇيۇملىرى، مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى بارلىققا كەلدى. ئېشەكلىك كارۋانلارنىڭ ئورنىنى ۋېلىسىپىتلىك، ماشىنىلىق يولۇچىلار ئىگىلىدى. پەن-تېخنىكىنىڭ كۈچى بىلەن چاقار يېزىسىنىڭ 1991-يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتىدا يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. يايلاق قورۇلۇشى، چارۋىچىلىق تۇرىدىمۇ كىشىنى خۇشال قىلارلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

## رىۋايەت تۇسنى ئالغان دۇنيا

قەدىمكى زاماندا يەتتە يولۇچى بۆكتەر يول (قاراقورۇم تاغلىرىنى بويلاپ ھاسىل بولغان چىغىر يول) ئارقىلىق ھاشى جىلغىسىغا كەلگەندە، ھېرىپ ھالىدىن كېتىپتۇ، ئۇسساپ گاللىرى قورۇپتۇ، ئۇلار چېدىر تىككەن تۆپىلىكتىن بىر نەچچە يۈز مېتىر چوڭقۇرلۇقتا سۇپسۈزۈك ھاشى دەرياسى بار ئىكەن.

يولۇچىلار بىر-بىرىگە بەس سېلىپ دەريادىن سۇ ئەكىلىشكە ئۇنىماپتۇ، ئاخىرى شەرت قويۇپ: «كىم بۇرۇن زۇۋان سۈرۈپ قالسا، شۇ سۇ ئېلىپ چىقسۇن!» دېگەن توختامنى تۈزۈشكەن. بىر كۈن، ئىككى كۈن، تۆت، بەش كۈن ئۆتۈپتۇ، ھېچقايسىسى ئۈن-تىنىش چىقارماپتۇ، ئۇسسۇزلۇقتىن جان ھەلقۇمغا كەلگەندىمۇ ھەممىسى ئۆز «غۇرۇرى»نى، «ئابرويى»نى ساقلاپتۇ. نەتىجىدە ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىشىپتۇ. شۇندىن كېيىن بۇ يەتتە ھورۇن ئۆلۈپ تۈگەشكەن جاي «يەتتە قەلەندەر» دەپ ئاتىلىپتۇ.

نەقەدەر بىمەنە، نەقەدەر تېتىقسىز رىۋايەت-ھە! لېكىن بۇ رىۋايەت بىر ھەقىقەتنى ـ ئىنسان تەييارغا قانائەت قىلماستىن ئىزدىنىشى، تېخىمۇ باياشاد ھايات كۆچۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەكلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، ھازىر دەۋر ئۆزگەردى. ئالغ يېڭىلاندى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈر قوغلىشىپ، تاغمۇ تاغ، شەھەرمۇ شەھەر قاتراپ يۈرسە، بىزنىڭ 30 مىڭ ئاھالىسى بار تاغ رايونىمىز «بېكىنمە» ھالەتتە ياشاۋەرسە، تولىمۇ ئادالەتسىزلىك بولماي نېمە؟

تاغ رايونى چۆل ئەمەس، ئۇنىڭ ھەر بىر جىرا- ئېدىرلىقلىرىدا قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ شانلىق ئىزلىرى، مىللىي ئۆرپ-ئادەتنىڭ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ نامايەندىسى بار. تاغ خەلقىدە، ئۇلارنىڭ قېنىدا ئەجدادلارنىڭ ياشاش، كۈرەش قىلىش ئېڭى ھېلىھەم ئۆركەشلەپ تۇرۇپتۇ.

تاغ رايونى چۆل ئەمەس، بۇ يەر ناھىيە مەركىزىدىن 120 ـ 150 كىلومېتىر يىراقلىقتا، دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىزلىكتە جايلاشقان بولۇپ، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن، ئاپتاپ نۇرى ئاجىز، ياز مەۋسۇمى ىسقا، قارلىق تاغ ۋە قۇملۇق تەرەپتىن كېلىدىغان سوغۇق ئېقىم، ئۈششۈك، قۇم-بوران، ھۆل - يېغىن ىقدارى كۆپ، تاغلىق يېزىدىكى ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تارقاق، تاغ، ئېدىرلار، دەريا، جىلغىلارغا جايلاشقان بولۇپ، ھاۋاسى شالاڭ، تۇپراق تۈزۈلمىسى مۇرەككەپ، تېرىلغۇ يەرلەردە دەريا، ئېقىن، قاپتال، جىلغىلار كۆپ بولغانلىقتىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قىيىن. پەقەت پۈتكۈل تاغ رايونىغا تەۋە 7 مىليون 334 مىڭ مو يايلاقتا جايلاشقان 450 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تاغ خەلقىنىڭ بىردىنبىر بايلىق مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

تاغ رايونى چۆل ئەمەس، ئۇ يەردىن يەنە ئالتۇن، قاشتېشى، تۆمۈر، كۆمۈر، ئاھاك تېشى، چىرىمتال، تاشپاختا، گۈڭگۈرت، تۇز چىقىدۇ. قارلەيلىسى، زەپە، چاكاندا، قىرىقىز، چۈچۈكبۇيا، يەر گۈلى، ناھبۇنە، ياۋا سامساق، زاراڭزا چېچەكى، ئالقات قاتارلىق ئېسىل دورا-دەرمەكلەر، ئالما، غەزمەت، ئۆرۈك قاتارلىق ئېسىل مېۋىلەر چىقىدۇ. زىغىر، مونۇسكا، پۇرچاق قاتارلىق ياغلىق دان مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. تاغ رايونىدىن يەنە ئېپار ئاھۇسى، تۈلكە، داۋغان، بۆرە، ئۇلا، كەكلىك، بۈركۈت، ئاق قۇ، ياۋا كەپتەر قاتارلىق ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان ۋە ئۇچار قاناتلار چىقىدۇ. بۇ يەردىن يەنە داڭلىق ئوۋچىلار، چوپانلار چىقىدۇ، ۋەھالەنكى، قاتناش قولايسىز بولغانلىقتىن، تاغ رايونىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتى، يەرلىك مەھسۇلاتلىرى، ماددىي بايلىقلىرى بېسىلىپ قالماقتا، تاغ خەلقى نامراتلىق ئاسارىتىدە ئۆچۈر، ئىلىم-پەن دەۋرىدىن ئايرىلىپ قالماقتا. كۆپلىگەن تاغ ئاھالىلىرى دۇنيادىن خەۋەرسىز!

شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا بولىدۇكى، كىشىلەرنىڭ تاۋار، بازار كۆزقارىشى ئۆزگەرگەن، ئىگىلىك يارىتىش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بۈگۈنكى دەۋردە، تاغ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر پۇل ئورنىغا چارۋا مال ۋە باشقا ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش سەۋىيىسىدە ياشاپ كەلمەكتە. ھەتتا بەزى كىشىلەر، بازار، يېزا مەركىزى دېگەننىڭ نېمىلىكىنى كۆرمەي ئالەمدىن ئۆتكەن. ئاشلىق

بىلەن قوي ياكى يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئالماشتۇرۇش، قوي تېرىسىنى كېگىز-كېچەك ئورنىدا پايانداز قىلىپ ئىشلىتىش، قوي مايىقى، كالا تېزىكىنى يىغىپ تېرىلغۇ قىلىش. . . قا ئوخشاش ئەنئەنىۋى ياشاش تەبىئىتى ھازىرغا قەدەر داۋاملاشماقتا. بۇنىڭدىكى توپ سەۋەب، قاتناش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى، بۇ خىل شارائىت ئۇلارنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇشىدا، سىرتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشتا پۇت - قولىنى بوغۇپ قويۇۋاتىدۇ.

تاغ خەلقى قوي مايىقى، كالا تېزىكىدىن تاشقىرى يەنە ياپچان، تەسكەن قاتارلىق چۆل ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ كۆتىكىنى يېقىلغۇ قىلىدۇ. ماھىيەتتە بۇ ياشاش ئۈچۈن ئۆز-ئۆزىنى نابۇت قىلىش دېمەكتۇر. چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى كولاپ، بوزغۇنچىلىققا ئۇچراۋەرسە، قۇم-بوران ئاپىتى كۈچىيىپ بوستانلىق چۆللىشىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. چۆللىشىش كېڭەيسە سۇ مەنبەسى يېتىشمەي، يايلاق ۋە تېرىلغۇ يەرلەر ئۈنۈمسىز تۇپراققا ئايلىنىدۇ. تەبىئەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزىدىغان بۇنداق ئايلانما ھەرىكەت تاغ رايونى ئۈچۈن دەھشەتلىك خەۋپ!

دەل مۇشۇ خىل شارائىتنى، تاغ خەلقى دۇچ كەلگەن رېئال توسالغۇلارنى يېڭىش ئۈچۈن يول ياساش، قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى.

1991-يىلى نويابىر، سوغۇق ئېقىم پوتكۇل تاغ قاپتىلىنى قاپلىغان، ئۇششۇك شامال ئەڭ ئاخىرقى يوپۇرماقلارنىمۇ قويماي سارغايتقان چاغ ئىدى. 15 مىڭ كىشىلىك دېھقان قوشۇنى تاغ قاپتاللىرىنى، دەريا، ئۆتەڭلەرنى، قۇملۇق ۋە تاقىر سايلىقنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۇزۇن كەتكەن بارخانلار ئارىسىدىن ئىس چىقاردى.

دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان ئۇلۇغئات داۋىنى لەرزىگە كەلدى. ئۇلۇغساي دەرياسىنىڭ كەلكۈنىدەك لۈمشۈپ ئاققان ھەيۋەتلىك دېھقان سېپى، يوغان شورا، كۆككىر، يامانيار دالىسىنى تالڭ قالدۇردى. يىراقتىن بىر پارچە يوپۇرماقتەك ياشىرىپ تۇرغان ئاغچەك لەڭگەرنىڭ تىپتىنچ كۆل سۈيى بىردىنلا داۋالغۇپ، تارىخنىڭ يېڭى بىر بېتىنى كۆردى. قاراقىش باشلاندى. ئەزەلدىن تاۋاپچىلاردىن باشقا كىشىلەرنىڭ نەزەر كۆزى چۈشمەيدىغان يولچىن دەرياسى ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتتى. قۇم دۆۋىلىرىدە، سېرىق تۆپىلىكلەردە غوچچىدە ئادەملەر توپى پەيدا بولدى. ھەيۋەتلىك كوئىنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالى ئېتىكى، قارىيىپ تۇرغان كەنتلەر ياقىسى، قىزغۇچ ھەم قوڭۇر رەڭدە تاۋلىنىپ تۇرىدىغان تېقىرلىق رىۋايەتلەردىكى تىلسىمات شەھىرىگە ئايلانغانىدى. 15 مىڭ ئادەم مۇشۇ تىلسىمات شەھىرىدە، ئويمان، تۆپىلىكلەردە، مۇشۇ قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا تىنماي ھەرىكەتلىنەتتى.

بۇ قېتىمقى يول قۇرۇلۇشى باشلىنىش ھارپىسىدا مەتنۇرى ئەخمەت ئۈرۈمچىگە يىغىنغا بارىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ بىلىدۇ، بۇنداق يىغىنلارنىڭ باش - ئايىغى ئۇزۇلۇپ بولغىچە بىر نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كېتەتتى. ھەيۋەتلىك سارايلاردا، رەڭگا رەڭ چىراغلار ئاستىدىكى ھەشەمەتلىك سەھنىلەردە سالماقلىق نۇتۇق، دوكلاتلارنى ئاڭلاشنى، يۇمشاق ئايلانما ئورۇندۇق ئۈستىدە كۆزىگە چوڭايتقۇچى ئەينەك تاقاپ، قولىقىغا ئېلېكترونلۇق تىڭشىغۇچ قىستۇرۇپ، سائەت، سائەتلەپ مۈگدەپ ئولتۇرۇشنى ياقتۇرمايتتى. ئۇ لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان، شۇۋۇرغان ھۇۋلاپ، پوتكۇل تەبىئەت تىترەۋاتقان تاغ باغرىدىكى دالىدا، كۆكۈچ ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان چېدىر ئالدىدا، ساقال-بۇرۇتلىرى، كىرپىكلىرى قىراۋداپ ئاقىرىپ كەتكەن، قوللىرى ئويۇشۇپ، چىشلىرى كاسىلداپ تۇرغان جاپاكەش دېھقان بىلەن بىللە ئىشلەشنى،

بىللە يېتىپ-قوپۇشنى، ئۇلار ئىچكەن ئىلمان چاي، قاتتىق ناندىن بىر ئوتلام ئوتلاشنى، بىر بۆردا يېيىشنى بەكمۇ خالايتتى، ئۇ ھەممىنى، ئۆزىنىمۇ، يېنىدىكى سالاپەتلىك ئەربابنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆزى قاتناشقان سورۇنلارنى خامۇشلۇق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. پارۋاي بىلەن ئىسسىتىلغان يۇمشاق كارىۋاتلىق ياتاقتا تۈن يېرىمدىن ئاشقىچە ئويلاندى. ئۇ ئاللىقانداق قىزىل يالغۇزخانىمۇ، قىزىقارلىق تېلېۋىزور نومۇرلىرىمۇ، تەرەپ-تەرەپتىن تەكلىپ قىلىنغان تانسا، سەنئەت كېچىلىكىمۇ، ئېسىل ناز-نېمەتلىك زىياپەت، كۆتۈۋېلىشلارمۇ، ئىلگىرى ئېكراندىلا كۆرگەن، مانا ئەمدى ئۇنىڭغا روبىرو تۇرۇپ تەبەسسۇم قىلىۋاتقان ناخشا چولپانلىرىمۇ ئۇنىڭ زوقىنى تارتالمىدى. ھەتتا ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئوغلىنىڭ شەھەرنى ئايلاندۇرۇش تەكلىپلىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن رەت قىلىندى.

ئوغلى ئۇنى داڭلىق دوختۇرخانىلاردا ئۆزىنى تەكشۈرتۈشكە قايتا-قايتا زورلىغان بولسىمۇ ئۇ سىپايىلىق بىلەن رەت قىلدى:

- سىنىڭ مەقسىتىڭ مېنى مۇشۇ يەردە ئۇزاقراق تۇتۇپ قېلىشقۇ!

ئۇ يىغىن تۈگىگەن كۈنى كەچتىلا ئوغلى بىلەن خوشلىشىپ، يۇك-تاقلىرىنى يىغىشتۇردى. پەقەت بىر كېچىنى ئۆتكۈزسىلا ئەتىسى سەھەردە ئۆز يۇرتىغا ئۇچۇپ باراتتى.

ئۇ ياتاق بىناسىنىڭ 9-قەۋىتىدە تۇرۇپ ئۈرۈمچى ئاسمىنىغا، ئاقار يۇلتۇزدەك جىمىرلاپ تۇرغان كوچا، رەستىلەرگە، بىنالارغا زەڭ سالدى، شاۋقۇن ئىچىدە ھايات قاينىمىغا چۆمگەن بۇ مەركىزي شەھەرنىڭ كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ ئوخشاش، ھەممە ياقتىن ھايات ناخشىسى، ھەممە ياقتىن گۈزەل مەنزىرە، گۈزەل كېلىچەك نامايان بولاتتى. ئۇ ئۆز يۇرتى بىلەن بۇ شەھەر ئوتتۇرىسىدا 2000 كىلومېتىر ئارىلىق بولۇپلا قالماي، مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە تۈرلۈك تەرەققىيات جەھەتتىن ئاسمان-زېمىن پەرق بارلىقىنى بىلەتتى. سانائەت، سودا-سېتىق ئىگىلىكى روناق تاپقان، كىشىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ئۆسكەن، ھاۋا، تۆمۈريول قاتناش-ترانسپورتى تاكامۇللاشقان قاينام-تاشقىنلىق بۇ دۇنيا بىلەن، بىپايان ئاشلىق، پاختا دۇنياسى، بىپايان قۇم بارخانلىرى ئايرىپ تۇرغان توپا چىراي، ھارغىن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا نېمىشقا پەرق بولمىسۇن!

ئۇ دېرىزە ئالدىدا ئۇزاق تۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دەھشەتلىك بوران ئۇۋۇسىدا، زۇلمەتلىك كېچىدە قىيالىق ئارىسىدا گۈرجەك، مىتىن بىلەن چېلىشىۋاتقان دېھقان ئىشچىلىرى بىرمۇ بىر زاھىر بولدى. شۇ تاپ ئۇلار مانا مۇشۇنداق گۈزەل، سەلتەنەتلىك دۇنيا قۇرۇش، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق تۇرمۇش ئالىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تەبىئەت بىلەن، تەڭرىنىڭ ئادالەتسىز تەقدىرى بىلەن ئېلىشماقتا.

مەتنۇرى توختى يېپىنچاقلىۋالغان كاستۇمى-سېرىلىپ چۈشۈپ كەتكەندىلا، ئۆزىنىڭ جەنۇبقا قاراپ ئېچىلغان دېرىزە ئالدا تۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئارقىغا قايتتى.

* * *

ئۇ ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەن تۈنجى كۈنىلا قەھرىتان سوغۇققا قارىماي، ئۇدۇل ئەمگەك مەيدانىغا چاپتى. دەل شۇ كۈنلەردە چاقاردىن نۇرى يېزىسىغىچە بولغان يول قۇرۇلۇشى يۇقىرى پەللىگە چىققانىدى. 55 كىلومېتىرلىق بۇ مۇساپىگە ناھىيىگە قاراشلىق يەتتە يېزا-بازاردىن 15 مىڭ ئادەم كۈچى ئاجرىتىلغان بولۇپ، چاقاردىن ئۇلۇغئات داۋىنىغا قەدەر بولغان ئون نەچچە كىلومېتىر يول جەنۇبقا قاراپ تىكلىنەتتى، ئۇلۇغئاتتىن ئۇلۇغسايغىچە بولغان 20 كىلومېتىر يول توپچا داۋىنى، يولچىن جىلغىسى، ئۇلۇغساي دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بىپايان قۇملۇققا تۇتىشاتتى. ۋەھالەنكى، بۇ يەرنىڭ قۇملۇقى تەكلىماكان

چۆللۈككە ئوخشمايتتى. يەرنىڭ تېگى يوقتەك، قىملىۇق لۈمشۈپ ئاقاتتى. بەزى قۇمساڭغۇ ئېدىرلىقلارنى بىر نەچچە مېتىر كۆتۈرۈشكە، بەزى قۇم دۆۋىلىرىنى بەش -ئالتە مېتىر تۆزلەشكە توغرا كېلەتتى. بەزى هاڭلارغا كۆۋرۈك سېلىشقا شارائىت، مەبلەغ يار بەرمىگەنلىكتىن توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، ئۇلاغ، ئادەم كۈچى بىلەن تىندۇرۇشقا توغرا كېلەتتى.

مەتنۇرى ئەخمەت تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ دېهقانلار يېتىشۋاتقان يولچىن دەرياسى بويىغا كەلگەنىدى، ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىنىڭ ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ گۈشۈق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، هاياجىنىنى باسالماي قالدى.

ئۇدا نەچچە كۈن قار ياغسىمۇ، دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى قىراۋ ئاستىدا ئېگىلىپ تۇرسىمۇ، سوغۇق شامال يۈزلەرنى چېقىپ تۇرسىمۇ، نۇرغۇن دېهقانلار دالىدا، داق يەردە، قاقىر ئوچۇقچىلۇقتا ئىدى. كېچىلىرى تۈن ئۇزۇن، هاۋا سوغۇق، ئاچچىق شامال قەدەمدە بىر هۇشقىيتىپ تۇرىدۇ. كۈندۈزلىرى بوشلۇقتا قۇياش پىلىلداپ تۇرسىمۇ، سوغۇق يەنىلا يىلىككە سانچىلىدۇ. بولۇپمۇ تاش تىزغاندا، تەكشىلەش، بېسىش، چۇشۇرۇشتە، توپا قېزىش، شېغىل تاسقاش، يۆتكەشتە، قول بىلەن ئىشلەش زۆرۈر بولغانلىقتىن، بارماق نېمىگىلا تەگمىسۇن خۇددى ئەينەك پارچىسىغا تەگكەندەك ئاسانلا يېرىلىپ قاناپ كېتەتتى. سوغۇق تەسىرىدىن جاراهەت ئىششىپ پۈتۈن بەدەننى سىرقىرىتىۋېتەتتى.

ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدى، يولچىن دەرياسى بىلەن توپچا داۋىنى ئارىسىدىكى كەڭ بوشلۇقتا چىرا يېزىسى ۋە چىرا بازىرىدىن كەلگەن دېهقان ئىشچىلىرى مىڭىلدايتتى. يولچىن جىلغىسىدىكى توقايلىقلارنى ئۆلچەملەشكەن ئايلانمىغا ئۆزگەرتىش داۋامىدا، مىڭلاپ تىرناقنىڭ يېرىلىپ، قورام تاشلار ئۈستىدە قان داغلىرى قالدۇرغانلىقىنى، نەچچە يۈزلىگەن بەرنا يىگىتلەرنىڭ بىلى چىم بولۇپ كەتكەنلىكىنى، سوغۇق، ئىزغىرىن شامال، جاپالىق ئەمگەك مۇھىتىغا كۆنۈپ، داۋان يولى بىلەن ئېلىشىۋاتقان يول سۆيەر خەلقنى كۆردى. ئۇ يەنە قىزىل چوقادىن هاسىل بولغان تۆپىلىكلەر ئارىسىدا، پالتا، مىتىن بىلەن چوقا يېرىۋاتقان چاقار خەلقنى كۆردى. 300 مېتىر ئارىلىقتىكى قىزىل چوقالىقتا قانچىلىغان پالتىنىڭ بىسى يېنىپ، سېپى سۇنغانلىقىنى، بەللەر مۇكچىيىپ، قوللار تېشىلسىمۇ، يول هاسىل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ يەنە ياقان يار بىلەن كەڭ شورا ئارىسىدىكى بىپايان قۇملۇقنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئانا ماكانى بولغان گۈلاخما يېزىسىدىن كەلگەن دېهقانلار ئارىسىغا كەلدى. بۇ يەردە ئۇ ئۆز قېرىنداشلىرىنى، هەتتا بىر تۇغقان، ئاكا-ئىنىلىرىنى، تاغا، هەدىلىرىنى ئۇچراتتى. ئۇلارنىڭ ئەمگەك شارائىتى ئەڭ مۇشكۈل، ئەڭ جاپالىق ئىدى.

ئاقۇچ دالا، يىراقتىن بىر-بىرىگە مىنگەشكەن ئېگىز تاغلار، تاغ باغرىدا زامان -زامانلاردىن بېرى ئۇيقۇغا كەتكەن سىرلىق تۆپىلىك، تۆپىلىكلەر ئارىسىدا تراكتورلار ئاستا ئۆزمەكتە ئىدى. يوللار قۇملۇق، تراكتور چاقى كەلكۈندەك داۋالغۇپ تۇرغان بوزلاق ئۈستىدە ، قىيالىق جىلغىلار ئىچىدە ئەركىن هەرىكەت قىلالمايدۇ. ماتور قەدەمدە بىر ئۆچۈپ ياكى هەددىدىن زىيادە قىزىپ، چۆللۈكنى بۇس قاپلايدۇ، دېهقانلار بىر ياقتىن قارا يولنى كۆتۈرۈش، تاختىلانغان يول ئۈستىگە تاش بېسىش، تەسكەن ياتقۇزۇش، يەنە بىر ياقتىن تراكتور يولىنى تاش، تەسكەن بىلەن راۋانلاشتۇرۇش، تۈزلەڭ دالىدىكى سوغۇق شامالنىڭ، ئەمگەكنىڭ جاپاسىنى تارتىشتەك قات-قات ۋەزىپىگە دۇچ كەلگەنىدى. ئەنە شۇنداق جاپالىق شارائىتتا 2481 نەپەر دېهقان 37 تراكتور كۈچى بىرلىشىپ، ئالتە كىلومېتىرلىق قارا يول مۇساپىسىنى سۈپەتلىك

ئىشلەپ تاماملىدى.

ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. سوغۇق شامال زەربىسىدىن ياشاڭغىراشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن تونۇش كۆزلەر، يېرىلىپ، قارىداپ كەتكەن چىرايلار، ئۇنىڭ بۇنداق ھاياجانلانغانلىقىنى بايقاپ ئۈلگۈرمەيتتى. ئۇ خورسىنغان ھالدا دامكو دېھقانلىرىنىڭ ئارىسىغا باردى. ئۇلار جاراڭلاپ تۇرغان سوغۇققا قارىماي نۇرى دەرياسىدا شېغىل تاسقاش بىلەن بەنت ئىدى. مۇزدەك سوغۇق سۇ ئىچىدە يۈز، قول، پۇتلىرىنىڭ تاشتەك ئۇيۇپ، قولاق بۇلجۇڭلىرىنىڭ ئۇششۇپ شالپەردەك ئېچىلىپ كېتىشىگە، ئۇزاق، ئىزغىرىن كېچىلەرنىڭ جاننى قاقشىتىشىغا چىداپ جان پىدالىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئۇ نۇرى خەلقىنىڭ غەيرىتى، شىجائىتىگە ھەيران قالدى. نۇرى يېزىسى قاتناش سانى ئاز، ۋەزىپە ئېغىر، مۇساپە ئۇزۇن بولۇشتەك كونكرېت ئەھۋال ئاستىدا، «ئومۇمىي خەلق ئۇرۇشقا قاتنىشىش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، 2000 دىن كۆپرەك ئەمگەك كۈچى بىلەن 600 گە يېقىن ئۇلاغ كۈچىنى ئىشقا سالدى. تۆگىلەرنىڭ كولدۇرمىسى، ئېشەك ئۈستىدىكى تاش بېسىلغان كاجۇلارنىڭ غىچىرلاشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، قۇملۇق ئاسمىنىنى سىلكىندۈردى. تاغ باغرى، خانىيۈت چوققىسى، بىپايان يايلاق ئاسمانپەلەك كۆتۈرۈلگەن بوران ئاستىدا قالدى. غايەت زور ئۇلاغ قوشۇنى پېتىش ئالدىدا تۇرغان قۇياشنىڭ قىزغۇچ يۈزىنى توسۇۋالدى.

ئۇ ھاياجان بىلەن ماشىنا كۆزنىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۈنلۈك سۆزلىدى:

— يىگىتلەر، غەيرەت قىلىڭلار، غەيرىتىڭلار ھەممىنى بېسىپ چۈشسۇن!

يول ياساش قۇرۇلۇشىدا خەلق ئاز جاپا چەكمىدى. دۆلەت ئاز چىقىم تارتمىدى. 1991-يىللىق قارا يول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن دۆلەت 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. يەرلىكتىن 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلدى. دېھقانلارنىڭ ئىككى بېلىكىگە تايىنىپ، 330 مىڭ ئىش كۈنى 380 مىڭ كۇب مېتىر توپا ئىشلىتىلدى. 145 مىڭ كۇب مېتىر ئارىلاشما شېغىل، 55 مىڭ كۇب مېتىر ئىككى سانتىمېترلىق شېغىل تاسقاپ تەييارلىنىپ، يول ئۈستىگە يۆتكەپ كېلىندى.

ئۇ تارىخقا، مانا شۇ تارىخنى ياراتقان دېھقانلارغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قارىدى ۋە مۇنداق جاكارلىدى:

— دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان — ئانا، ئەمما دېھقان پۈتكۈل ھاياتلىقنىڭ ئانىسى.

تارىخ تاغ رايونىنىڭ يولىنى ئاچتى، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان دېھقان ئۆز ئەمگىكى بىلەن بۇ شانلىق تارىخنى يازدى، ئەنە شۇنداق جاپالىق كۈرەش بىلەن ئۇلۇغئاتتىن يامان يارغىچە بولغان 55 كىلومېترلىق قۇملۇق، قىيالىقتىن تاناپتەك تۈز يول ھاسىل قىلدى. ئەنە شۇنداق جاسارەت، غەيرەت - شىجائەت بىلەن ئىشلەپ، كوئىنلۇن تاغلىرىنى، ئىدىرلىقلارنى ھەيران قالدۇردى. ئەنە شۇنداق بۈيۈك ئېتىقاد، بۈيۈك مەقسەت بىلەن چاقار جىلغىسى بىلەن نۇرى بوستانلىقىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇردى.

قەدىمكى دەۋردىن بېرى رىۋايەت دۇنياسى بولۇپ تۇرغان بۇ دەشتى - باياۋان ئادەملەرگە باش ئەگدى.

1994-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە-يېزا تاشيول قۇرۇلۇشى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا، چىرا ناھىيىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، 100 مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاندى.

مەتنۇرى ئەخمەت يېزا يول قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى كۆرسەتكەن ئەجرى - مېھنىتىگە يارىشا «تاغ يولى قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت تەرىپىدىن ئايرىم-ئايرىم مۇكاپاتلاندى.

## ئەسىرگە تۇتاشقان ئون سەككىز توچكا

يول تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتتى. قوم بارخانلىرى ئارىسىدىكى ئاسفالت يولدا سائەتلىك سۈرئىتى 90 كىلومېتىرلىق تېزلىك بىلەن كېتىۋاتقان جىپ ماشىنا ئۇلۇغساي دالىسىدىن نۇرى بوستانلىقىغا تۇتۇشىدىغان 20 كىلومېتىر مۇساپىنى 18 مىنۇتتا بېسىپ ئۆتتى.

18 مىنۇت، 18 توچكا!

بۇ مىنۇت، بۇ توچكا تاغ خەلقىنىڭ يېڭى بىر ئەسىرگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ، ئىلىم-پەن، ئۆچۈر دەۋرى ھەقىقەتەن تونجى ساۋاتقا ئىگە بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى. يول بىر كۈنلۈك ئازاب-ئوقۇبەتلىك مۇساپىنى 18 رەقەم ئىچىگە يىغىنچاقلىدى. ئەلمىساقتىن بېرى تۈت ئەتراپىدىن شامال ھۇۋلاپ تۇرىدىغان بۇ چۆلدە ھېچكىم ۋە ھېچقانداق جانلىق مۇنداق تېز يول يۈرگەن ئەمەس. چۆللۈك ھېچقاچان مۇنداق پىرقىراپ، چۆرگىلىگەن ئەمەس.

ماشىنا چاپماقتا. ئافۇچ تۆپىلىك ئۈستىدە چېچەكتەك ئېچىلىپ ياتقان ياپچان، تەسكىن نوتىلىرى، گۈل-گىياھلار، قامقاق ۋە چۆلچىن ياپراقلىرى تۈگمەن تېشىدەك پىرقىرىماقتا. يىراقتىكى قارلىق تاغلارمۇ ئەسىرلىك ئۇيقۇسىدىن سىلكىنىپ ئويغانغان زور ئەجدىھاردەك قوپۇرۇق كۆتۈرمەكتە، ئېغىناپ لەرزىگە كەلمەكتە.

بۇ يەر تېخى تۈنۈگۈنلا تۈگە كولدۇرمىسىغا ئاشىق بولۇپ سۈكۈتكە چۆمگەن دەشت-قىيامەت ئىدى، ئۆلاغ ئىزلىرى، ئۆلاغ تېزەكلىرى، چىغىر يوللار تېخى ئۆچۈپ كەتمىگەن، چۆل قۇشلىرى، چۆل ھايۋانلىرىنىڭ پەيلىرى، «ئوردا» تۆشۈكلىرى غايىب بولمىغان سىرلىق باياۋان ئىدى. كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا داۋان يەنىلا ئېگىز، يول يەنىلا يىراق، جىلغىلار يەنىلا خەتەرلىك ۋە ئەگرى-توقاي، قۇملۇق يەنىلا كۆز يەتكۈسىز ھالدا پەيدا بولاتتى، مانا بۈگۈن قارا كەمەر، ئادەملەرنىڭ جاسارىتى، كۈچ-قۇدرىتى، ئەقىل-ئىدرىكى بىلەن تەبىئەتنىڭ بېلىگەمەھكەم باغلاندى. ئادەملەر نەچچە كۈنلەر مىدىرلاپ، نەچچە كېچىلەپ تونەپ، جان تەلقىسى قىلىدىغان، تەقدىرنىڭ ئاسارەتلىك قىيىن-قىستاقلىرىغا بىچارىلارچە بويسۇنىدىغان بۇ چۆل، يەنە شۇ ئادەملەر ئۆچۈن «قوغۇن ئېرىقى»غا ئايلاندى، بۇ يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان مۇشۇ چەت، نامرات يۇرت ئۆچۈن ھەقىقەتەن «يۈيگۈنىڭ تاغنى يۆتكىشى»دەك بىر مۆجىزە ئىدى.

18 توچكا ـ مۇشۇ ئەسىردىكى تولىمۇ ئاددىي كىشىلەر تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان بىر مۆجىزە! جاپالىق مېھنەتنىڭ ئەجرىسى بولۇپ، بىپايان بوشلۇقنىڭ يىراق ئۆيۈقلىرىدىن بالقىپ چىققان بۇ تۆھپە گەرچە دۆلەتلىك باھالاشتا ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتقا ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئاددىي، قاتمۇ قات جەبرى ـ جاپا زەربىسىدىن ئەمدىلا قۇتۇلغان دېھقاننىڭ ساپ تەرى، قېنى بەدىلىگە ئىشلەپ چىقىلغان يېڭى مەھسۇلات ئىدى. باشقىلار يۈز يىلدا، مىڭ يىلدا ھەتتا 10 مىڭ يىلدا ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىشنى دېھقان ئىككى يىلغىچە تايىنىپ پەقەت 18 مىنۇت، 18 توچكىغا يىغىنچاقلىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ماشىنىنىڭ سىلكىنىشى بىلەن خىيالدىن باش كۆتۈردى. ئۇ، ئىككى سائەتتىن بېرى چىگىش خىياللار بىلەن گەپ-سۆزمۇ قىلماي ئولتۇرغانىدى. ماشىنا چاقى ئېگىز-پەس داۋانلار، يانتۇلۇقلار، ئەگىملەردىن ھالقىپ ئۆتسىمۇ، بىپايان تۈزلەڭلىك ئىچىدە قانات ياساپ ئۇچسىمۇ، ئۇ ھەممىگە بىپەرۋا ھالدا خىيال سۈرەتتى. ئۇ كاللىسىغا بىرەر ئىش قاتتىق تەسىر قىلغان چاغلاردىلا مۇشۇنداق جىمغۇر، كەم سۆز بولۇپ قالاتتى...

– ئۇ سىزنىڭمۇ قىزىڭىزغۇ؟

ئايالىنىڭ بۇ سۆزى ئۇنى قىينىماقتا، ئۇنى تېگى يوق خىياللار دۇنياسىغا ئىتتىرمەكتە ئىدى. راست، ئايالىنىڭ چېچىلىشى، قېرىنداشلىرىنىڭ، بالىلىرىنىڭ نارازىلىق كەيپىياتلىرى ئورۇنلۇقتەك كۆرۈنەتتى.

شۇنداق ئەمەسمۇ؟ 1990-يىلى مايدا، ئايالىنىڭ يۈرەك كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ئۈرۈمچىگە يۆتكەيدىغان چاغدا ئۇ مۇشۇ ئائىلىنىڭ بىر تۈۋرۈكى، ئايال ئۈچۈن بىردىنبىر ھەمراھ، بالىلار ئۈچۈن باشپاناھ بولۇپ تۇرۇقلۇق، كۆدە-كۆرپىسىنى يۆدۈپ، دەشت-باياۋانغا قاراپ ماڭدى، ئۇ بوسۇغىدىن چىقىۋاتقاندا ئايالىنىڭ كۆزىدە لىغىرلاپ تۇرغان سۈزۈك تامچىلارنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئايالىنىڭ تاشاي دەپ تۇرغان قايغۇ-ئەلىمىنى، ئەندىشىسىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئۈنسىز ھالدا كېتىپ قالدى، ئەجەبا، ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئائىلىگە، بالىلىرىغا، ئۆزىنىڭ يىللىق ھەمراھىغا بولغان خەيرىخاھلىقى يوقمىدى؟

ئۇ شۇ چاغدا تاش يۈرەكلىك قىلغانىدى. ھاياتنىڭ يارقىن پەسلىدە كۆيۈمچان ۋە سادىدە بىر ئايال سۈپىتىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، تۇرمۇشىغا مەنە، گۈزەللىك بېغىشلىغان ساداقەتمەن ئايالى شۇ ئىدى، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر، مۇشكۈل پەيتلىرىدە، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، غەمناك بولغان، ھەسرەتلىك كۆڭلىگە تەسەللى بەرگەن، دەردلىك يۈرىكىگە بېشىنى قويۇپ تىڭشىغان قەدىردان ئايال شۇ ئىدى. ھاياتنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ، مەڭگۈلۈك ئابىدە قالدۇرغان، ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنت تۇغۇپ بېرىپ، ئۇنىڭغا تۈگىمەس بايلىق، خۇشاللىق ئاتا قىلغانمۇ ئاشۇ جاپاكەش ئايال ئىدى. قىشنىڭ زىمىستان كېچىلىرى، يازنىڭ ئۇزۇن تىنچىق كۈنلىرى ئىسسىقتا بىر قاچا تاماقنى، ئىسسىق ئورۇن-كۆرپىنى تەييارلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ يولىغا قاراپ، تەلمۈرۈپ ئولتۇرغانمۇ، ئۆزىنىڭ چۈچۈك، مەنىلىك سۆزلىرى، ئوتلۇق بېقىشلىرى بىلەن ئۇنىڭ ھارغىنلىقىنى كۆتۈرۈپ، ياشلىق روھىنى ئۇرغۇتقانمۇ ئاشۇ ئايال ئىدى.

چىنىدەك پاكىز تۇتۇلغان ئازادە ئۆيدە، ئۇنىڭ راھەتلىنىپ ئۇخلىۋېلىشىغا، تويۇنۇپ غىزالىنىشىغا، باياشاد تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ئۆز تېنى، ياشلىق باھارى، يۈرەك قېنى بىلەن خىزمەت قىلغانمۇ ئاشۇ ۋاپادار، ساداقەتمەن، ئىشچان ئايال ئىدى. لېكىن ئۇ ئاشۇ ئايال ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىل ئۈستىدە قالغان ھاياتى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ھاياتنىڭ جىددىي پەيتلىرىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشقا ئامالسىز قالدى، ھايات دەرياسىنىڭ دەھشەتلىك قىيانى ئۈستىدە ئىككى قېيىققا دۈچ كەلدى. بىرى ئايالىنى قاينام ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئائىلە خاتىرجەملىكىنى ساقلاپ قېلىش؛ يەنە بىرى، ئايالىنى، ئائىلىسىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئۆزى خالىغان يولغا، ئۆزى ئىرادىسىگە ماس ھالدىكى قېيىققا چىقىش. ئۇ كېيىنكىسىنى تاللىۋالدى.

مانا بۈگۈن ئايالى بىلەن بوسۇغا ئۈستىدە خوشلاشقان شۇ كۈندىن توپتوغرا ئىككى يېرىم يىل ئۆتكەندە،

قىزى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم تاش يۈرەكلىك قىلىشقا توغرا كەلدى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئائىلىسى توي ھەلەكچىلىكى بىلەن ھېرىپ ھالدىن كەتكەندى. ئۇنىڭ كىچىك قىزى (ئۇ بۇ قىزىغا تولىمۇ ئامراق ئىدى) توي قىلغان قۇتلۇق كۈندە، دەرقەمدە بولۇشى، تويغا باش بولۇپ، ئۆز پەرزەنتىنى خۇشال قىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ تويى بولغان قىز-يىگىت ئۈچۈن زور بەخت، ئۇلارنىڭ تۇنجى ئىززەت-ئابرويى ئىدى.

ئۇ بۇ نۇقتىنى چۈشىنەتتى. ئۆزى توي ئۈستىدە بولمىسا، كەنجى قىزىنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىنى، قانچىلىك يېتىمسىرايدىغانلىقىنى بەشقولدەك بىلەتتى. چىللاغ، قىز كۆرسىتىش مىنۇتلىرىدا ئۆزىنىڭ ئائىلىدە بولماسلىقى، قىزى ئۈچۈن زور يوقىتىش، قېيىن ئانا، قېيىن ئاتا ۋە ئۆزىنىڭ جۈپتى ئالدىدىكى ئابروي مەسىلىسىگە تاقىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئەمما ئۇ «ئىززەت-ئابروي» بىلەن نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ، نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغنىڭ مېھنەت-مۈشكۈل بەدىلىگە كەلگەن زور قۇرۇلۇشنىڭ سالمىقىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشنىمۇ بىلەتتى. قۇرۇلۇش ئاقساپ قالسا، ئىش توختاپ قالسا، خەلققە قانچىلىك زور زىيان بولىدىغانلىقىنىمۇ ئوچۇق بىلەتتى.

قايسى يولغا مېڭىش كېرەك؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىمۇ، ھۆكۈمەت خىزمىتىمۇ ئوخشاشلا داغدام يول، بىرى داغدام ھەمدە شەخسكە تەئەللۇق، يەنە بىرى داغدام لېكىن ئومۇمغا تەئەللۇق بولۇپ، ئۇ كېيىنكىسىگە مېڭىشنىڭ شەرەپلىك، مېھرىبان ئاتا، سادا قەتمەن ئەر، كۆيۈشلۈك تۇغقان بولۇشتىن نەچچە ھەسسە شەرەپلىك ئىكەنلىكىنىمۇ روشەن بىلەتتى، ئۇ راھەت-پاراغەتكە، جاپا-مۇشەققەتنى خۇشاللىققا، تىنچلىقتا غەم-ئەندىشىنى تېگىشتى. ئۇ ئىككى خىل پۇرسەت ئالدىدا ئويلىنىپ قالمىدى. دادىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش بىلەن «چاكار»لىق بۇرچىنى ئادا قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى.

ئۇ 1991-يىلى يول قۇرۇلۇش ئىشىغا مەسئۇل بولغاندىن بۇيان ئادەتتە تېپىلغۇسىز پۇرسەتتىن بىر نەچچىنى قولدىن بەردى: بىرىنچىسى، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن، ئۇنىڭ ھەرقايسى يېزا-بازارلارنىڭ دائىمىي كومىتېت رەئىسلىرىنى باشلاپ، شىمالىي شىنجاڭنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشى ئورۇنلاشتۇرۇلغىنىدا ئۇ رەت قىلدى، ئىككىنچى قېتىم، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ھەرقايسى ناھىيىلەر دائىمىي كومىتېت مۇدىرلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېكسكۇرسىيىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا چاقىرىق ئەۋەتكەندە ئۇ رەت قىلدى. ئۇ مۇنداق ئېكسكۇرسىيىنىڭ كۆڭۈللۈك بولىدىغانلىقىنى، مىڭ ئادەمدىن بىرىگە نېسىپ بولىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنەتتى. ئۇ چوڭ شەھەرلەرنىڭ لۆمشۈپ تۇرغان ئادەم دېڭىزى ئىچىدە بىر تامچا بولۇپ مېڭىشنى، ئېگىز، ھاۋالىق تاغ مەنزىرىسىدىن، شەھەرلەرنىڭ ئۈزۈلمەس شاۋقۇنلىرىدىن قانغۇدەك ھوزۇرلىنىشنى، كۆڭۈل كۆزىنى ئېچىشنى، دۇنيانىڭ شامىلىنى يەپ، نەزەر دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئويلايتتى. شېرىن چۈشكە ئوخشاش قايتا-قايتا كۆرۈشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. ئەپسۇس، ئۇ بۇ ئىككى قېتىملىق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى. بېشىغا قونغان ئامەت قۇشىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدى؟!

يول ئۈچۈن، نامرات رايون خەلقىنى بۈگۈنكى دەۋرگە باشلاپ كېلىدىغان ئۇزاق يول ئۈچۈن، ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگە، بۈگۈندىن كېلەچەككە ئۆتىدىغان بەخت يولى ئۈچۈن!

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئىنسان هاياتىنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئاۋۇندۇرىدىغان يەنە نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويىدى. باشقىلار شېرىن ئۇيقۇنىڭ ئارامبەخشخانىسىدا جەننەت هۇزۇرىنى سۈرۈۋاتقاندا، قايناق ئولتۇرۇشلارنى، بەزمىلەرنى قۇرۇپ تاڭسا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، باشقىلار تېلېۋىزور ئالدىدا بەهوزۇر ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈۋاتقاندا، ئۇ قاراماي ئېرىتىلىدىغان ئوچاق بېشىدا بولدى. كېچە-كېچىلەپ بۇ جايدىن ئايرىلمىدى.

پۈتكۈل قۇرۇلۇش ئوچاق بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئادەتتە، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوچاق ئۈستىدە كۈنىگە 29ـ 30 توننىغا قەدەر ماي ئېرىتىلىدۇ. هاۋا ئىسسىق، تىنجىق كۈنلىرى ئوچاق بېشىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 50ـ60 سېلتسىيە گرادۇسقا چىقىدۇ. بىر تەرەپتىن قۇياش، قىزىق هارارەت، يەنە بىر تەرەپتىن 300 سېلتسىيە گرادۇسلۇق ماي سۈيۈقلۇقىدىن كۆتۈرۈلگەن سېسىق پۇراق دىماققا ئۇرۇلىدۇ. بۇ يەردە بىرەر سائەت تۇرغان كىشى سېسىق بۇس، ئىس-تۈتەكتىن نەپەس ئېلىشمۇ قىيىنلىشىدۇ. پۈتۈن بەدەن چىلىق-چىلىق هۆلچىلىك ئىچىدە قالىدۇ. يەرگە تېشىپ كەتكەن يېپىشقاق ماي پۇتنى كۆيدۈرىدۇ. ئۇلار هەر بىر كىلومېتر يولغا يېپىتىلىدىغان يەتتە ماشىنا، 21 توننا ماينى مانا شۇنداق مۇهىت ئىچىدە ئېرىتىپ، تەييارلايدۇ. ماي قىزىتىلغىنى 260 سېلتسىيە گرادۇسقا يەتمىسە، ماي سۈمۈرۈش تورۇبىسىدىن يۈرۈشمەيدۇ، ئەگەر 300 سېلتسىيە گرادۇستىن ئېشىپ كەتسە قازانغا ئوت كېتىش هادىسىسى يۈز بېرىدۇ، ئۈستى ماي قازىنى ئاستى ئوت، ئىككى يان ماي تۆڭلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن، مۇنداق مۇهىتتا ئوتنى هەددىدىن زىيادە ئۇلۇغ قالىۋېتىشكە، ئۆچۈرۈپ قويۇشقا، مۆگدەپ، ئۇخلاپ قېلىشقا بولمايدۇ.

هاۋا تونۇردەك قىزىق كۈنلەردە، قاراڭغۇ، بورانلىق كېچىلەردە ئۇ ئۆزىنىڭ يېشىنىڭ چوڭقىيىپ قالغىنىغا، سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىگە قارىماي، ئىس -تۈتەك ئارىسىغا كىرەتتى. چۈنكى ئوچاق بېشىدا ئىشلەۋاتقانلار كەنتلەردىن تەشكىللىك كەلتۈرۈلگەن دېهقانلار ۋە ئۆزى خالاپ كەلگەن ئىشلەمچىلەر بولۇپ، ئىشنىڭ قىيىنلىقىدىن، پات-پات ئادەم ئاز قالاتتى. نۇرغۇن كىشىلەر جاپاغا چىدىماي كېتىپ قالاتتى. خەتەر، ئۆلۈم قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا بولغاچقا، ئۇلارنى تەشكىللەپ تۇرۇش، تۇرمۇشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىخەتەرلىككە، ئىش ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش ناهايىتى مۇهىم ئىدى. ئەگەر ئوچاق توختىتىلىپ قويۇلسا، پۈتۈن سەپ بويىچە ئىش توختايتتى. ئۇ دېمىنىڭ سىقىلىشىغا، پۇتلىرىنىڭ تېلىشىغا قارىماي، ماي تۆڭى ئارىسىدا نەچچە سائەتلەپ ئىشلىدى. ماي ئېرىتىش ئوچىقىنىڭ ئەتراپى تېيىلغاق، ماي ئېرىقى بىلەن ئوچاق ئېغىزى يېقىن بولغاچقا، سەللا بىخەستەلىك قىلىنسا، تېيىلىپ 300 گرادۇسلۇق قىزىق مايغا چۈشۈپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلاتتى. ئۇ بۇنداق خەتەرگە قارىماي، نەچچە ئونلىغان ماي تۆڭلىرىنى ئۆز قولى بىلەن يىقىتتى. ماي تورۇبىسى پۈتۈپ قالغان، توشۇش سۈرئىتىگە تەسىر يېتىش ئېهتىمالى بولغان چاغلاردا يېپىشقاق، قىزىق قاراماي تورۇبىسى بىلەن نەچچە سائەتلەپ هەپىلەشتى. ماي قاچىلاش، قاينىتىش، ئېرىقچىلارنى تازىلاش، چېچىلىپ ياتقان ماي قالدۇقلىرىنى تازىلاش ئىشلىرىدا ئۆلچەم، ئىنتىزام قاتتىق تۈتۈلغانلىقتىن 48 كۈنلۈك ماي قاينىتىش كۈرىشىدە بىرمۇ هادىسە يۈز بەرمىدى. بىرمۇ ئادەم ئۆلۈم خەۋپىگە يولۇقمىدى.

قىزىنىڭ تويى بولغان ئاشۇ كۈنى ئۇ يېرىم كېچە بولغاندىلا ئوچاق بېشىدىن ئايرىلدى. ئۇ هەمىشە شۇنداق. هەر كۈنى، هەر سائەت يول ئۈستىدە دېهقانلار بىلەن بىرگە بولدى. ئۇلار ئۇسساپ، ئاپتاپتا

كۆيسە، ھېرىپ-چارچىسا ئۇمۇ بىللە ئۇسسىدى، بىللە كۆيدى. دېھقانلار جاڭگالدا 50 سېلتىمىيە گرادۇسلۇق قاقاسلىقتا ئوتۇن كولىسا، ئۇمۇ جاڭگالدا، ئاپتاپلىق باياۋاندا ئۇلار بىلەن بىر نانىنى تەڭ يېدى، بىر دۆڭنى تەڭ كولىدى، بىر كۈننى تەڭ ئۆتكۈزدى.

1992-يىل 21 ـ سېنتەبىر، كەچ سائەت 11 بولغان ئىدى، ئۇ بىر كۈنلۈك خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئەمدىلا قوماندانلىق شتابىغا كېلىشىگە، ۋەزىپىسى ئورۇندالغان چىرا يېزا دېھقانلىرىنىڭ قايتماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى ھەمدە كەڭ كادىر، دېھقانلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنى خۇلاسىلاپ ئۇلارنى ئۇزاتتى. نەق مەيداندىلا تېلېفون بېرىپ ماشىنا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ساق-سالامەت قايتىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى. تەسىرلەنگەن دېھقانلار ئۇنىڭ بىلەن ئارقىمۇ ئارقا قول ئېلىشىپ خوشلاشتى. كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغان دېھقان ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىستى:

ـ سىز ياخشى كادىركەنسىز، سىزلا بولسىڭىز بۇ يەردە يىل بويى ئىشلىسەكمۇ جاپا ھېس قىلمايمىز.

ـ مۇدىر، قۇرۇلۇش تۈگىگەندىمۇ بىزنى يوقلاپ بېرىڭ، سىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ـ شۇنداق. بىزگە سىزدەك رەھبەر كېرەك!

كۆپچىلىك تەڭلا شۇنداق دېدى. بۇ دېھقانىنىڭ يۈرەك سۆزى ئىدى. بۇ ئەمگەكنى قەدىرلەيدىغان سەممىي باشلىقى ئالدىدىكى قەسىمى ئىدى.

22ـ سېنتەبىر، كېچە.

ئۇلۇغئات داۋىنى بىلەن چاقار يېزىسى ئوتتۇرىسىدىكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا جىپ ماشىنا ھارغىن كالىدەك ئاستا سۈرئەت بىلەن چىراغ تارتىپ كېلىۋاتاتتى. ئون كىلومېتىر ئارىلىقتا بۈگۈن ماي بېسىلىپ پۈتكەچكە، ماشىنا يول سىرتىدىكى كاتاڭ ئوي-دوڭغۇل، قۇملۇقتىن مىڭىشقا توغرا كەلگەنىدى. ماشىنا سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىقى ئۇنىڭ خىيالىغا پىشقەدەم پوچتىكەش مۇسا ئاكىنىڭ ئەسلىمىسىنى كەلتۈرۈپ قويدى:

ـ يول ئازابى، گۆر ئازابى، ـ دېگەنىدى مۇسا ئاكا ئۇلۇغ تىنىپ، ـ ئازادلىقتىن ئىلگىرى داداممۇ پوچتاكەش ئىدى، پوچتىلارنى تاغار-خالتىلارغا قاچىلاپ، ئېشەككە ئارتىپ ماڭاتتۇق، بىر قېتىم دادام بارات ئاخۇن چىرىغا ئىككى پوتەي قالغاندا بىر توپ بۇلاڭچىغا ئۇچراپ قاپتۇ. بۇلاڭچىلار خالتىلاردا پۇل بارمىكىن دەپ گۇمان بىلەن دادامنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ، بىر دۆڭنىڭ ئارقىسىغا تاشلاپ قويۇپ، خالتىلارنى بۇلاپ-تالاپتۇ، بەختكە يارىشا، ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن رەۋەندىلەر دادامنى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ، كېيىن مەنمۇ خەت توشۇغۇچى بولدۇم.

قىشنىڭ زىمىستان بىر كۈنى، قار ئۇدا ياغقىنىغا تۆت كېچە-كۈندۈز بولغانىدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ جىددىي ھۆججىتىنى چاقارغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. قولا ئاتنى مىنىپ، سەھەرلەپ يولغا چىقتىم. گۆگۈم چۈشكەندە ساتىمغا يەتتىم. بۇ يەردە تاماقلىنىپ يولغا چىقماقچى بولدۇم. شۇ چاغدا تۇداخۇن ساتما مېنى توستى:

ـ ئۇكا، قار قېلىن، يولنى پەرق قىلالماي ئېزىقىپ كېتىسەن، بۈگۈن قونۇپ تاڭ ئاتقاندا ماڭ.

مەن ۋەزىپىمنىڭ جىددىيلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ يولغا چىقتىم. سېغىزلىق ئەتراپىغا كەلگەندە، يولدىن ئېزىپ قالدىم، كېچە قاراڭغۇ، ھەممە يەر ئاپئاق قار، ئاسمان بىلەن يەرنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، شۇ يوسۇندا مېڭىۋەردىم، قەيەر تۈز، قولاي بولسا شۇ يەرنى يول دەپ پەرەز قىلىپ مېڭىۋەردىم. ئېتىم نەچچە تەرلەپ، نەچچە سوۋۇدى، بەزىدە پىيادە، بەزىدە ئاتلىق ماڭدىم، ئەتىسى تاڭ ئاتتى. ئاسمانمۇ، يەرمۇ ئاق، توختىماي ماڭدىم، بىر كېچە - كۈندۈز مېڭىپ ھاشى دەرياسى جىلغىسىغا جايلاشقان بىر نەچچە ئۆيلۈككە يەتتىم.

شۇنداق، ئېزىپ قالغان ئىكەنمەن، بۇنداق چۆلدە نەدىمۇ يول بولسۇن؟ بىر قېتىم ئاتلىق كېتىۋاتاتتىم چۆللۈك سان-ساناقسىز يولتۇزلار تېگىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئۇلۇغئات داۋىنى بىلەن يولچىن دەرياسى ئارىسىدا بىر ئېشەكلىك بالىغا يېتىشىۋالدىم. بالا ئەمدىلا 16ــ17 ياشلارغا كىرگەن بولۇپ، تېتىك، سۆزمەن ئىكەن:

- بۇنداق كېچىدە يالغۇز مېڭىپسىزغۇ؟ - دېدىممەن ئۇنىڭغا ياندىشىپ.

- شۇنداق، بىز يەتتە -سەككىز ئادەم ئىدۇق، باشقىلارنىڭ مىنگەن ئېشەكلىرى يارام بولغاچقا، ئالدىمدا ئۆزاپ كەتتى، مەن بۇ ھورۇن ئېشەك بىلەن يالغۇز قالدىم.

بىز تونۇشتۇق، پاراڭلاشتۇق، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان بۇ كادىرچاق، كۆپ ئۆتمەي ناھىيىگە ھاكىم بولدى، ئارقىدىن ئاپتونوم رايونغا رەئىس بولدى. بۈگۈنكى كۈندە دۆلەت كومىسسارلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. . .

مۇدىر ئەنە شۇلارنى ئويلىدى، نۇرغۇن پوچتىكەشلەر، نۇرغۇن ھاكىملار، شۇجىلارنىڭ مۇشۇ دەشت-باياۋاندا ئات بىلەن، ئېشەك بىلەن يول يۈرگەنلىكىنى، نەچچە كېچىلەپ قار، يامغۇردا سەپەر قىلغانلىقىنى، خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغانلىقىنى ئويلىدى.

مەتنۇرى ئەخمەت ھەددىدىن زىيادە چارچاش، ئازابتىن ئۇيقۇغا كەتتى. شوپۇر ئۇنىڭ سىلكىنىپ ئويغىنىپ كەتمەسلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ماشىنا سۈرئىتىنى تېخىمۇ ئاستىلاتتى. ئۇ بۆشۈكتەك تەۋرىنىپ تۇرغان ئورۇندۇق ئۈستىدە يېنىك پۇشۇلداپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بوش يۇمۇلغان كۆزلىرى يولغا، چۆل قەھرىگە سىڭىپ بېرىۋاتقان ئۇزۇن يولغا تىكىلگەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ يول قۇرۇلۇشى داۋامىدا، تۇنجى قېتىم چارچىغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك «شېرىن» ئۇيقۇغا غەرق بولغانىدى.

شۇ تاپ، نۇرغۇن كىشىلەر شېرىن ئۇيقۇدا، ئۆزگە ئوخشاش باشلىقلار، شۇجى، ھاكىملار، مۇدىرلارمۇ شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن جەم بولۇپ تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىماقتا، تانسىخانىلاردىكى رەڭگارەڭ چىراغ ئاستىدىكى بەختىيار چىرايلار، خۇمارلاشقان كۆزلەر، چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئاستىدىكى تەلمۈرۈشلەر. . .

بىراق، ئۇ يەنىلا ماشىنىدا، تۈت ئەتراپى چەكسىز بوشلۇقتا، قاراڭغۇلۇقتا تۇتىشىپ كەتكەن دەشت-باياۋاندا ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، چۈشىدە زاھىر بولغىنى يەنىلا خۇنى ئۆچكەن كۆزلەر، گەزلىشىپ كەتكەن لەۋلەر، قاتاڭغۇر چىرايلار، چاك - چاك بولۇپ يېرىلغان ئىشچان قوللار.

ئۇ ھەممىنى كۆرۈۋاتاتتى. چۆللەرنى، تاغ - داۋانلارنى بويسۇندۇرغان چېۋەر قوللارنى، قايتماس تەبىئەتلىك ئادەملەرنى كۆرۈۋاتاتتى. ئالۋۇن ئىچىدە جىمىرلاپ تۇرغان قارا چېكىتنى، توختىمقوندى داۋىنىدا مۇزلاپ، كۆكىرىپ كەتكەن چىرايلارنى، يەتتە ئاتا داۋىنىدا تراكتور ئاستىدا ئاڭلانغان زەئىپ

ئېغىراشلارنى، ئۇلۇغئاتا داۋىنىدا گۆرجەك سۇنۇپ ئالقىنىغا چىچىق كىرىپ تېشىشۋەتكەن ياش يىگىتنى، چاقار دەرياسى كەلكۈنىدە ئېقىپ ئۆلۈپ كەتكەن پارتكوم شۇجىسى، سايباغ دەرياسىدا كەلكۈنگە غەرق بولغان 18 ئايالنى. . . چۆلدە قارغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولغان ئات - ئېشەكلەرنى كۆردى.

1992-يىل سېنتەبىر.

ھاۋا ئوچۇق ۋە سالقىن ئىدى، 315-نومۇرلۇق تاشيول بويىغا جايلاشقان بىپايان چۆللۈك بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. خوتەن قاتناش باشقارمىسى، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، ئىدارە، ئورگان، مەكتەپلەرنىڭ ئىشچى-خىزمەتچى، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولۇپ 2000 - 3000 دەك زور قوشۇن 315-نومۇرلۇق يولدىن شەرقىي جەنۇبقا ئايرىلىپ چىققان 90 گرادۇسلۇق ئاچالدا ئىككى رەت بولۇپ تىزىلغانىدى. سەپنىڭ ئالدىدا رەھبەرلەر، بالىلار ئوركېستىر ئەترىتى، سەنئەت ئۆمىكى، تېلېۋىزىيە سۈرەتكە ئېلىش خادىملىرى، رەڭدار بايراقلار، پلاكاتلار كۆز ئالدىمىزدا لەرزان لەپىلدەپ تۇراتتى. دەل سائەت سەككىزدىن 18 مىنۇت ئۆتكەندە، ئاچالدا تۇرغان كەڭ قوشۇن ئالقىش سادالىرى ياڭراتتى. داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇناي، پوجاڭزا ۋە چاۋاك ساداسى قوشۇلۇپ، ئاجايىپ بىر ھەيۋەتلىك ھايات مارشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئاچالنىڭ جەنۇبىدا ۋىلايەتتىن كەلگەن 30 غا يېقىن چوڭ - كىچىك ماشىنا كارۋىنى بىر-بىرلەپ توختىدى.

ۋەكىللەر غوپۇر ئابدۇللا ۋالىينىڭ ھەمراھلىقىدا پاياندار ئۈستىدە سالماق قەدەملەر بىلەن ئاممىا ئارىسىدىن ئۆتتى. ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىدىن كەلگەن ۋەكىللەر كۆكسىگە قىزىل گۈل تاقىغان ئىلغار شەخسلەر دەرۋازا ئالدىغا قاتار تىزىلدى، ئۇلار تاغ رايونىنىڭ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ تۇنجى دەرۋازىسى ئالدىدا يېپيېڭى بىر مۆجىزىنى كۆرگەندەك بولدى.

ۋالىي غوپۇر ئابدۇللا تەنتەنىلىك ھالدا مۇنداق دېدى:

- يولداشلار، بۈگۈن بىز ئىنتايىن خۇشال ھالدا بىر يەرگە جەم بولۇپ چىرا تاغ رايونىدا قاتناش باشلانغانلىقىنى تەبرىكلەش ئالدىداتۇرۋاتىمىز. ئالدى بىلەن مەن قاتناش نازارىتى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلارغا، چىرا خەلقىگە ماددىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن كەسپىي تارماقلارغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن. چىرا خەلقىنىڭ تاغنى تالقان قىلىدىغان باتۇرانە روھىغا، چىرىدىكى رەھبىرىي كادىر ۋە دېھقانلار ئاممىسىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

لېنتا كېسىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ۋەكىللەر رەتلىك تىزىلىپ، چاقار تاغ يولى دەرۋازىسىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتتى. بىر نەچچە يۈز مېتىر يىراقتا سوزۇلغان بۇ زور قوشۇن گۈلدۈراس سادالار ئىچىدە يېڭى بىر سەپەرنى باشلىدى.

بىپايان چۆل، نەچچە ئون كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سەپ تۈزگەن ئاپتوموبىل كوئىنلۇن تاغلىرىغا قاراپ ئىلگىرىلەيتتى. بىر-بىرىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان بۇ كارۋان، جەنۇبقا ئۇچقان ئاق قۇلاردەك تۈپتۈز ئاسفالت يولدا لەرزان ئۈزەتتى. چېقىلغاي داۋىنىدىن ئۆرلىگەن كارۋان ئويچاپ جىلغىسىغا، سىغىزلىق داۋىنىغا كەلگەندە كارۋان بېشى توختىدى.

- مانا بۇ يەر يول قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ مۈشكۈل يەرلىرى. . .

غوپۇر ئابدۇللانىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ۋەكىللەر سىغىزلىق داۋىنى ئۈستىدە تۇرۇپ، جەنۇبتىكى

ئويمانلىقنى كۆرۈشتى. شەرق ۋە غەربى گىياھ ئۈنمەس تېقىرلىقلار بىلەن تولغان بۇ قۇرغاق دېڭىزدا بىرەر تال گىياھ-ئۆسۈملۈكنىڭ بولمىغانلىقى، سۇ ۋە ئوزۇقلىنىشقا قىيىنچىلىقنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا 42 ـ 43 سېلتسىيە گرادۇسلۇق تومۇز ئىسسىقتا، سۇ ماشىنىسى، سۇ تورۇبىسى ئەتراپىغا يېپىشقان بەدىنى ئاپتاپتا كۆيۈپ، لەۋلىرى قۇرىغان، كۆزلەرنىڭ گۆنى ئۆچۈپ، بەدىنى قورايدەكلا بولۇپ قالغان بىر توپ دېھقان كېلىۋالدى.

ئۇلار تۇزلۇق ساي، قورام تاشلىق جىرا، ئويمان توقايلاردىن ئۆتۈۋېتىپ، ئىنسان قۇدرىتىنىڭ ھەممىگە قادىر، ھەممىگە يۈكسەك ئىلاھ ئىكەنلىكىنى، ئادەملەر مېھنىتىنىڭ بىباھا ئىكەنلىكىگە چىنپۈتتى. ۋەكىللەر ئويچاپ، سېغىزلىق، تاۋغاز، چۆرۈش توقايلىقىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، چاقار كۆۋرۈكى بويىدىكى سالىلىقلارنى بويلاپ كېتىۋاتقاندا، يىراقتىن چوقچىيىپ تۇرغان ئېگىز قاساڭلار، چاپلىقلاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈۋاتقاندا، مۆڭلىنىپ تۇرغان پاكار ئۆيلەر، دەرەخلىكلەر، قىلمىن قومۇشلار ئارىسىدىكى شىۋاقلىق سۇ ئامبارلىرىنى كۆرگەندە، گويا يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇرغان ئەمگەك ناخشىسىنى، يىراق ئۆتمۈشنىڭ مۇڭلۇق زارىنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

ۋەكىللەر ئۇلۇغئاتا، ئېشەكئاتا، ئارىش داۋىنى، قىرىقوم داۋىنى، يانچىقشىنىڭ داۋىنى، ئاقتازگوم ۋە توپچا داۋانلىرىنى بېسىپ ئۆتتى. ئاسمانپەلەك تېقىرلىقلار ئارىسىدىكى قىرلار، ئويمانلار، بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن خۇددى بىر توپ ئۇسمۇر قول تۇتىشىپ كېلىۋاتقاندەك داۋانلار، توقايلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى مارىلاپ تۇراتتى، ئادەم، كەنت، ئۆيلەر، تورخۇن، ئىس-تۈتەكتىن ئەبەدىي خالىي بولغان بۇ بارخانلار ئارىسىدا ئاپتوبۇس ماتورلىرى يېرىلغۇدەك گۈركىرەيتتى، يولنىڭ داۋنى، ئويمىنى، توقايلىرى كۆپ، جەنۇبقا ئېگىز تېگىلىگەنسېرى تىكلەپ بارغانلىقتىن، سۈرئەت ئاستىلاپ ھەممىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

ۋەكىللەر توپچا داۋىنىدا توختاپ ئۆتتى. جەنۇبقا قارىغان ھەر قانداق كىشى بۇ داۋاندىن ساق-سالامەت چۈشۈشكە ئۈمىد باغلىيالمايتتى. داۋان تىك، مۇساپىسى ئۇزۇن، ئايلانمىلارنىڭ يانتۇلۇق دەرىجىسى چوڭ، قىيا ۋە ھاڭلاردىن ۋەھىمە يېغىپ تۇراتتى، ئاتۇشتىن كەلگەن بىر نەچچە ۋەكىل كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى. ئۇلار خەتەرلىك داۋان يولىدىن قورقۇش ئەمەس، بەلكى قاتتىق سۆڭەك چىرا دېھقانلىرىنىڭ غەيرەت-شىجائىتىدىن، ھاياتنىڭ ئەڭ ئېغىر مۇشكۈللىرىگە بەرداشلىق بەرگەنلىكىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى.

ـ توۋا دەيمەن، مۇنداق جېنى مەزمۇت، چىدامىلىق ئادەملەرنى كۆرمەپتىكەنمەن، ئۇلارنىڭ ھېلىمۇ ھايات ئىكەنلىكىنى كۆڭلۈمگە ھېچ سىغدۇرالمايۋاتىمەن.

ـ شۇنداق، ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك خەلقكەن!

كارۋان قوزغالدى. يولچىن دەرياسى بويىدىكى ئويمان-تۆپىلىكلەر ئارىسىدا، كۆكقىر قاساڭلىرىدا دېھقانلارنىڭ تىرناق قانلىرى قالغان تەشمىلەر، ئۆيۈل تاشلار، ئەينەكتەك ئاسفالت ئۈستىگە ئەكسىنى تاشلاپ تۇراتتى. يوغان شورا بىلەن يامانيار ئارىسىدىكى قۇملۇق دالىدا، تراكتور چاقلىرى ئاستىدا ھاسىل بولغان توپا قايناملىرى، ئەگرى چىغىر يوللار، دېھقانلار ياققان گۈلخان ئىزلىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

تۆت سائەتلىك سەپەر ئاخىرلاشتى. ۋەكىللەر نورى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قورۇسىغا كىرىپ

كەلگەندە، چۆشلۈك تاماق ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ساھىبخان يېزا ئۆزلىرىنىڭ بار شارائىتىغا ئاساسەن چوڭ يىغىن زالىدا چۆشلۈك تاماق تەييارلىغانىدى. يەرلىكلەر ئالاھىدە بىلىدىغان تونۇر كاۋىپى، قېرىن كاۋىپى، شورپىدىن تارتىپ، ئۆپكە - زاسۈيگىچە تەييارلانغان بۇ سورۇن تازا قىزىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. بىراق ۋەكىللەر قايتا-قايتا تەكلىپ قىلىشلارغا قىزىقمىدى. خۇددى ئۇلار مۇھىم بىر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغاندەك ياكى بىرەر نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك خاموش ھالدا ئولتۇرۇشتى. يېزا مەسئۇللىرى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈچ كۈن بۇرۇن ئورۇنلاشتۇرغان كۆتكۈچىلەرنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. بۇنداق سۈس كەيپىياتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىل زادى نېمە؟

ۋالىي غوپۇر ئابدۇللا بۇ قېتىمقى يول قۇرۇلۇشىدا ئالاھىدە تۆھپىسى بار، پۈتكۈل تاغ رايونى يولىنى ئىشلەشتە باشتىن- ئاياغ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان يولداش مەتنۇرى ئەخمەتنى مىكروفون ئالدىغا تەكلىپ قىلىشى بىلەن تەڭ زال ئىچى جانلىنىپ كەتتى.

ئۇ مەغرۇر قەدەملەر بىلەن مىكروفون ئالدىغا كەلدى:

— يولداشلار، ۋەكىللەر! سۆزلىگۈدەك، تىلغا ئالغۇدەك ھېچ ئىش يوق، ئەگەر پۈتكۈل قۇرۇلۇشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان دېيىش توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىدىكى رەھبەرلەرگە، قاتناش تارماقلىرىغا، تاشيول ئىشچىلىرىغا، دېھقان قېرىنداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇلارنىڭ غەمخورلۇقىغا، ماسلاشقانلىقىغا، جاپاغا چىداپ ئىشلەش روھىغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن. . .

گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. بايىقى جىمغۇرلۇقنىڭ ئورنىنى كۈچلۈك شاۋقۇن ئىگىللىدى، تۈگۈن يېشىلدى. ئۇلار يول بويى نۇرغۇن ئابىدىلەرنى، نۇرغۇن خەتەرلەرنى ھېس قىلغان، چۆلنىڭ، دەشت-باياۋاننىڭ دېھقانلارغا كەلتۈرگەن توسالغۇلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلغان، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە، تاغ رايون خەلقى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا بەخت يولى ئاچقانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنىدى.

مەتنۇرى ئەخمەتنىڭ شۇ سۆزلىرى ھەممە كىشىگە زور ئىلھام بولدى. تاماق ئۈستىدە شىمالىي شىنجاڭدىن كەلگەن بىر ۋەكىل ھاياجان بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن بۈگۈن بىر ئەسىرلىك تارىخنى كۆردۈم، مىڭ يىللىق جەبىر-زۇلۇمنى مەنسىتمىگەن، ئۆز تەقدىرى ئۈستىدىن ئىزدەنگەن چىرا خەلقىنى كۆردۈم. ئەگەر شائىر بولغۇنۇمدا ئىنتايىن تەسىرلىك بىر كۇپلېت شېئىر يېزىپ، ئوقۇۋېتەتتىم. . . خەير، كۆڭلۈمدىكى بارلىق ھۆرمىتىمنى بىر جۈملە سۆز بىلەن ئىزھار قىلاي. . . ياشىسۇن چىرا دېھقانلىرى! . . .

بۇ تارىخنىڭ ساداسى، دېھقان ئىشچىلىرىغا بېرىلگەن ئۈنسىز مۇكاپات ئىدى. يول ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغانلارغا قىلىنغان جاراڭلىق خىتاب ئىدى.

يول تېخى ئۇزۇن، خەتەرلىك تاغ-داۋانلار يەنە بار، چىرا خەلقى ئۆزلىرىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ يولنى مەڭگۈ داۋام قىلدۇ. ئۇ بۇ يولدا مەڭگۈ توختىمايدۇ. يىراق باياۋاندىكى ئۇنتۇلغان ئۆتمۈشنى، چۆل-جەزىرە تۇرمۇشىنى، توختىمقوندى داۋىنى، ساتما چۆلى ۋە نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى گۈزەل، پارلاق كېلەچەككە ئۇلايدۇ. ئەجدادلارنىڭ شىجائەت بىلەن، تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلىش روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، تېخىمۇ داغدام، تېخىمۇ پارلاق بىر يول ياساش ئۈچۈن مەزمۇت قەدەم تاشلايدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

ئارسلان

# سېھىرلىك سىرلار

## تامچىلاپ تۆكىدى قان

تامچىلاپ، تامچىلاپ تۆكىدى تامام
جەڭچىنىڭ يۈرىكى، تېنىدىكى قان.
ۋە قانغا چىلانغان ئۇ قانلىق جەڭچى
ئاخىرى ئۈزدى بىر سىلكىنىپلا جان.

قارايدى،
تۇپىغا سىڭىپ يوقالدى
ئۇق تەشكەن كۆكرەكتىن ئۇخچۇپ چىققان قان.
جەڭچىنىڭ چىرايى ۋە تېرە رەڭگى
قايتتى ئۆز ئەسلىگە سارغىيىپ شۇئان
تۆرەلگەن چاغدىكى تۇپا رەڭگىگە
قايتىشقا قايتىدىن تېپىلىپ ئىمكان.

كاشكىندى تىنىقى توختىغان شۇ تەن
دىللاردا تىرىلىپ تاپسا قايتا جان،
ئەمەلگە ئاشسا ئۇ جەڭ قىلغان نىشان.

نەپخورلۇق، نامەقلىق، تەڭسىزلىك، زۇلۇم
بولسىدى يىلتىزى بىلەنلا گۇمران.
ئاق نىيەت، شاپائەت، ئەپۇچانلىق ھەم
ئۇيۇقتىن ئويۇقتا بولسا ھۆكۈمران.
ئۆزگىنى ئازابتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن
ئۆزىنى ئۆلۈمگە بېرىش روھىنى
كۈيلىسە ئىدى كەڭ زېمىن، كەڭ ئاسمان.
شۇ جەڭچى تۇپىسىدىن كۆپەيگەن تۇپراق
ھاسىل قىلمىسا باغرىدا پىنھان
ئوق-قىلىچ ياساشقا كېرەك تۆمۈرنى؛
بۇ ئۆلۈم قىممىتىدە قالمايتتى گۇمان،
تىنچ-ئامان گۈللىنەر ئىدى بۇ جاھان.

1991-يىل 18-يانۋار، ئۈرۈمچى

## دۆربىلچىنىڭ كېچىسى

بىلەمسەن، دۆربىلچىن كېچىسى، نىگار،
بىر قارا مەخمەلدۇر ئاسمانغا ئاسقان.
ئاي ئۆرلەپ سۈرتىدۇ ئاپئاق ياغلىقتا
چوقىلار بېشىنى كۆككە تاقاشقان.

تاغلارنىڭ ئېگىز-پەس كۆرۈنۈشلىرى
تەۋرىگەن مەنزىرە چۈشتىكى دۇنيا.



يىلاندەك تولغىنىپ ئېتىلىپ كېلەر
جىلغىلار بويلىغان قەدىمكى دەريا.

كېچە تىنىقىدا تەۋرەر ياپراقلار،
كېچە تىنىقىدا ھىجران پىغانى.
تىترىتەر يۈرەكنى گارمۇن پەريادى
ۋە گۈللەر، قۇشلارنىڭ نەغمە - چۇقانى.

سىغار تۈن قانىتى ئاستىغا ھەممە،
جەمدۇر خام خىياللار قاراڭغۇلۇقتا.
يۇلتۇزنى قۇچاقلاپ تۇرغان چەكسىزلىك
باشلايدۇ دىللارنى كەڭلىك، يورۇقتا.

مۈككىلى جاي بار تۈن قوينىدا بىزگە،
زېمىننىڭ ئېپتىدائىي جىملىقى ھەممەدەم.
تۈگمەس نۇر بىلەن سايە ئويۇنى،
تولۇنئاي لەرزىشىنىڭ ھاياجىنى ھەم.

قارامتۇل تۇماندۇر تۈن قاراڭغۇسى،
مۆكەركەن كۈندۈزى قىزلار كۆزىگە.
تۈن سۆيەر شەبنەملىك لېۋىدە يەرنى،
ئاي - تامچە ياش قونغان تۈننىڭ يۈزىگە.

بىلەمسەن دۆربىلجىن كېچىسى، نىگار،
تەسەۋۋۇر، داستان ۋە تىلسىمات گويا.
ئۇ تاتلىق چۈشىدە تاڭنى چۈشەيدۇ،
ئۇنىڭ ھەر تىنىقى بىر ھايات گويا.

1991-يىل 7-ئاپرېل، دۆربىلجىن

## شېئىرىم ۋە مەن

كۈننىڭ تال-تال نۇرلىرىدىن توقۇدۇم شېئىر،
ئۇ ئالتۇندەك، ئۇ ئاپتاپتەك پارقىرار ھامان.
قىزىل قېنىم، كۆز يېشىمنى چىقتىم سىڭدۇرۇپ،
نازۇك تىترەر ئۇنىڭدىكى سېھىرگە باي جان.

ئۇ، چىقماقتا كۈن قوينىغا، نۇرغا يامىشىپ،
بىر سەپەركى، چۈشتەك ئۇزۇن ۋە گۈزەل جەريان.
ئۇ تاپماقچى بەلكى نۇرلار يارالغان جاينى،
تونۇماقچى مۇھەببەتنى ئۆزىنى تۇغقان.

ئۇ، ھېسسىياتىم چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتمەكتە،
قۇتۇلماقچى بەلكى قېچىپ پىكىرلىرىمدىن.
ئۇ بارماقتا ئۆرلەپ ئالەم چەكسىزلىكىگە،
ئەرك ئىزدەپ، يىراقلاپ ۋەز-زىكىرلىرىمدىن.

قان رىڭىنى بەرمەك بەلكى تاڭلارغا لەزىز،
مۇڭ بەرمەكچى كېچىلەرنىڭ كۆيگە شەكسىز.
پاكلىماقچى كائىناتنىڭ جىلۋىلىرىنى،
ئويغاتماقچى يۈرىكىنى جاھاننىڭ چەكسىز.

ئۇنىڭدا يوق ماڭا تۇيغۇ، سۆيگۈ، خاتىرە،
ئۇ چاقنىدى، لېكىن قالدىم مەن قاراڭغۇدا.
يەر شارىنىڭ سايىسى تۈن ئىكەن ئۆزىگە،
ئۇنتۇلۇشتىن قۇتۇلۇش يوق چەكسەڭمۇ نىدا.

1992-يىل 15-ئىيۇن، ئۈرۈمچى

## قارايغان گۈگۈمدىن تاڭ ئاقارغىچە

قارايغان گۈگۈمدىن تاڭ ئاقارغىچە،
شېئىردىن گۈلخانلار يېقىپ چىقىمەن.
يۇلتۇزلار سازىغا تەڭكەش قىلىپ مەن،
پەرىشتە ناخشىسى توقۇپ چىقىمەن.

ھەمراھىم ئۇخلىماس دەريادۇر پەقەت،
ئاي-يۇلتۇز ئالمىشىپ چاچار ئاق چېچەك.
شاماللار ئۇچۇرار ئەسلىمىلەرنى
جاھانغا جىمجىتلىق يايغاندا ئېتەك.

يوقرالار سوزۇلۇپ ئۇخلايدۇ ھەر خىل،
قايغۇنى قۇچاقلاپ يېتىشى بىر خىل.
نۇر بېرەر يوشۇرۇن دىللار دۇنياسى
ۋە ھايات رەڭلىرى ناخشامغا سەر خىل.

ماختاشقا ئىرىشىش مەقسىتىم ئەمەس،
بولبۇلمۇ، ئادەممۇ كۆيلىمىسۇن، بەس.
ئىنسانلار چۈشىگە كىرىدۇ سىڭىپ،
سۆيگۈلۈك چاقىرىقىم چىقارغان نەپەس.

كۆكسۈمدە تاغ ئاھى، ئورمان تىنىقى،
قېنىمدا يۈگۈرەيدۇ دېڭىز دولقۇنى.
ئادەملەر قەلبىدىكى چۈش سۈرەتلىرى
ئۆتمۈشتىن كەلگۈسىگە تاشلايدۇ مېنى.

يازمايمەن تۆرىلەر سۆلىتى ياكى
روھلىرى تۈگەشكەن ئۆلۈكلەرنى دەپ.
يازىمەن پۇقرانىڭ دەرد قوچاقلىغان
ھاياتى-ماماتى رىتىمىن ھەدەپ.

ئۆلىدۇ دۇنيادا جىمىكى نەرسە،
ئىنساننىڭ قايغۇسى ئۆلمەستۇر بەلكى.
سوزۇلار تۈن،
ئۆچار تاغلار، ئورمانلار،
ئاۋازىم قوياشتەك ئۆچمەستۇر بەلكى.

1991-يىل 8-ئاپرېل

## قوياشقا ئىسمىنى يازالىغان كىم

ئۆزىنى قوياشقا ئوخشاتقانلار كۆپ،
قوياشقا ئىسمىنى يازالىدى كىم؟
كۆچىنى چاقماققا ئوخشاتقانلار كۆپ،
چاقماقنى قول سوزۇپ تۇتالىدى كىم؟

زۇلمەتنى ئاپەت دەپ تىللار ئادەملەر،
زۇلمەتسىز كېچىنى تاپالىدى كىم؟
زۇلمەتقۇ، ئاپەتقۇ ھەمراھ كېچىگە،
كېچىدىن ۋاز كېچىپ ياشالىدى كىم؟

قاپقانلار كۈندۈزمۇ قويۇلۇۋېرەر،
ئەجەلدىن ئاپتاپتا تانالىدى كىم؟
ھالاكەت قونۇقلۇق ۋاقىت ئۈستىگە،
كۈندۈز يا كېچە دەپ قارارلىدى كىم؟

ئىنسانلار ئالدىراش ھەم خۇشال لېكىن،
بوشاڭلىق ۋە دەردتىن قاچالىدى كىم؟
1992-يىل 12-ئىيۇن

## شېرىن دەم

زۇمرەت سۇ بويىدا ئۆتتى شېرىن دەم،
گۈللەرنىڭ بەرگىدە قالدى تىترەك ھەم.
ئىللىق ياز تۈنىدىكى مەنزىرىلەردىن
قەلبلەر بېغىغا تۆكۈلدى شەبنەم.

نېمىنى ئەسلىدىكى ئاي، سوغ يېشىدا
كېچىنىڭ پەردىسىنى ئەيلىدى خوپ نەم.
ئاھ، رەڭدار، جىلۋىدار شۇ ئەسلىمىلەر
يۇلتۇزلار ئاستىدا ئۆتكەن شېرىن دەم...

ئەستىلىكنى ساقلايتتى زېمىن قانچە دەم؟
ۋاقىتتا يوق ئارتقا چېكىنگۈدەك پەم.
بەس، كەتكەن ئىشلارنىڭ كەتكىنى ياخشى،
سوزۇلغان نەرسىدە يوقىلىدۇ تەم.

1992-يىل 4-ئۆكتەبر

## بۇ سەنىمدىڭ ئەي پەرىشتەجان

بۇ سەنىمدىڭ ئەي پەرىشتەجان،
يۈرىكىمدە پىچىرلاپ تۇرغان.
سەن چۈشلىرىم ماكانى، مېنى
چاقىر تۇۋلاپ، توختىسۇن پىغان.

ھەر توۋلىشىڭ بىر ناخشا ماڭا،
ناخشىدا بار كۆزۈڭ چاقنىغان.
ھەر توۋلىشىڭ ئاچىدۇ ماڭا
سۆيگۈ تولغان شېرىن بىر جاھان.

بۇ سەنىمدىڭ ئەي پەرىشتەجان،
يۈرىكىمدە پىچىرلاپ تۇرغان.

1994-يىل 20-ئاۋغۇست

## سۆكۈتنىڭ ئۆزى بىر ناخشا

ئېگىزگە يامىشىپ قاچتى كۈن نۇرى،
يوقالدى ئۇپۇقتا كۈندۈز قوسقان قان.
ئۈززۈلدى يىپىدىن پەلەك پەردىسى،
يۇلتۇزلار پەرىلەر كۆزىدىن ئاققان.

دەم ئالار شامالىلار تاغقا يۆلىنىپ،
ئوي - ئويلار قوملۇقتا تىكىلىپ بوستان.
سۆكۈتنىڭ ئۆزىمۇ ئاجايىپ ناخشا،
دەقىقە ئېيتار بۇ ناخشىنى جاھان.

1994-يىل 2- سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

## سېھىرلىك سىرلار

روبىرو ئولتۇرۇپ قالدىم ئالدىڭدا،
يارەبىم، قونغانمۇ يۇلتۇز كۆزۈڭگە.
قىزىلىق گۈل چىرايىڭ نۇرلىنىپ، مېنى
كۆرۈنمەس بىر كۈچتە تارتتىڭ ئۆزۈڭگە.

دوستۇڭغا بۇرۇلۇپ كۈلدىڭ شىۋىرلاپ،
قۇياشنىڭ نۇرىدەك تىترىدى كۈلكەڭ.
چېچىكىنى توزغىتتىڭ، جېنىم توزغىدى،
مەڭزىڭگە ئەتىرگۈل بېرىپ ئۆتتى رەڭ.

قارايمەن زۇۋانىمۇ سۇرەلمەي ساڭا،
تەلمۈرۈپ بىھۇدە چېكىپ مەن ئازاب.
سۆكۈتلۈك روھىمدا يەككە مۇھەببەت
تەلۋىلىك خىياللار كەلكۈنى قوزغاپ.

بىقارار كاج تەقدىر تونۇشتۇرۇپتۇ
يېڭى بىر ھەسرەتكە توغرىلاپ مېنى.
نە دەردىم، نە ئارمان، ئەپكەتسەڭ گۈزەل،
تۈنلىرى چۈشۈڭگە ئوغرىلاپ مېنى.

چاندۇرۇپ تىكىلىپ قارايمەن ساڭا،
قاراشتىن دەردىمىڭ جان تاپار تەسەللى.
سۆيگۈدىن يوشۇرۇن شادلىنىش پەيتى
بېرىدۇ چىن قىممەت ئازابقا بەلكى.

مۇشۇنداق ئولتۇرۇشقا رازىمەن مىڭ كۈن
ئۆمۈرنىڭ چېكىدىن قورقماي بىمالال.
سەن باركى تىنچىيدۇ قارا قايغۇلار،
سەن قۇربى مۇقەددەس بىر ساھىبجامال.

يۈزمۇ يۈز ئولتۇرۇپ قالدىم ئالدىڭدا،
يارەبىم، سۆزلىرىڭ كۈي بىلەن ئوخشاش.
سېھىرلىك سىرلارنىڭ تۇتقۇنى بولدۇم،
تاش تەشتى كۆزۈمدىن تامچىلىغان ياش.

1995-يىل 26-ئاۋغۇست

**ئابلەت ئابدۇرېشىت (بەرقى)**

## مەھەللەم

قىبلىگاھ ئەمەسسەن ئاددىي بىر زېمىن،
ھېچ كىشى سەن ياقنى قىلمايدۇ تاۋاپ.
ھەتتاكى ساقىت سەن نەزەردىن، كۆپلەر
ئىسمىڭنى سورىسا بېرەلمەي جاۋاب.

www.uyghurkitap.com

شۈنچىلىك ئاددىيسەن، ئاددىي ۋە تازا،
توپىلىق يولۇڭدا تىنەيدۇ شامال.
باھاردا گۈللەرگە پۈركەنسە باغرىڭ،
كۈزلۈكى ياپراقلار ئۇچار بىمالال.

بىلمەيدۇ كىملەرنى قىلدىڭ تەۋەللۇت،
بىلمەيدۇ قايسى قۇش كۆكىڭدە ئۇچقان.

سېنىڭدە بولامدۇ قىش، كۈز، ياز، باھار،
سەھەردە قاپلامدۇ ئۈستۈڭنى تۇمان.

سەن ئاددىي بىر يۇرتسەن، ئاددىي ۋە لېكىن،
خىيالىڭ قەلبىمدە كېزىدۇ ھەردەم.
قەدىمكى رەسىمدەك مەيلىمنى تارتقان،
ئاھ مېنىڭ يىراقتا قالغان مەھەللەم...

مەھەممەت روزى

## كۆي تۆكىدۇ تۇمەن دەرياسى

ئەسسالام يۇرتۇمنىڭ غۇرۇرى تۇمەن،
قوبۇل قىل بۇ قۇتلۇق سالاملىرىمنى.
ئىگىلدىم سېغىنىش دەۋرەپ يۈرەكتە،
ئىزھارلاپ چىن سۆيگۈ كالاملىرىمنى.

بۇ يىراق ماكاندا غېرىبمەن، غېرىب،
ياشلىقىم، پاك سۆيگۈم قالغاچ سېنىڭدە.
چاچلاردا يالتىرار كۈمۈشتەك قىراۋ،
شۇندىمۇ ياش بۆيگۈ قالدى مېنىڭدە.

بۇدرە چاچ دولقۇنۇڭ ئېيتقاندا ناخشا،
ياشلىقىم ئېسىمگە چۈشتى تۇيۇقسىز.
يۈرەتتىم بىر چاغلار (قەلبىمدە قۇياش)
قالدۇرۇپ بويۇڭدا مۇھەببەتتىن ئىز.

ئالدامچى يىللارنىڭ ئەللەيلەشلىرى
بەك نۇرغۇن نېمەمنى يوقاتتى بولاپ.
بىر ساڭا تۇغۇلغان ئېتىقادىمنى،
كېتەلمەس ھېچ كىشى مەڭگۈ ئوغرىلاپ.

قانلىرىم جور بولغان ئۆركەشلىرىڭگە،
لېۋىمدە ئوت ئالسا نىگارنىڭ لېۋى.
بىر تاتلىق چۈش بولۇپ تۇيۇلغان ھايات،
ھېلىھەم كەتمەيدۇ يالقۇنى - تېۋى.

قەلبىمدە تىكلەنگەن ئالتۇن ھەيكىلىڭ،
ئېھ، تۇمەن، دۇنيادا سەنلا بۇزرۇكۋار.
بىر سەنلا ئۆمرۈمگە بېرىپ ئاسايىش،
مەڭگۈلۈك بەختكە قىلالىدىڭ يار.

خوشلاشتىم ۋە لېكىن كۆزلىرىمدە ياش،
سەن قالدىڭ ھەممىگە بولغانچە گۇۋاھ.
بۇركۈتتەك پەر قېقىپ كەتتىم قوينۇڭدىن،
بولساڭمۇ مەن ئۈچۈن ئىللىق بىر ئۇۋا.

ياشايمەن پاك سۆيگۈڭ رىغبىتى بىلەن،
كارۋاندەك توختىماي داۋانلار ئېشىپ.
كۆز يۇمسام ئەي تۇمەن ياتىمەن يەنە،
دولقۇنۇڭ باغرىغا باغرىمنى يېقىپ.

ئىبراھىمجان تاش

## يۈرىكىمدە يېشىل پەسلەن

### يىراقتىكى يۇرتۇمغا

يۈرىكىمدە مەڭگۈ يېشىل پەسلەن،
ئۇچۇپ چىقتىم سەندىن ۋىسالگاھىڭغا،
ئۈمىدىڭدۇر مېنىڭ يۇمشاق پەيلىرىم
قانات قېقىش ئۈچۈن يەتسە ۋايىڭغا.

ياش تامچىسى لىغىرلايدۇ ھەر دەقىق
كىرپىكىمدە، سېنى باغاش ئېتەلمەي،
بۆك - باراقسان يۇلغۇنلۇقلار ئېسىمدە،
چۆشلىرىمدە ئۇنى قوغلاپ يېتەلمەي.

بالىلىقتا مەن چۆمۈلگەن ئېقىنلار
ئەقىدەمدەك يەنە دەۋرەپ ئاقامدۇ؟
بارخانلارنىڭ يۈرىكىدىن سەھەردە
قۇياش يەنە تاتلىق كۈلۈپ باقامدۇ؟

بارالمىدىم ئېھ ئەزىزىم ئانا يۇرت،
سېنى يوقلاپ بايراملاردا، ئايەمدە.
تىلەپ كەلدىڭ ماڭا ھامان بەخت - قۇت،
ئوتلۇق سالام يوللاپ ھەر بىر قەدەمدە.

### ئانا ئىشقى

ئېھ مېنىڭ باغرىمدا جىلمايغان پەسىل،
پەرىشتە ئانامغا بىر دەستە گۈل تۇت.
رەڭلەرگە ھامىلدار ئەتىم كۆزىدە
يالتىراپ چاقنايدۇ چەكسىز بەخت - قۇت.

غەمىلەردىن خالىيمەن ئەي ئانا بۈگۈن،
پاك ھېسلار تەپتىدە ئىشقىم لاۋۇلداپ.
سېنىڭچۇن مەنزىلگە قامچىلايمەن ئات،
چېكى يوق بارخانلار ئىچىدە ئۈزاپ...

سەن ئۇلۇغ مۇھەببەت، سەن ئىشەنچ - مادار،
جىسمىمغا ئىشقىڭدىن تاپىمەن قانات.
پايانسىز بوشلۇقلار بىردەملىك مەنزىل،
بولسىمۇ گەر ئاسمان يەتتە - سەككىز قات.

### سەن سەھرانىڭ ساھىبجامالى

ئەيمىنىدۇ كۆزۈڭدىن بۇلاق،
چاچلىرىڭغا ھەيران مەجنۇنتال.
قامىتىڭنىڭ ئالدىدا چىنار
زىبالىقتا بولالمايدۇ دال.

نازلىرىڭنى كۆرگەندە كېيىك،
چۆچۈپ - چۆچۈپ قاچىدۇ يىراق.
چاۋاڭ چېلىپ قاناتلىرىدا
قۇت تىلەيدۇ ساڭا گۈل، شىۋاق.

سەن سەھرانىڭ ساھىبجامالى،
بار گۈزەللىك سۈلكىتىڭگە جەم.
تەڭدىشىڭغا ئايلىنالمايدۇ
تىزىلسىمۇ مىڭلىغان سەنەم.

**ئابدۇسەمەت خېلىل**

## ياد ئېتىمىز سېنى، تۇردىكا

تۇردى ئاكا تۇغۇلدۇڭسەن
مۇقاملارنىڭ ماكانىدا.
بوغۇلدۇڭسەن جاھالەتنىڭ
پولات زەنجىر - ئارقانىدا.

چېلىپ ساتار، ئېيتتىڭ مۇقام،
ساڭا قوچاق ئاچتى ئىقبال.
ئۆز بۇرچۇڭنى ئاقلاپ ئاخىر،
ئەۋلادىڭنى قىلدىڭ خۇشال.

تۇردى ئاكا مۇقاملىرىڭ
سەندىن بىزگە قالدى مىراس.
ياڭرىتىمىز مۇقاملارنى،
باغلاپ ساڭا دىلدىن ئىخلاس.

تاپتىڭ قەدىر - قىممىتىڭنى،
سەن قالدۇرۇپ تارىختا ئىز.
ياد ئېتىمىز سېنى مەڭگۈ
كۈيلەپ ئۆچمەس تۆھپەڭنى بىز.

www.uyghurkitap.com

سىدىق قاۋۇز

## نىيە سۆرەتلىرى

(چاتما)

### خەلق قەلبى

نىيىگە كەلدىم، بۈگۈن ئارمان بىلەن،
زوقلىنىپ كەزدىم چۆلىنى، تاغىنى.
سەيلىتىپ گۈلشەن زېمىننى ھەپتىلەپ،
بىر بېھىش بىلدىم ئۈزۈمزار باغىنى.

ئىشقىنى سالسا دىلىمغا سالغۇزەك①،
بولدى ھەلنەزمەمگە ئايتاغ②، ھەم يېپىق③،
ئاقدۆڭگى④گە قونغىنىمدا قوش بولۇپ،
كۆلمدە ئۈزدى ھاياجان بوپ قېيىق.

خەلقى ئىشچان، ئاق كۆڭۈل بۇ ۋادىنىڭ،
مېھمىنىغا يايدۇ كەڭ داستىخان.
تۇتسا شېرىن سۆزدە، مەيدە قەلبىنى،
يايرىماس ئېيتقىن نىگارىم قايسى جان؟

ئاڭلىدىم بارسام قەيەرگە مەدھىيە
دەۋرىمىزنىڭ بايلىرىدىن، شاھىدىن.
تاپتى نۇسرەت كۈنسېرى چوپان ئەنە،
قۇتۇلۇپ كۆچمەنچىلىكنىڭ ئاھىدىن.

### پەرھاد ئىزىدىن

چاپتۇرۇپ كەلسەم ئۈمىد تۇلپارىنى،
ئىگىلىپ تەزىمدە تۇردى بۇندا تاغ.
سەگىتىپ مەيىن شامالىلىق قوينىدا،
باغرىغا ئالدى جىرالار ئاشۇ چاغ.

رەزگى تاغنىڭ بار ئاجايىپ كەچمىشى،
(كاج ئىدى، پىخسىق ئىدى ئۇ ئەسلىدە.)
شۇ سەۋەب سۇلغۇن بىمارەدەك ئەل ۋە يۇرت
قاغجىراپ ئېڭراپتى كۆكلەم پەسلىدە.

ھالبۇكى غۇربەتنى يۇرتلۇق بىلدى ئار،
قوللىرىغا ئالدى گۈرجەك ھەمدە لوم.
نەچچە يىل تاغ باغرىدا بارگاھ قۇرۇپ،
تەبىئەت ئىسكەنجىسىنى قىلدى گۇم.

مىڭلىغان بارغان، مىتىننى ئويىنتىپ،
ياردى پەرھاددەك بىزەڭ تاغ باغرىنى.
تىلسىمات ئالۋاستىسىنى [illegible]تىپ.
توپچىلار ياڭراتتى قۇتلۇ[illegible]نى.

مېۋە بەردى ساپ ئەجىر، قۇچتى زەپەر،
ئاقتى سۇ ئۇن نەچچە يوللۇق تەشمىدىن،⑤
نىيىلىقنىڭ خاسىيەتلىك جۇپ قولى
سۇندى زەمزەم چۆلگە پىنھان چەشمىدىن.

سەھنىلەردىن ئالدى ئۆزنەك چوقىلار،
ئۆزگىچە تۇس ئالدى تاغمۇ، بەردى نەپ.
ئۇچ تومەن پەرھادمۇ كۈلدى شادلىنىپ،
ئۆزلىرىنى تەبىئەتنىڭ شاھى، دەپ.

### كۈمۈش بەلباغ

ئويغىتىپ چۆللەرنى غەپلەت ئۇيقۇدىن،
يولچىلار سىرلىق زېمىنغا قويدى قول.
شان - زەپەر ئاشىنالىرىنىڭ مېھنىتى
بىر يېڭى ئەسىرگە ئاچتى بۇنداق يول⑥

---

①③②① يەر ناملىرى

⑤ بۇ يەردە داڭلىق «18 - ئاۋغۇست» سۇ قۇرۇلۇشى، يەتتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تەشمە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑥ ئۇتتۇرا تارىم تاشيولىنى دېمەكچى.

قىشتىلا كەلدى بۇ يەرگە زور قوشۇن،
شۇڭغىدى «سېرىق دېڭىز①» نىڭ قوينىغا.
كورلىدىن كۈمۈش تاناپ تارتىپ بويان،
ئاستى زۇننار بارخانلار بويىنىغا.

كۆكسىدىن ئوت تەپتى كەلگەن جىلغىلار
بولدى ئۆتەڭ دوستلىرىمغا ھەم ماڭا.
قارىغىن، ئۆتمەكتە تۇلپار كارۋىنى
سۈتكىلىق يولنى ئازايتىپ يار ساڭا.

**تۇراپ ھەسەن**

# يېزا غەزەللىرى

## ئېھتىرام

تاڭ سەھەر قىلدۇق سەپەر ئوتتۇز ئوغۇل يېزا تامان،
يولبويى كۆپكۆك چىمەنزار، زەپ قويۇق ئورمان تامام.
تال ـ تېرەك، جىگدە، سۆگەتلەر باش ئېگىپ ھارماڭ، دېسە،
ئۆيلىرىگە باشلىدى دوستلار ئېتىپ چۇشلۇك تائام.
چاي ئىچىپ چۇشتۇق پاراڭغا ئەسلىشىپ ئۆتكەننى بىز،
نەقەدەر خۇش بۇي، ئازادە تال بېدىشلىق ئۆي ـ ئارام.
قەلبى گۈل، داستىخىنى مول كۆتتى تېگىشمەي قولغا قول،
ئاقتى كەلكۈندەك دىلىمدىن دېھقىنىمغا ئېھتىرام. . .

## ئىچ ئاداش

يەنە ئالدۇق مول ھوسۇل، ئۆلكەمدە ئايەم، ئىچ ئاداش،
كەلدى دەستە گۈل ئېلىپ جىمىكى ئادەم، ئىچ ئاداش.
نۇرغا تولغان ئۆي ـ ئارام، باشلاندى مەشرەپ شاد ـ خۇرام،
شان.ـ شەرەپ، غەلىبەڭگە خاس ئالتۇن پىيالەم، ئىچ ئاداش.
تۇۋلىسا بۇلبۇل غەزەل، گۈللەر سەنەمگە دەسسىدى،
سېنى تارتتى تانسىغا ماھى مۆكەررەم، ئىچ ئاداش.
داستىخانلار شۇنچە مول، ئاش ـ گۆش، يېمىشكە يوق نەزەر،
جامنى لىقلاپ ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا ھەمدەم ئىچ ئاداش.
خۇش. . . خۇشە، دەپ بىر ئىچەيلى ئانا يۇرتنىڭ توبى بۇ،
يايرىسۇن شاھ بەزمىمىزدە خەلقى ئالەم، ئىچ ئاداش.

---

① تەكلىماكاننى دېمەكچى.

uyghurkitap.com

تۇراپ ئابدۇرېھىم

## ئاي كۆلگەن كېچە

(ھېكايە)

ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىدە ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرسىمۇ، لېكىن چىرايلىرىغا زورمۇزور كۈلكە يۇگۇرۇتۇپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاشقىنىچە تـانــا ئوينىماقتا. مەن بار ئاۋازىم بىلەن ناخشا ئېيتىۋاتىمەن:

بىر تىزىق مارجان، بىر دەستە گۈلدەك،
ئۆتكەن ئىدۇق ساۋاقداش بولۇپ. . .

ئاخىرىغا ھەممەيلەن جور بولدى.

قالدى ئەسلىمە ياتاق - سىنىپتا،
قالدى رىشتە باغلانغان ماكان.
كەتـەكمىز يىراق - يىراق جايلارغا،
بىزلەر ساۋاقداش، ساۋاقداش ھامان!

مۇشۇنداق مىنۇتلاردا كىمنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولمايدۇ دەيسىز. بەش يىل بىر قازاننىڭ تامىقىنى يەپ، بىر سىنىپتا ئوقۇپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي ئـالاقىلەردە ھەمدەم بولۇپ، گويا بىر تۇغقاندەك بـولـۇپ كـەتـكـەن ســاۋاقداشلارنــىڭ ئايرىلىش مــىنۇتلىرىدا ئازابلانماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ تەقدىر نېمدېگەن شەپقەتسىز-ھە! يىراق - يىراقلاردىن ئـۇچۇرۇپ ئەكېلىپ بىر يەرگە جەم قىلىپ يەنە تەرەپ - تەرەپلەرگە ئېلىپ كەتسە. . .

مەن سىنىپتىن چىقتىم، ئاپئاق ئايدىڭ، چالا مەستلىكتە ئېيتقان ئازابلىق ناخشىلار، ئۆزۈك-ئۆزۈك ئۇھ تارتىشلار بۇ كېچىنى تېخىمۇ سىرلىق تـۇسكـە كـىـرگـۈزۈپ تـۇراتتى. مەقسەتسىزلا ئـايلىـنىــۋاتــىمەن، قەدەملىرىم بەكمۇ ئېغىر، ئـەتراپىمغا يېنىش - يېنىشلاپ قارايمەن، ئەنە، مــەن دائــىم كېـلـىپ ئولتۇرىدىغان قېرى ئارچا تـۈۋىــدىكى تاش ئورۇندۇق، ئۇمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاشلا مۇڭلۇق كۆرۈنىدۇ. مەن ماڭا - ماڭا كۇتۇپخانىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى تاش ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئۆزۈمنى ھەرقانچە بەزلىسەممۇ يىغانىم ئۆرلەپ تۇراتتى. مۇشۇ مەكتەپ قوينىدا ئـۆتكـەن بەش يىللىق ھايات كارتىنىلىرىم كۆز ئالدىمدا قايتىلىنىشقا باشلىدى. . .

* *

مەكتەپكە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي داشۆنىڭ مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندەك قايناق - تاشقىنلىققا تولغان، ئادەم ھېچنەرسىدىن غەم قىلماي ئەركىن ياشايدىغان جاي ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم (بەلكىم بۇ مېنىڭ يېڭىياچە ھېسسىياتىمدۇر) . ھەدەپ ئاشۇ خىلۋەت، جىمجىت يېزامنى، بوۋام - مومامنى، دوستلىرىمنى ئـويلايتتىم، سېغىناتتىم، نېمىگىدۇر ئىچىم پۇشاتتى. سىنىپتىكى ساۋاقداشلار بىر - بىرىمىزگە ياتسىراش، ئەيمىنىش

ئىچىدە قارىشىپ قوياتتۇق. بەزىلەر ماڭا مەنىستىمىگەن نەزەردە قاراۋاتقاندەك بىلىنىپ، ئىچىم سىقىلاتتى. دەرس باشلىنىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن فاكۇلتېت يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. كۈتۈۋېلىشقا كونا ئوقۇغۇچىلاردىنمۇ ۋەكىل قاتناشقانىدى. فاكۇلتېت مۇدىرى ۋە باشقىلارنىڭ سۆزىدىن كېيىن پائالىيەت رىياسەتچىسى (بىزنىڭ مەھەللىلىك ئەخمەت) نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە مىللىي ئۇسسۇل مۇزىكىسى چېلىندى. سورۇننىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلدى. تارتىنىپ - قورۇنۇپ ئولتۇرغانلارمۇ بىر - بىرىنى تارتىپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. بىر نەچچە مەيدان تانسىدىن كېيىن، ئەخمەت ھەممەيلەنگە تەكشى قارىۋېتىپ:

-ساۋاقداشلار، مەن يېڭى ساۋاقدىشىمىز پۈرقەت ئاقىلنى گىتار بىلەن بىرنەچچە ناخشا ئورۇنداپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىمەن، - دېدى. گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى زال ئىچىنى بىر ئالدى. مەن ھاياجان، تەمتىرەش ئىچىدە گىتارنى قولۇمغا ئالدىم. ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى ماڭا تىكىلمەكتە، مەن بۇ كۆزلەردىن ھەيرانلىق، مەنىستىمەسلىك، يەنە ئاللىقانداقتۇر مەنىلەرنى غىل - پال سەزگەندەك بولدۇم. نېمىگە چالاي؟ مەن جەمئىيەتكە كەڭ تارقالغان ھەم ياشلار سۆيۈپ ئاڭلايدىغان «يېگانىمەن» گە چالدىم. دەسلەپتە ھودۇقتۇم، ئاستا - ئاستا تىترەشتىن توختاپ، ئاۋازىممۇ ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.

ساۋاقداشلارنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە ناخشا ئېيتتىم.

-پۈرقەت بۈگۈنكى كۈتۈۋېلىش سىنىڭلا بولدى، كېلە - كەلمەيلا كارامىتىڭنى تازا كۆرسەتتىڭ-دە. ئەتە تەلەپ خەتلىرىنى ئوقۇپ بولالمىساڭ ماڭا بېرىۋەت، - دېدى ياتاقدىشىم تۇرغان ياتاقتا قايتىۋېتىپ، ياتاقداشلىرىم كۈلۈشۈپ كەتتى. مەن گەپ قىلمىدىم، لېكىن كۆڭلۈمدە ئۆزۈم تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان بىر خىل خۇشاللىق بار ئىدى.

كۈنلەر ئالدىراش ئۆتمەكتە. بىز سىنىپتا سىنىپ باشلىقىمىز ئەكبەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە «ھاياتنىڭ قىممىتى» توغرىسىدا ئىختىيارىي مۇنازىرە ئېلىپ باردۇق. ھەر كىم ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تالاش - تارتىش ئاخىرى ئۆگىنىش باشلىقىمىز زۇننار بىلەن ئىككىمىزگە مەركەزلەشتى. لېكىن ھەر ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى قايىل قىلالمىدۇق.

-بەكمۇ جاھىل ئىكەنسەن پۈرقەت، ئوقۇش پۈتتۈرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق مۇنازىرىلەردە سەن بىلەن رىقابەتلىشىمەن، - دېدى زۇننار، مەن گەپ قىلماي كۈلۈپلا قويدۇم.

تۈنجى قار ياغدى. سىنىپتىكى ساۋاقداشلار تۈنجى قارنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن رەسىمگە چۈشمەكچى بولۇپ، فاكۇلتېتنىڭ يان تەرىپىدىكى قارىياغاچلىققا جەم بولدۇق، زۇننار ئالدىدا تۇرۇپ ھەممەيلەنگە تەكشى قارىۋەتكەندىن كېيىن:

-پۈرقەت سەن كەينىمگە چىققىن، - دېدى. مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم:

-نېمىشقا؟

-كىيىملىرىڭگە قاراپ باقمامسەن؟

يەر شارى دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كەتتىمۇ بىلمەيمەن، بېشىم پىرقىراپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. باشقىلارنىڭ قايتا - قايتا چاقىرىشلىرىغا پەرۋا قىلماي ياتاققا يۈگۈردۈم. ئىچ-ئىچىمدىن بىر يىغا ئېتىلىپ چىقماقتا. مەن ئاڭسىز ھالدا چامادىنىمنى ئاچتىم، لېكىن... شۇ كېچىسى پەقەت ئۇيقۇم كەلمىدى. ئەتىسىدىن باشلاپ ئادەتتىن تاشقىرى جىمغۇر بولۇپ قالدىم. ساۋاقداشلار توپلىشىپ ئولتۇرغان يەرگە بارسام ئىچىم سىقىلغاندەك بولۇپ، يالغۇز يۈرۈشنى

خالايتتىم، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئادەتتىكى گەپلىرىمۇ مەسخىرىدەك ئاڭلىنىپ، مېنى بىئارام قىلاتتى. شۇ ئىش بولۇپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن كەچقۇرۇنلۇقى سىنىپتا يالغۇز دەرس تەكرارلاۋاتقان ئىدىم، زۇننار كىرىپ كەلدى. مەن ماتېرىياللىرىمنى يىغىشتۇرۇپ ياتاققا ماڭدىم.

—پۇرقەت، بىللە قايتايلى،— دېدى زۇننار سومكىسىنى ئېسىۋېتىپ. بۇ ئىككىمىزنىڭ ھېلىقى ئىشتىن كېيىن تۇنجى قېتىم پاراڭلىشىشىمىز ئىدى. سىرتتا قار يېغىۋاتاتتى. ھەر ئىككىمىز ئۈن ـ تىنسىز ھالدا يانمۇيان مېڭىۋاتىمىز.

—بىردەم ئايلىنىپ كىرىپ كېتەيلى، — دېدى زۇننار جىملىقنى بۇزۇپ، مەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىمنى لىڭشىتتىم.

—تېخىچە مەندىن خاپا كۆرۈنىسەن ـ ھە! — دېدى زۇننار گەپ باشلاپ.

—نېمىگە خاپا بولغۇدەكمەن، — دېدىم مەن سۇس كۈلۈمسىرەپ، — ئۇ دېگەن مەن ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش.

—ئۇنداق دېمە، خاپا بولغانلىقىڭنى بىلىمەن، ئۇ كۈنى مەن سېنى... ھەي، نېمە دېسەم بولار. مەن باشقىچە مەقسەتتە دېمىگەن، نېملا دېگەن بىلەن سەن ئىشەنمەيسەن، ئۇ سۆزنى... — زۇننار گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي جىمىپ قالدى. قېلىن قار ئۈستىدە ئىزىمىزنى قالدۇرۇپ ئۈن ـ تىنسىز كېتىۋاتىمىز.

—توڭۇپمۇ كەتكەنسەن، ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، قايتايلى، — دېدىم مەن سائىتىمگە قاراۋېتىپ، قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە.

—خوش، يەنە دېسەممۇ سېنىڭ جاھىل مىجەزىڭ ئۈچۈن بەربىر ئوخشايدۇ. لېكىن كېيىنچە ئۆز ئارا ياخشى چۈشىنىشىۋالىمىز، — دېدى زۇننار.

—خوش، ياخشى چۈش كۆرگىن، — دېدىم مەن.

زۇننار كۆزلىرىمگە بىر نەچچە دەقىقە تىكىلىپ قارىدى ـ دە، ئىتتىكلا ئۆرۈلۈپ ياتاققا كىرىپ كەتتى. ياتاققا كىرىپ زۇننارغا دېگەن گەپلىرىمنىڭ سالمىقىنى قايتا ـ قايتا ئويلىدىم. ھەقاچان زۇننار مەندىن ئاغرىندى، لېكىن...

1

ئىككىنچى مەۋسۇملۇك ئوقۇش باشلاندى.

—تەتىلنى قانداق ئۆتكۈزدۈڭ؟ — دېدى زۇننار تەتىلدىن قايتقان كۈنى كۆرۈشكەندە.

—ياخشى، ئۆزۈڭچۇ؟ — ياندۇرۇپ سورىدىم مەن. لېكىن تەتىلنى بىر خىل ئىزتىراپلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەنلىكىمنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇۋاتاتتىم.

—يامان ئەمەس، — دېدى زۇننار يۈزلىرىگە چۈشۈپ قالغان چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ.

تەتىلدىن كەلگىنىمگە خېلى كۈنلەر بولدى، كۆڭلۈمنىڭ زادى ئارامى يوق، چۈنكى مەن ماڭىدىغان چاغدا مومام كېسەل بولۇپ قالغان، ئۇ قوللىرى تىترىگەن ھالدا: «خوش بالام، ئاق يول بولسۇن، خۇدا ئامان ـ ئېسەن كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلسۇن» دېگىنىچە كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ئۇزاتقانىدى. مومامنىڭ ئاشۇ ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم يۈرەكلىرىم پۇچىلىنىپ كېتىدۇ.

كەچ، شىۋىرغان قارلارنى ئۇچۇرۇپ تۇراتتى، مەن سىنىپتىن چىقىپ، چاپىنىمنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈۋالدىم ـ دە، فاكۇلتېتنىڭ يېنىدىكى كىچىك باغچىغا كىرىپ، قېرى قارىياغاچنىڭ تۈۋىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم. مۇشۇنداق سوغۇقتا، قار يېغىۋاتقان مۇشۇ مىنۇتنىڭ ئىچىدە، گۈگۈم ۋاقتىدا باغچىدا مېنىڭ مۇشۇ ھالەتتە

ئولتۇرغىنىمنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ مېنى چوقۇم «نېرۋا كېسەل» دەپ ئويلىشى تۇرغانلا گەپ. مۇشۇ ۋاقىتتا مېنىڭ نېرۋا كېسەلدىن نېمە پەرقىم بار؟ شۇ تاپتا مېنى يىراق ئۆتمۈش ئۆز قوينىغا تارتماقتا.

چۈشۈمدىكىدەك ئېسىمدە، مۇشۇنداق قار ياغقان بىر كېچىدە مومامنىڭ ئۆكسۈپ يىغلىشى بىلەن چۆچۈپ ئويغاندىم، مومام مېنى باغرىغا بېسىپ بوغۇلغىنىچە:

-ئاتا - ئانىسىز قالغان بالام، قارا يېتىم بولغان بالام،- دەپ يىغلاپ كەتتى. مەن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي ئۆي ئىچىگە قارىدىم. بىر نەچچەيلەن ئانامنىڭ بېشىدا يىغلىماقتا ئىدى. مەن ئانامنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئىگىكى ئاق خەسىدە تېڭىقلىق تۇراتتى. مەنمۇ يىغلىدىم. لېكىن نېمىگە يىغلىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم.

ئەتىسى جىنازىنىڭ يېنىدا گاھى مۆدۈرۈپ، گاھى يىقىلىپ دېگۈدەك قەبرىستانلىققا كەلدىم. ئۇلار ئانامنى يەرلىككە قويدى، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئانامدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى سەبىي يۈرىكىم تۇيغاندەك قىلدى-دە، ئىچ - ئىچىمدىن مەزگىلسىز بىر پىغاننىڭ ئېتىلىپ چىقىشى بىلەن ھۆڭرەپ يىغلىغىنىمچە تۇپراق بېشىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم...

شۇنىڭدىن كېيىن يېتىملىك ھاياتىم باشلاندى، مەن دادامنى ئەسلىيەلمەيتتىم، قوشنىلارنىڭ بالىلىرى، ساۋاقداشلىرىم مېنى بوزەك قىلاتتى. قېقىلىپ - سوقۇلۇپ دېگۈدەك بارا - بارا چوڭىيىشقا باشلىدىم. بىر كۈنى قوشنىمىزنىڭ بالىسى سەمەت بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىم.

- ھارامدىن بولغان يېتىم ئوغلاق، دادىسىز ھاراملىق،- دەپ تىللىدى ئۇ ئېغىزىنى بۇزۇپ. مەن يۈگۈرگىنىمچە ھويلىغا كىرىپ مومامدىن سورىدىم:

-موما، مېنىڭ دادام يوقمۇ؟

-بار، -دېدى مومام ئەجەبلەنگەن ھالدا ماڭا قاراپ.

- بولسا قەيەردە؟

مومامنىڭ چىرايى قايغۇلۇق تۈس ئالدى.

-سەن بىر ياشقا كىرگەن ۋاقتىڭدا «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان.

مەن يەنە گەپ قىلماقچى بولدۇم-يۇ، مومامنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆرۈپ، گېپىمنى يۇتۇۋەتتىم.

بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىم ئاشۇنداق كەچمىشلەر ئىچىدە ئۆتتى. ئائىلە ئەھۋالىمىز ياخشى بولمىغاچقا، نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن چاپان، ئىشتان ئاي - ئايلاپ ئۇچامدىن چۈشمەيتتى. ياز كۈنلىرى توپىلىق يوللاردا يالىڭاياغ ئوينايتتىم...

قار ئارىلاش ئۇرۇلغان ئاچچىق شىۋىرغاندىن ئېسىمگە كەلدىم. پۇت - قوللىرىم ئۈشۈپ كەتكەنىدى. مەن ئۈستىبېشىمدىكى قارلارنى قېقىۋېتىپ ياتاققا ماڭدىم.

2

دۇنيادا ئۆزۈڭنىڭ ھەقىقىي ئادەملىكىڭنى نامايان قىلىپ ياشىماق نېمىدېگەن قىيىن-ھە! ھايات مۇساپەڭدە نېمىلەرگە ئۇچراپ، نېمىلەرگە كۆنمەيسەن؟ مەن قايسىبىر كىتابتىن «ماددىي جەھەتتىكى بوشلۇق روھىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېگەن قۇرلارنى ئوقۇغانىدىم. بۇ نېمىدېگەن توغرا ئېيتىلغان سۆزلەر-ھە. ساۋاقداشلىرىم شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى كىنو - تانسلارغا كىرىپ كۆڭۈل ئاچاتتى. مەن بولسام تەنھا ھالدا مەكتەپ ئىچىنى ئايلىنىپ، خىيال سۈرەتتىم. گەرچە بۇلارغا ئانچە كۆپ ئىقتىساد كەتمىسىمۇ، ئائىلەمنى، بوۋام - مومامنى ئويلاپ، بۇنداق مىنۇتلارغا چىدايتتىم. چىدىمايمۇ ئىلاجىم يوق.

زۇننار بىلەن گاھى ئۇرۇشۇپ، گاھى ئەپلىشىپ

دېگۈدەك ئۆتتۈۋاتىمىز، شۇ كۈنلەردە ئۇ خۇددى مېنىڭ ھاياتىمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغاندەك، ئۇنى تولا ئويلايتتىم.

ئىككى ئايدىن بۇيان ئەخمەتنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن «يۇلتۇز» تانسىخانىسىدا ھەر كەچلىكى گىتار چېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتىمەن. بۇمۇ ئائىلەمنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشنىڭ چارىسى ئىدى. كەچ قايتىپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن نەچچە قېتىم ياتاق بىناسىنى باشقۇرغۇچى تەرىپىدىن ئاگاھلاندۇرۇلدۇم. كېيىن ئۇ ئەھۋالىمنى بىلگەن چېغى، ئارتۇقچە گەپ قىلمايدىغان بولدى. بىر كۈنى كەچتە ياتاققا كىرىپلا كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. ياتاقداشلىرىم تېخى ئۇخلىمىغانىكەن.

— بۈگۈن ھالىڭ بوشقۇ، مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟ — دېدى دوستۇم تۇرغان.

— ئازراق قىزىپ تۇرىمەن، بەدەنلىرىم بەكمۇ ئېغىر، — دېدىم مەن.

— بىرنەچچە كۈن بارماي دەم ئالساڭ بولغۇدەك، يېقىندىن بۇيان جۈدەپ كېتىۋاتىسەن، — دېدى تۇرغان كۆيۈنگەن ھالدا.

— ھېچقىسى يوق، — دېدىم مەن، — دورا ئىچىۋالسام ئوڭشىلىپ كېتىمەن.

— سەنمۇزە نەدىكى ئىشلارنى قىلىپ يۈرىسەن، جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىمايدىكەن. مەكتەپتىنمۇ ياردەم قىلىۋاتقاندىكىن، بولدى قىلساڭ بولمامدۇ ياكى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، ئوقۇش پۈتتۈرمەيلا 3-كەسىپ بىلەن شۇغۇللىناي دەمسەن؟ — دېدى ھەر كۈنى كىيىم يەڭگۈشلەپ، تانسا ۋە كىنودىن قالمايدىغان غەنى.

— سەن چۈشەنمەيسەن غەنى، — دېدىم مەن، — بۇنداق دېسەم خاپا بولما، ھەرقانداق كىشىنىڭ ياشاش ئىستىكى، كۆز قارىشى ھەم شارائىتى ئوخشاش بولمايدۇ، ئىككىمىز ئوخشاشلا داشۆ مۇھىتىدا ياشاۋاتقان بولساقمۇ، لېكىن شۇ مۇھىتنىڭ ئىككىيلەنگە بەرگەن تەسىرىنى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئوخشاش دەپ كېسىپ ئېيتالامسەن؟ — مەن سۆزلەشتىن توختىدىم. ھەممەيلەن جىمىپ قالدى. كېچە پەقەت ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس، ئورنۇمدىن تۇرۇپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردۇم-دە، دېرىزە يېنىغا كەلدىم. يۇلتۇزلار بىر-بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك جىمىرلاشماقتا. يىراقتىن بىرىنىڭ ئۈزۈك-ئۈزۈك ناخشىسى ئاڭلاندى:

ئاتالىقلار، ئانالىقلار ھەرەمباغ باغرىدا ئوينار،
ئاتاسىزلەر، ئاناسىزلەر قەبرىستان باغرىدا يىغلار.

كۈنلەر ئۆتمەكتە. زۇننار بىلەن پاراڭلاشسام بۇرۇنقىدەك ئەركىن-ئازادە، ئېچىلىپ سۆزلىيەلمەيتتىم، سۆزلىرىم، ھەرىكەتلىرىم قولاشمىغاندەك بىلىنىپ، ئۆزۈمچە تەمتىرەيتتىم. زۇننار مېنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ بۇنى بىلمەيتتىم. ئۇ باشقىلارغا قارىغاندا مەن بىلەن بەكرەك ياخشى ئۆتەتتى. لېكىن بۇنى «مۇھەببەت» دەپ چۈشىنىشكە بولارمۇ؟ ئۇنى ياخشى كۆرمەسلىككە، قەلبىمدىن چىقىرىۋېتىشكە مەڭگۈ ئاجىز ئىدىم. نەچچە قېتىم: ھەي پۇرقەت، ئەقلىڭنى تېپىۋال، باياشاد ئائىلىنىڭ ئەركە قىزى سېنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ دەپ ئۆزۈمگە ئاگاھلاندۇرۇش بەردىم. ھەتتا زۇننارنىڭ ماڭا بەرگەن يامان تەسىرىنى، ناچار تەرەپلىرىنى ئويلاپ، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشنى ئويلىدىم. لېكىن بىلسەڭ بۇ بىر ئەخمەقلىق ئىكەن. قەلبىڭدىن ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭنىڭ ھەرقانداق ھەرىكەتلىرى، گەپ-سۆزلىرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك تۇيۇلىدىكەن.

— تۇغۇلغان كۈنۈمدە ئەڭ قىممەتلىك سوۋغات ئالمىساڭ سەندىن رەنجىيمەن، — دېدى زۇننار بىر كۈنى ئاخشىمى فاكۇلتېتنىڭ ئالدىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ.

— قېنى دېگىنە، سەن ئۈچۈن قانداق سوۋغات

قىممەتلىك سوۋغات ھېسابلىنىدۇ؟ - دېدىم مەن زۇننارنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ.

-تېخى كىچىك - تە سەن، - دېدى زۇننار كۈلگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

بۈگۈن زۇننارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، مەن ئۇنىڭغا نېمە سوۋغا قىلسام بولار؟ لېكىن دەل مۇشۇ ۋاقىتتا يانچۇقۇم قۇرۇق، قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي، ئاخىرى تۇرغاندىن پۇل سوراپ، بازارغا چىقتىم. گويان - بۇيان ئايلىنىپ زىبۇزىننەت ماگىزىنىغا كىردىم - دە، يۈرەك شەكىللىك مېدالىئوندىن بىرنى ئالدىم. كەچ سائەت بەشلەردە ھەممىمىز سىنىپقا يىغىلدۇق.

-تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن، لېكىن سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىدەك سوۋغات ئالالمىدىم، - دېدىم مەن مېدالىئوننى زۇننارغا تەقدىم قىلىۋېتىپ. زۇننار بېشىنى سوسلا لىڭشىتىپ قويدى. مەن تېڭىرقىغان ھالدا ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇردۇم. كەينىمدىنلا غەنىمۇ مەن سوۋغا قىلغان مېدالىئونغا ئوخشاشلا مېدالىئوندىن بىرنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلدى. زۇننار ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرىگىنىچە بىر نېمىلەرنى دېدى. ئارىلىقىمىز يىراق بولغاچقا نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىيالمىدىم. كۆڭلۈمنى بىر خىل غەشلىك قاپلىۋالدى.

ئىمتىھانلار ئاخىرلىشىپ تەتىلگە قايتتۇق.

-خوش، - دېدى زۇننار قولۇمنى سىقىپ تۇرۇپ، - چىشىڭغا تېگىپ تېرىكتۈرىدىغان ئادەم بولمىغاندىن كېيىن زېرىكىپمۇ قالارسەن، زېرىككەن ۋاقتىڭدا خەت يېزىپ تۇرغىن.

-راستلا زېرىكىدىغان ئوخشايمەن، يا تەتىلگە سېنى بىرگە ئېلىپ كېتەيمۇ؟ - دېدىم مەن چاقچاققا ئۇلاپ يۈرەكلىك ھالدا.

-شۇنداق قىلساڭمۇ بولاتتى، لېكىن سېنى تەڭلىكتە قويۇشنى خالىمايمەن ئەمەسمۇ، - دېدى زۇننار كۈلۈمسىرىگىنىچە. ئاپتوبۇس قوزغالدى. زۇننار قوللىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە قالدى، قەلبىمنى قايغۇغا ئوخشايدىغان بىر سېزىم قاپلىۋالدى.

قوزغالدى ئاپتوبۇس، قالدىڭ ئامرىقىم،
يېنىشلاپ قارايمەن كەينىمدە كۆزۈم.
سۆيگۈمنى بىلمەيسەن (بىلمەيلا قويغىن)
قايغۇ- مۇڭ ئىچىدە كېتىمەن ئۆزۈم.

3

. تەتىل كۈنلىرىم شۇنچىلىك بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدىكى، بەزى كۈنلىرى دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىن بىكار بولۇپلا گىتارنى ئېلىپ مەھەللىنىڭ شىمالىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان دەريا بويىغا چىقىپ كېتىمەن. بىر كۈنى قاش قارايغان چاغدا دەريا بويىدا بار ئاۋازىم بىلەن ناخشا ئېيتىۋاتقان ئىدىم. بىرى مۈرەمنى تۇتتى، قايرىلىپ قارىسام كىچىكىمىزدىن بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان دوستۇم ئابلىكىم ئىكەن.

-ئەھۋالىڭنى سورىمىسام ئېغىز ئاچمايدىغان ئوخشايسەن، نېمە بولدى ياكى زېرىكىپ قالدىڭمۇ؟- دېدى ئۇ يېنىمدا ئولتۇرۇپ.

-كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ماكاندىن كىممۇ زېرىكىدۇ دەيسەن، لېكىن سەندىن يوشۇرالمايمەن،- دېدىم مەن ۋە كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتىم. ئابلىكىم بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن:

-قارىغاندا زۇننارنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قاپسەن ئاداش، دەردىڭنى ئىچىڭگە يۇتۇپ يۈرگىچە ئۇنىڭغا سىرىڭنى ئاشكارىلاپ باقساڭ بولمامدۇ؟- دېدى.

راست شۇنداق قىلسام بولمامدۇ؟ قولۇمغا قەلەم ئالدىم، لېكىن نەچچە قېتىم كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى يېزىپ بولۇپ، يەنە يىرتىۋەتتىم. ناۋادا زۇننار تەلپىمنى رەت قىلسا، ئاھ خۇدا، ئۇنىڭ ئاخىرىنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن، شۇنداق قىلىپ زېرىكىشلىك تەتىلنى ئاخىرلاشتۇرۇپ مەكتەپكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلدىم.

— ئەتىلىك قانداق ئۆتتى؟ — دەپ سورىدى زۇننار دەرستىن چۈشۈپ كېلىۋاتقاچ.

— بۇنى سورىمايلا قويغىن. ساۋاقداشلارنى بەكمۇ سېغىندىم. ئىككى ئايلىق تەتىل شۇنداق تەستە ئۆتتى. . . — مەن سۆزۈمنى توختىتىۋالدىم. زۇننار كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە قاراپ كۈلۈپلا قويدى.

ھەش - بەش دېگۈچە ئاخىرقى يىللىققا قەدەم قويدۇق. كۈنلەر ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتمەكتە. ئوتنىڭ يا ئىچىدە كۆيمەي، يا نىشىدا كۆيمەي بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە پۇچىلىنىۋاتىمەن. بىر كۈنى كەچتە ياتاقداشلىرىمنىڭ زورلاپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن مەكتەپنىڭ سىرتىدىكى قەھۋەخانىغا چىقتۇق.

— شۇنداق قىلىپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز. كېلەر يىلى بۇ ۋاقىتتا ھەممىمىز نە-نەلەردە يۈرىمىز، بۇنى كىم بىلىدۇ؟ بۈگۈن شۇلكە - چاقچاق بىلەن بىر ئولتۇرۇۋالايلى، — دېدى نۇرغان. «ساڭا بولغان سەمىمىي كۆڭلۈم»، «ئۇنتۇماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىپ» دېگەندەك تىلەكلەر بىلەن ئۇزىتىلغان رومكىلاردىن بىر نەچچىنى كۆتۈرۈۋەتتىم. ھەممىمىزنىڭ نورمىسى ئېشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا بولدى قىلىپ قايتتۇق. فاكۇلتېتنىڭ يېنىغا كەلگەندە ياتاقداشلىرىمنىڭ تۇسقىنىغا قارىماي سىنىپقا كىردىم. سىنىپتا زۇننار ۋە بىر قانچەيلەن بار ئىدى. مەن زۇننارنى سىرتقا چاقىردىم.

— گېپىڭ بارمىدى؟ — دېدى زۇننار يېنىمغا كېلىپ، — ھاراق ئىچىپسەن -ھە؟

— بالىلار بىلەن ئازراق ئولتۇرۇپ قالدۇق. ئالاڭ بىردەم ئايلىنىپ كېلەيلى، — دېدىم مەن. پۇتلىرىم ئۆزۈمگە بويسۇنمايۋاتاتتى. زۇننار مېنى قولتۇقلىۋالدى. بىز چىملىققا كېلىپ ئولتۇردۇق.

— زۇننار، — دېدىم مەن سۆز باشلاپ، — سەن ھازىرغىچىلىك بولغان ھاياتىڭدا كىشىلىك تۇرمۇشنى چۈشىنەلىدىڭمۇ؟

— بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن، بۇنى سوراپ قاپسەنغۇ؟ — دېدى زۇننار.

— بېشىمدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى ئويلاش مېنى بەكمۇ چارچىتىۋېتىدۇ. گاڭگىراپلا قېلىۋاتىمەن زۇننار. سەن مېنىڭدەك كەچۈرمىشلەرگە دۇچ كېلىپ باقمىغاچقا چۈشەنمەيسەن. بەش يىللىق داشۆ ھاياتى بىزگە ئۆچمەس، قىمىزتارلىق، سىرلىق كەچمىشلەرنى تۇقۇپ بېرىپتۇ. ئوقۇش ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، كۈنلەر نەقەدەر تېز ئۆتكەن-ھە!

— بولدى، ئۇلارنى سۆزلىمە. ھېلىتىنلا كۆڭلۈم بۇزۇلۇۋاتىدۇ. باشقا سۆزلىرىڭ بولسا قىلغىن، — دېدى زۇننار ئۇھ تارتىپ، كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتىشنىڭ پەيتى كەلگەنىدى.

— بىر ئىشنى دېسەم كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن، تۇغۇلغان كۈنۈڭدىكى ساڭا قىلغان مۇئامىلەڭ مېنى خېلى كۈنلەرگىچە بىئارام قىلدى. ئۇ كۈنى. . . — مەن گەپنى شۇ يەردىن باشلىماقچى بولدۇم.

— مەن ھەممىنى ئۇقتۇم، ماڭا سوۋغات ئالىمەن دەپ تۇرغاندىن پۇل سورىغىنىڭنىمۇ غەنىدىن ئۇقتۇم. ساڭا «قىممەتلىك سوۋغا ئال» دېگەن ئۆزۈممۇ ئەخمەق، — دېدى زۇننار يەرگە قارىغىنىچە.

— كەچۈرگىن، سەن «قىممەتلىك سوۋغا» دېگەچكە. . .

— ئەخمەق، مەن سەندىن ئۇنداق سوۋغات كۈتمىگەنىدىم، — زۇننار شۇنداق دەپلا يۈزىنى تۇتۇپ يىغلىغان پېتى يۈگۈرگىنىچە يېنىمدىن كېتىپ قالدى. مەن گاڭگىرىغىنىمچە ئولتۇرۇپ قالدىم. «دېمەك ئۇمۇ مېنى. . .». مەن چۈش كۆردۈم،

چۈش كۆرگەندىمۇ كۆزلىرىم ئوچۇق ھالدا چۈش كۆردۈم.

ئەتىسى كەچ زۇننار بىلەن قارىياغاچلىققا كەلدۇق. ئىككىمىز يانمۇ يان ئولتۇرىمىز. ئاي يورۇقىدا زۇننار خۇددى رىۋايەتلەردىكى پەرىزاتلاردەك، كۆزۈمگە ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق كۆرۈنۈپ، پۈتۈن بەدىنىمنى بىر خىل تاتلىق سىزىم چۇلغىۋالدى.

-ئوقۇشىمىز ئاخىرلاشتى، قىممەتلىك ۋاقىتلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ئۆتۈپ كەتتى، زۇننار، قەلبىمدىكىنى سىر پېتىچە قالدۇرۇپ كەتسەم بۇ بەكمۇ ئېچىنىشلىق تارىخ ھەم ئۆزۈمگە قىلغان ئەڭ چوڭ رەھىمسىزلىك بولىدىكەن. بۇ بەش يىلنى مەن قانداق ئۆتكۈزدۈم؟ ئۇلارنى ئويلىسام ئۆزۈمنىڭ ھاياتىغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. بەلكىم مەن قەلبىڭدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇۋاپىق كەلمەسمەن، شۇنداقتىمۇ... — زۇننار نازۇك قوللىرى بىلەن ئاغزىمنى ئېتىۋالدى:

-بولدى سۆزلىمە. مەن ھەممىنى بىلىمەن. سەن تا ھازىرغىچە ھەممە ئىشلارنى ماددىي تەرەپكىلا باغلاپ كەلدىڭ، ماددىي تەرەپ ھاياتنىڭ ئەڭ زۆرۈر تولۇقلىمىسى بولالمايدىغانلىقىنى ئويلىمىدىڭ. مەن مۇشۇ مىنۇتنى قاچاندىن بېرى كۈتكەن...

مەن قولاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم.

* *

بىرىنىڭ ئىسسىق قولىنىڭ مورەمگە تېگىشى بىلەن ئېسىمگە كەلدىم. يېنىمدا زۇننار تۇراتتى. مەن تېخىچە خىيال سۈرۈۋېتىپتىمەن.

-نېمىلەرنى خىيال قىلىپ كەتتىڭ، - دېدى زۇننار يېنىمدا ئولتۇرۇپ.

-ئۆتكەن كۈنلەرنى ئويلاپ چىقتىم. ئۇ كۈنلەر نەقەدەر ئاجايىپ -ھە!

زۇننار بېشىنى ئاستاغىنە مۆرەمگە قويدى، مەن ئۇنى باغرىمغا تارتتىم.

**مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم**

تۇرسۇن لېتىپ

# ھاۋارەڭ كۆڭلەك

(ھېكايە)

قايسى بىر قىز چىرايلىق كىيىمنى ئارزۇ قىلمايدۇ، تاغلىق يېزىدا توپا بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن مېھرايمۇ شۇنداق قىزلاردىن ئىدى. مېھرايىنىڭ ھاۋارەڭ كۆڭلەك كىيىپ، يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقسام دېگەن ئارزۇسى شېرىن چۈشكە ئايلاندى. ئۇ چۈشىدە قورمىلىق ھاۋارەڭ كۆڭلەك كىيىپ چۈشەيتتى. بۇ كۆڭلەكنى كىيگەندە، زىلۋا بېلى بىر غېرىچچىلىك، كۆكرىكى ئالمىچىلىك كۆرۈنەتتى، قوي كۆزلىرىدىن نۇر ياغاتتى، لېكىن ئۇ بېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېرىققا يۈز يۇغىلى چىققاندىلا، سۇنىڭ شولىسىدا ئۆزىنى كالپۇكلىرى گەز باغلىغان، ئاناردەك مەڭزى قارىدىغان، قوللىرىنى كەس - كەس قاداق باسقان، سۇمبۇل چاچلىرى پاخپايغان ھالدا كۆرەتتى-دە، ئېرىق بويىدىن تېزلا كېتەتتى. بۇ نامراتلىق ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيتتى، بۇ ئازابنى چاي قايىنىتىپ ئولتۇرۇپ، تاتلىق خىياللار بىلەن سەگىتتىدۇ. ئۇ خىيالىدا كەنت يىگىتلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلاردىن بىرى، ئۇ بولسىمۇ گۈڭشى ياشلار كادىرى يارى كۆز ئالدىدىن كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆزىگە يارى يىگىتلەرنىڭ سەردارىدەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ چىچەن، شوخ، گەپدان يىگىت -تە. ئۇ ياشلارغا باش بولۇپ مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇۋاتىدۇ. مېھراي يارىنىڭ ئۆزىگە قارىماي يۈرگىنىگە قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. ئۇ قولۇم يەتمەيدىغان ئېگىز ئوقۇرغا ئېسىلىپ نېمە قىلاي، دەپ ئۈمىدسىزلەندى، لېكىن يەنە ياق، ئۇستۇمدە ئۆڭۈپ كەتكەن كۆڭلەك، يۈز - كۆزۈم توپا، چاچلىرىم تاراقسىز تۇرسا ماڭا قارايتتىمۇ؟ ئەگەر مېنىڭ ئۇستۇمدە يېڭى بىر ھاۋارەڭ كۆڭلەك بولغان بولسا قارىمىغىنىنى كۆرەي، دېگەن ئىرادىگە كەلدى. ئۇ كۆڭلەككە ئېرىشىشنىڭ ئامالىنى ئىزدىدى. ئويلا - ئويلا قوشنىسىنىڭ شەھەرگە كاۋا ئەكىرىپ ئوغرىلىقچە دانىسىنى يىگىرمە بەش سومدىن ساتقىنىنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ بېغىغا چىقتى. ئۆز زامانىسىدا دادىسى مەڭگەن باسقان تام تۈۋى راسا ئاپتاپ چۈشىدىغان يەر ئىكەن. كونا مەڭگەن قالدۇقلىرى چىرىپ، تەييار ئوغۇت بولۇپ قاپتۇ. ئۇ يەرنى يۇمشاق ئاغدۇردى، قوشنىسىدىن نەچچە تال كاۋا ئۇرۇقى ئېلىپ چىقىپ تېرىدى، مېھراي ھەر كۈنى سەھەردە ئېرىققا يۈز يۇغىلى چىققاندا بوي تارتىۋاتقان كاۋا پېلەكلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى.

ئۇ بۈگۈن تورغاي چۆچۈلمىغاندا بېغىغا چىقتى، ئالما شاخلىرى سىلكىنگەندەك بولدى، ئۇ سىنچىلاپ قارىۋىدى، بىر بۇلبۇلنىڭ شاخقا كېلىپ قونغانلىقىنى كۆردى. بۇلبۇل گۈل ئىشقىدا بەرق ئۇرۇپ سايرىغىلى تۇردى. مېھراي بىردەم تىڭشاپ تۇردى، مېنىڭمۇ بۇلبۇلۇم بولسىچۇ كاشكى، كۈندە ئىشىكىم ئالدىدىن سايراپ ئۆتەر ئىدى، ئاھ خۇدا! دېدى ۋە ئۆز ئۆزىگە: كۆكشىنىڭ تۈگىمەس ئېغىر ئىشلىرىغا، يوقسۇزلۇققا چىدىغان يەردە چىدا مېھرى، كاۋىلىرىڭ پىشقاندا مۇرادىڭغا يېتىسەن، دەپ ئۆزىگە غەيرەت بەردى. كاۋا ئېسىگە كەلگەن ھامان ئۇپۇل - تۇپۇل يۈز - قولىنى يۇدى-دە، كاۋا تېرىغان يەرگە كەلدى، تامغا ياماشقان قويۇق پېلەكلەر ئارىسىدا مانتا كاۋا، تاش كاۋا، تورپان كاۋىلىرى كۆز چاقنىتىپ تۇراتتى. كۆزلىكى مېھراينى خۇشال قىلىپ ئەللىك ئالتە كاۋا پىشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە توخۇم سىرىقىدەك كەس - كەس يېرىلىپ پىشقان ئون ئىككى مانتا كاۋىسى بار ئىدى، مېھراي تاش كاۋا، تورپان كاۋىلىرىنى تونۇرغا كۆمۈپ، قازاندا پىشۇرۇپ يېسەك بەك تاتلىق بولىدۇ، مانتا كاۋىسىغا گۆش بولمىسا بولمايدۇ، گۆش بولمىغاندىن كېيىن مۇشۇلارنى ساتاي، دېگەن يەرگە كەلدى. بىراق بۇ كاۋىلارنى شەھەرگە قانداق ئەكىرىپ سېتىشنى بىلەلمىدى. بىر كۈنى ئەترەت ھارۋىكىشى ئوغۇزخاننىڭ شەھەرگە غەللە پاراق تۆككىلى كىرىدىغىنىنى ئاڭلاپ قالدى. «ئۆكۈز» دېگەن لەقىمى بار بۇ يىگىتنى مېھراي ياراتمايتتى. ئۇنىڭ قىزىققۇدەك بىر يېرىمۇ يوق ئىدى، پەقەت بېشىنى كۆتەرمەي ئۆكۈزدەك ئىشلەشنىلا بىلەتتى، نە ناخشا ئېيتىش، نە ئۇسسۇل ئويناشنى بىلمەيتتى. قىزلارغا چاقچاق قىلىش تۈگۈل سورىغان سوئالغا تۈزۈكرەك جاۋابمۇ بېرەلمەيتتى. كىيىملىرى يىرتىق، يۈز - كۆزى كىردىن قاسماقلىشىپ كەتكەن ھالدا يۈرەتتى. ئۇنىڭغا تەگتۈشلىرى «مۆرىمەس ئۆكۈز» دەپ جايىدا لەقەم قويغان. مانا شۇ مۆرىمەس ئۆكۈز بىر جۈپ بېرەن ئات قوشۇلغان ھارۋىنى ھەيدەپ خامانغا كەلدى. مېھراي ئاياللار بىلەن تاغارلارغا بۇغداي قاچىلاپ بولۇپ ئاغزىنى تىكىۋاتاتتى. ئوغۇزخان قىزلارغا يەر تېگىدىن بىر قارىۋالدى - دە:

-مۇشۇ بۇغدايلارنى باسىمەنمۇ؟ - دەپ سورىدى.

- ھەئە، - دېدى مېھراي ۋە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ پىچىرلىدى، - ئوغۇزخان، بىر ئىشىم بار ئىدى قىلىپ بېرەمسەنمۇ؟

-جې... جېنىم بى...لەن، - دېدى ئوغۇزخان.

- ئەمىسە قارا، كاۋىلىرىمنى شەھەردە سېتىپ، بىر كۆڭلەك ئالغاچ چىقساڭ، بولارمۇ؟

ئوغۇزخان مېھرايغا ئاچكۆزلەرچە بىر قارىدى-دە:

-ماقۇل، - دېدى.

-بۇنى سىر ساقلا، دۇيجاڭ بىلىپ قالمىسۇن-ھە!

ئوغۇزخان ئۆكۈزدەك پۇشۇلداپ، تىكلەگىلىك تورغان بىر تاغار بۇغداينى لىككىدە كۆتۈرۈپلا ھارۋىغا باستى. ئۇنىڭ يۈز كىلوگراملىق تاغارنى كۆچىمەيلا ھارۋىغا باسقىنىنى كۆرگەن مېھرايدا پاھ - پاھ، بۇ كاساپات نېمانچە كۈچلۈك - ھە! دېگەن ئوي كەلدى. ئوغۇزخان كاۋىلىرىنى تاغارغا قاچىلاۋاتقاندا، مېھراي ئۇچاققا ئوت ياقتى ۋە:

-چاي ئىچىپ ماڭغىن، - دېدى.

ئوغۇزخان كاۋىلارنى ھارۋىغا بېسىپ، تۆپىسىنى بېدە بىلەن باستۇرۇپ بولۇپ، قولىنى يۇغاندا مېھراي ئۇنىڭغا لۆڭگىنى ئەكىلىپ بەردى. ئوغۇزخاننىڭ كۆزلىرى كۈلدى، مېھراي بۇ كۆزلەرنىڭ ئۆزىگە ئوتلۇق تىكىلگەنلىكىنى كۆرۈپ

uyghurkitap.com



شەلپەردەك قىزاردى، ئۇ چاي ئىچمۋاتقان ئوغۇزخانغا قايتا - قايتا جېكىدى:

- ئوغۇزخان هاۋا رەڭدىن ئال جۇمۇ. مانا بۇ خەتنى دۇكانچىغا بەرگىن، بۇنىڭدا كۆڭلەكنىڭ ئۆلچىمى، پوسونى، رەڭگى يېزىلغان.

ئوغۇزخان ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى ئىگىپ قويدى.

* *

ئىشتىن تارقىغان هامان مېهراي ئۆيىگە قويۇندەك ماڭدى، ئۇ ئوغۇزخان كۆڭلەكنى ئالالىغانمىدۇ؟ دېگەن خىيال بىلەن ئۆيىگە كەلدى، ئوغۇزخاننىڭ هارۋىسى قورا ئالدىدا تۇراتتى. مېهراي هويلىغا كىرىپلا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. ئاپىسىنىڭ ئۆدۈلىدا كادىرچە كىيىنگەن گەۋدىلىك بىرەيلەن چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئاپىسى قىزىنى كۆرۈپ:

- كەلگىن قىزىم، ئوغۇزخان بىلەن بىللە چاي ئىچكىن، - دېدى. مۇشۇ راستىنلا مۆرىمەس ئۆكۈزمىدۇ؟! ئۇنىڭ يۇمىلاق يۈزى، بوقىنىڭكىدەك بويىندىكى قاساق كىرلەردىن ئەسەر يوق. شۇنداق پاكىز كىيىنگەن پارقىراپ تۇرىدۇ. يوغان كۆزلىرى، قېلىن كالپۇكلىرى كۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇچىسىدا يېپ - يېڭى چاپان - ئىشتان، ئاق كۆڭلەك، بۇ كىيىملەر ئۇنىڭغا خوپ يارىشىپتۇ. ئولتۇرۇشىنىڭ ئۆزىلا پالۋان قامەتلىك، هە، ئەسكى چاپان ئىچىدە يىگىت بار ئىكەن - دە. شۇ پىكىر بىلەن قىزنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى، ئۇ ئىزا تارتىپ كۆزىنى ئوغۇزخاندىن قاچۇرۇۋىدى، يازلىق چايخانا سۇپىسىنىڭ تۆرىدە هاۋا رەڭ كۆڭلەكنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ كۆڭلەكنى ئېلىپ ئۆيىگە ئوقتەك كىرىپ كەتتى، هايال ئۆتمەي ئوغۇزخانمۇ، مېهرايىنىڭ ئاپىسىمۇ ئىشىكتە تۇرغان مېهرايغا قاراپ قېتىپلا قالدى.

ئىشىك ئالدىدا بىر گۈزەل پەرى كۈلۈپ تۇراتتى، هاۋا رەڭ كۆڭلەك قىزغا شۇنچىلىك ياراشقان ئىدىكى، ئۇ خۇددى شەهەر قىزلىرىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

- كىيگىلى نېسىپ قىلسۇن قىزىم، تازا ياراشتى، - دېدى ئانا.

مېهراي ئاپىسىغا تاتلىق كۈلكىسى بىلەن جاۋاب قىلدى.

ئوغۇزخان قويىندىن بىر ئاق كۆڭلەكنى ئېلىپ:

- بۇنى هە - هەدەم سىز - سىزگە بەر دېگەنتى، - دېدى.

مېهراي ئىككىلەنگەن، قىزىققان هالدا ئالدى.

- قىزىم، ئوغۇزخان بالام يەنە ماڭا كۆڭلەكلىك رەخت، چاي، تۇز ۋە گۆش ئېلىپ چىقىپتۇ، - دېدى ئانا.

- ئاشۇ پۇلغا شۇنچە نەرسە كەلدىمۇ؟ - سورىدى مېهراي.

- هە - ئە، - ئوغۇزخان ئالدىراپ جاۋاب بەردى، - كاۋىنىڭ يوغىنىنى يىگىرمە سومدىن، كىچىكىنى ئون سومدىن ساتتۇق، قايسى كۈنى مەجلىستە دۈيجاڭ «ئوغۇزنىڭ بەشتىن ئاشقىنىنى توخۇ فېرمىسىغا تاپشۇرۇڭلار» دېگەچكە تۆت توخۇرۇمنى ئالغاچ كىرگەنتىم، ئۇنى يۈز ئاتمىشقا پۇل قىلدىم.

- پاھ، سودىغا ئۇستا ئىكەنسىز جۇمۇڭ، - دېدى مېهراي «سىز» لىگىنىنى تويمىغان هالدا.

- نەدىكىنى، هەدەمنىڭ ئوغلى سېتىپ بەردى، بۇ نەرسىلەرنىمۇ ئېلىپ بەردى. يەنە كاۋىڭىز بولسا بېرىڭ، سېتىپ بېرىمەن.

ئوغۇزخان شۇنداق دېدى - دە، ئوڭايسىزلانغان

هالدا تامىقىنى قىرىپ قويۇپ دۇئا قىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر چەتتە تۇرغان كونا كىيىملىرىگە قول ئۇزىتىشىغا مېھرايىنىڭ يىغىلىق، يۇمشاق ئاۋازى ئاڭلاندى:

-بۇ كىيىملىرىڭىزنى قويۇپ قويۇڭ، مەن يۇيۇپ بېرەي، كەچتە كېلىڭ، توخۇ شورپىسى قىلىپ بېرىمەن.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتتى، يىل ئاتلاپ يەنە كۈز كەلدى. مېھرايىنىڭ قورۇسىغا ئىككى ئەر سالام بىلەن كىرىپ كەلدى. ئوچاق بېشىدا ھەپىلىشىۋاتقان مېھرايىنىڭ قۇلىقىغا «ئوغۇزخانغا ئەلچى بولۇپ قىزىڭلار مېھرايىنى سوراپ كەلدۇق»، «ئوغۇ يېتىم ئوغۇل، ئىچ كۆيئوغۇل قىلىۋالىسىلەر» دېگەن گەپلەر كىرىپ قالدى. ئۇ ئىشىنى تاشلاپ بېغىغا چىقىپ كەتتى. ئالما غازاڭلىرىنى دەسسەپ كېتىۋاتقان مېھرايىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە «يېتىم ئوغۇل» دېگەن سۆزلەر جاراڭلايتتى. ئۇ، ئوغۇزخاننىڭ دادىسىنىڭ: «بىز توققۇز ئوغۇز ئەۋلادى، ئەجدادىمىزنىڭ نامى ئۆچمەسلىكى ئۈچۈن، بالامغا ئوغۇزخان دەپ ئىسىم قويدۇم» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدى. ھەپتە ئۆتتى، ئانا قىزىغا:

-بۈگۈن ئېتىزغا چىقما، مېھمان كېلىدىكەن،- دېدى ۋە يەنە قوشۇپ قويدى، - ھېلىقى ھاۋا رەڭ كۆڭلىكىڭنى كىيىۋالغىن قىزىم.

ئاپىسىنىڭ گېپىدىن چىقمايدىغان مېھراي ماقۇل دېدى. قوزى چۈش مەزگىلىدە ئۈچ يىگىت كىرىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوغۇزخان بار ئىدى. ئۇ يېڭى ئىشتان - چاپان كىيىۋاپتۇ، مېھراي ئاپىسىنىڭ «ھاۋا رەڭ كۆڭلىكىڭنى كىيىۋال» دېگىنىنىڭ تېگىگە يەتتى. ئۇ ئىزا تارتقىنىدىن قىزارغان ھالدا ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى، ئوغۇزخانغا قولداش بولۇپ كەلگەنلەر مەھەللىدىكى شوخ يىگىتلەر ئىدى، ئۇلار بىردەم چاقچاق قىلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئوغۇزخان بولسا، مېھرايغىمۇ قارىماي تەرلەپ پىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئارىلاپ كېكىرتىكىنى قىرىپ قويىدۇ. مېھراي ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ ئوخشاتماقچى بولدىيۇ، بىراق ئەدەپ يۈزىسىدىن ئېغىز ئاچمىدى. بىراق ئىچىدە كوتۇلدىدى: بۇنى بىكار مۆرىمەس ئۆكۈز دېمەپتۇ - دە، بىرەر ئېغىز گەپمۇ يوققۇ؟...

بىر ئازدىن كېيىن يىگىتلەردىن بىرى كېلىش مەقسىتىنى دېدى:

-مېھراي، ھەممىمىز تەڭتۇش ھەم بىر مەھەللىلىك بولغاچ مەقسەتنى ئوچۇق دەۋېرەيلى، ئاغىنىمىز ئوغۇزخان سىزگە ئەلچى كىرگۈزگەنىدى، بىراق توي خېتى ئېلىشتا كاتىپنىڭ سوئالىغا دەر قەمدە تۇرۇپ جاۋاب بېرەلمەيدىكەنسىلەر. شۇڭا ئىككىڭلارنىڭ بىر ئاچقۇسىنى قىلىپ كىردۇق.

مېھراي دىلخەستە بولۇپ قالدى، ئىزا ۋە ھاياجانلانغىنىدىن باغقا يۈگرەپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن: ئۇ ياۋاش ئەمەس، ماڭا كۆڭلەك ئەچىقىپ بەردىغۇ! دېگەن سادا ياڭرىغانىدەك بولدى، ئۇنىڭ يۈرەك تارى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك سوقماقتا، ئىسسىق بىر قولنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىشى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۈزۈپ ئالغىلى تاس قالدى.

-ئاپام!

-ھوي ساراڭ قورقما، بۇ مەن!

مېھرايىنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى. قوشنىسى ئايشەگۈلنىڭ ھەممىدىن خەۋىرى بار ئىكەن، ئۇ مېھرايىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

-قۇتلۇق بولسۇن، تەلەيلىك ئىكەنسەن، ئۆز بەگ، ئۆز خان بولىدىكەنسەن!

مېھراي «بەختلىك دېگەن سەن» دېمەكچى بولدىيۇ، دوستىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن گەپ قىلمىدى. ئايشەگۈلنىڭ «رازىمۇ سەن» دېگەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سوئالىغا يا ياق، يا ھە دېمىدى، ئايشىگۈل چاقچاق قىلدى:

-ھېلىتىن سەنمۇ مۆرىمەس بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە؟ گەپ قىلە!

- مەن نېمە دەيمەن؟ - مېھراي كۈلدى.

-ئەمسە مەن دەيمەن جۇمۇ، - ئايشىگۈل يىگىتلەرگە قاراپ توۋلىدى: - پەيشەنبە كۈنى گۈڭشېنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار!

مېھراي ئوغۇزخاننىڭ تۆت ئېغىز ئۆيىگە كۆچۈرۈلۈپ كەلگەندىلا، «تەقدىرگە تالاش يوق ئوخشايدۇ» دېگەنگە ئىشەندى. توي ئاخشىمى مۆرىمەس مېھراينى ھەيران قالدۇرۇپ زۇۋان سۈردى:

-مەن سېنىڭ مۇشۇ سۈتتەك ئاپئاق يۈزۈڭنى، مۇنۇ ئۇزۇن چاچلىرىڭنى سۆيىمەن. . .

مېھرايىنىڭ شەھلا كۆزلىرى پارلىدى.

* *

شۇ كۈندىن تارتىپ مېھرايىنىڭ بېشىغا تۆت ئېغىزلىق بىر قورا كىيىلدى. «خۇمداندا خىش تولا، قىلاي دېسەم ئىش تولا» دېگەندەك سەھەر تۇرۇپ ئۇرۇن يىغىش، ئۆي سۈپۈرۈش سۇ توشۇش، چاي قاينىتىش، چىنە - قاچا يۇيۇش، كىر يۇيۇش، ئېتىزغا يۈگرەشكە ئوخشاش ئىشلار ئۇنىڭغا ئۇھ دېگۈدەك ۋاقىت بەرمىدى. ئۇنىڭ ئۇچيۈز ئاتمىش كۈنمۇشۇنداق تۈگىمەس ئىشلار بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئوغۇزخان تورغاي چۇچىلىغاندا ئەترەت ئېغىلىغا بېرىپ ھارۋىسىنى قاتىدۇ -دە، نەلەرگىدۇ كېتىدۇ. بەزىدە كۆز باغلانغاندا، بەزى كۈنلىرى يېرىم كېچىدە ئۈستىبېشى توپا - چاڭغا مىلىنىپ قايتىپ كېلىدۇ. مانا شۇندىلا مېھراي يالغۇزلۇق تارتمايتتى. مۇشۇ مېنىڭ ئېرىمغۇ -ھە، دەپ ئوغۇزخاننىڭ قۇچىقىدا بەختكە چۆمەتتى. ئائىلە تىرىكچىلىكىدە يۈرگەن خۇدانىڭ قۇتلۇق بىر كۈنى تۇنجى ئوغلى ئۇرخان تۇغۇلدى، ئەمدى مېھراي يالغۇزلۇق تارتمايدىغان بولدى. يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان جىگىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان بولدى.

«ئەرنى ئەر قىلىدىغان خوتۇن» دېگەندەك، مېھراي ئوغۇزخان مۆرىمەسنى ئەر قىلدى. ئۇزاق يىللار مابەينىدە ئوغۇزخان ئۆي ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىدى. ئۇ مېھراينى ئەقىللىق دەپ قارايتتى ۋە تاپقىنىنى مېھرايغا تۇتقۇزاتتى. ئەدناسى مېھراي ئۆيگە لازىمەتلىك نەرسىلەر ئېلىپ كېلىڭ دېسە، ئۇ «ئۆزۈڭ ئالساڭا» دەيتتى، مېھراي ئېرىنى ئۆكۈزنى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ، بىر ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ھەتتا ئاتا - ئانىسىنى داۋالىتىش، ئۆلۈمى، نەزىر - چىراغلىرىنىمۇ ئۆزى باش بولۇپ ئۆتكۈزدى. «ئاياللارنىڭ قىرىق بىر جېنى بار» دېگەن گەپ راست ئىكەن. مېھراي ئۇ دەپ، بۇ دەپ، ئوتتۇز يىلنى ئۆتكۈزدى. ئايشىگۈل ئېيتقاندەك، «ئۆزى بەگ، ئۆزى خان» ئائىلىسىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلاندى.

ئوغۇزخان ئائىلە باشقۇرۇشقا ئىپى بولمىغىنى بىلەن تالانىڭ ئىشلىرىدا چەبدەس چىقىپ قالدى. گۇڭشې ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يەر ھۆددىگە بېرىلگەندە، ئوتتۇز بەش يىل ياۋاش كالىدەك زۇۋان سۈرمەي كەلگەن ئوغۇزخان بىردىن غەزەپ بىلەن ھۆركىرىدى. ئۇنىڭ بوم ئاۋازىدىن مېھرايىنىڭ قۇلاق پەردىلىرى تىترەپ كەتتى. ئوغۇزخاننىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يانغان، بۇرنىنىڭ چاناقلىرى كېرىلگەن، مەڭزى تىترىگەن ئىدى، ئەزالار ئۇنىڭ ئەلپازىغا ھەيران قالدى.

-ھەي دۈيجاڭ! - دېدى ئوغۇزخان ھۆركىرىگەن ھالدا، - بۇ تراكتورنى بىر ئۆمۈر ھارۋىكەشلىك قىلغان ماڭا بەرمەي، مۇنۇ توخۇ ئوغرىسىغا بەرگىنىڭ نېمىسى -ھە!

دۈيجاڭ ھودۇققان ھالدا دۇدۇقلىدى:

-ھوي ئوغۇزكا ۋۇي، تو - توقۇمىڭنى قار - قارنىڭغا ئالمىساڭچۇ، بۇ يېزا باشلىقنىڭ بۇيرۇقى!

-ئەمدىچۇ قارا، بۇ تراكتورنى مېنىڭدىن يېزا باشلىقىڭ بۇياقتا تۇرسۇن، ھېلىقى چوڭى، ھە، ھە ماشۇجىمۇ ئالالمايدۇ. ھايدا بالام تۆمۈر ئۆكۈزنى!

شۇ تاپتا ئەترەت باشلىقىنىڭ بورۇقى ھەيۋىسى ئاللا قاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەنىدى، ئۇ پەقەت تۇيىقى سىقىراپ قالغان ئۆكۈزدەك ئاجىزغىنە كايىدى:

-ھوي ئوغۇزئاكا، بۈگۈن پايتىمىنى تەتۈر ئۆرۈۋدۇڭمۇ نېمە! ئات - ھارۋىنى سەن ئالغاندىن كېيىن، مۇنۇنىڭغا تراكتورنى بەرسەڭ بولاتتى.

-ئات ھارۋاڭغا نەرقىدە پۇل بېرىمەن، - ئوغۇزخان قايرىلىپ، - ھاي خوتۇن، ھېلىقى توخۇم ساتقان پۇلۇڭنى ئەچىقىپ بەرگىن، دۆيجاڭ ھاراق ئىچسۇن!

بۇ تېرىلغۇنىڭ قاتىلاڭغۇ چاغلىرى ئىدى. مېھراي ئۆزىچە: تراكتورغىمۇ، ئات - ھارۋىغىمۇ ئىگە بولدۇق، ئۇلار ئەمدى كېچە - كۈندۈز تراكتور ھەيدەيدۇ، توق - توق يېمىسە بولمايدۇ دېگەن ئويدا خورازدىن بىرنى بوغۇزلاپ، كاۋا بىلەن قورداق تەييارلىدى. ئۆي ئىچىنى بىر ئالغان مەززىلىك پۇراق ھەممىدىن ئاۋۋال تۆمۈرخاننىڭ چىدامىنى قويمىدى:

-ئاپا، بولساڭچۇ، ئىشىمىز بەك ئالدىراش، دېھقانلار ئۆچىرەتتە!

-ھازىر بالام، گىدىككىنە تەخىر قىل!

مېھراي خوراز گۆشىنى بۆلۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ ئېرىگە ئوبدان تويسۇن دەپ گەۋدىسىنى، ئىككى ئوغلىغا مەزمۇت دەسسىسۇن دەپ ئىككى يامپىشىنى، قانات چىقارسۇن دەپ ئىككى قىزىغا ئىككى قانىتىنى، ئۆزىگە بېشىنى تەقسىم قىلىپ بالىلىرىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئېرى بىلەن ئوغلى مۆرىمەسلەر بولغاچ ئىندىمەي يېيىشمەكتە. شۇ تاپتا ئورخان بىلەن ۋات - ۋات قىزلىرىمۇ مۆرىمەس بولۇۋالدى. ئوخشاپتۇ ئاپا دەپ قويۇشقىمۇ يارىمايدۇ، بۇ مۆرىمەسنىڭ شۇملىرى، دەپ ئاغرىنىدى ئۇ. تاماق يېيىلىپ بولغاندا ئوغۇزخان ئۈن قاتتى:

-يارايسەن خوتۇن، ئۆمرۈمدە مۇنداق مەززىلىك تاماق يېمىگەنتىم.

-ئالامەت ئوخشاپتۇ ئاپا!

-يەنە بارمۇ ئاپا، قانچىلىك بولسىمۇ يەۋېتەر ئىدىم... - ھەممىسىنىڭ ئاغزى تەڭ ئېچىلدى. مېھرايىنىڭ ھاردۇقى چىقتى.

-مېھرى، ئەمدى كۈندە گۆشلۈك تاماق ئەتكىن!- ئوغۇزخان تۇنجى قېتىم خوجايىنلارچە بۇيرىدى.

مېھرايىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى، ھە، كەمبەغەلنىڭ بىر تويغىنى باي بولغىنى، قورساق تويسا كۆڭۈل توق، غەم - غۇسسە يوق بولىدىكەن. ئېرى بىلەن ئوغلىنىڭ پېشانە تەرى بىكار كەتمىدى. يول تاپار، پۇل تاپار دېگەندەك كۆكلىدى، تراكتور ھەيدەپ يۈرۈپ يىغقان پۇلىغا بىر كومبايىن سېتىۋالدى. ئۈچ يىل ئۆتۈپ بىر يۈز ئوتتۇز قوي، ئوتتۇز ئۆكۈزى بار ئائىلىگە ئايلاندى. ئوغۇزخان ئەمدى بالىسىنىڭ كەينىدە يۈرمەي، قوي، كالا بوردايدىغان بولدى، ئۇ مېھرايىغا خوجايىنلارچە:

-ئەمدى ئېتىزغا چىقمىساڭمۇ بولىدۇ، ئوتتۇز يىل قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولغىنىڭمۇ يېتەر، ئۆي ئىشىنى قىل، بىكار بولساڭ ماڭا قارىشىۋەت،- دەپ بۇيرۇق قىلدى.

يەنە ئىككى يىل ئۆتۈپ، تاغلىق كەنتتە ئۇلارنىڭ ئىككى قەۋەتلىك چىرايلىق ئۆيى قەد كۆتەردى.

* *

مېھراي بىر ئاپتوبۇس خوتۇننى ئېلىپ شەھەرگە كېتىۋاتىدۇ، ئۇ ئورخاننى سىفەن مەكتەپكە ئوقۇشقا

ئېلىپ كىرگەندىن بېرى شەھەرگە كىرىپ باقمىغان، بۇ قېتىمقىسى 2 - قېتىم شەھەرگە كىرىشى، يەنە كېلىپ ئورخاننى ئۆيلەش ئۈچۈن توي تارتىپ كېتىۋاتىدۇ. ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان مېھراينىڭ چىرايىدا ھەم شادلىق، ھەم غەم - ئەندىشە بار ئىدى. شاد بولغىنى ئوغلىنى ئۆيلەپ كېلىنلىك، ھەتتا نەۋرىلىك بولۇش ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئاشىدىغىنى، شۇ تاپتا ئۇنى بىئارام قىلىۋاتقىنى ساندۇق ئېچىش مۇراسىمى.

مېھراي ئاپتوبۇسنىڭ تۆپىسىگە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ تۆپىسىدىكى ساندۇق ياكى ئۇنى يەرگە قارىتىدۇ، ياكى كۆلدۈرىدۇ. شەھەرلىكلەرنى يالغۇز ئاقلىق چايغىلا يەتمىش - سەكسەن پەتنۇس راسلاپ بارىدۇ، دېيىشىدۇ. قوشنامنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئېلىۋالغان سەكسەن پەتنۇسلۇق بوسۇتىمغا رازى بولارمۇ؟ . . .

مېھراينىڭ يەنە بىر ئەندىشىسى چىشى قۇدىسى، «ئاپىسى پۇتمىسە قىزى پۇتمەس» دېگەن قاراشقا ئىشىنىدىغان مېھراي چىشى قۇدىسىنىڭ قانداق ئاياللىقىنى تېخىچە بىلمەيدۇ. يامان خوتۇن بولسا ئوغلۇمنى تارتىۋېلىپ ئىچ كۈيئوغۇل قىلىۋالىدۇ، باھانە ئاسان، ئىككىسى بىر مەكتەپتە، خىزمەت ئېغىر، قىزىمىز تاماق ئېتىپ ھەم خىزمەت قىلىپ ئۇرۇقلاپ كەتتى دېگەن باھانىسىمۇ تېپىلىدۇ - دە.

مېھراي ئويلاپ باشقا ئەچىقالماي، بىر قويىنى سويۇپ ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلىرىنى مەسلىھەت چايغا چاقىرغانىدى. ئاياللاردىن بىرى «شەھەر توپى چوڭ بولىدۇ» دېسە، يەنە بىرى «ھەشەمەتلىك بولىدۇ» دېدى.

-شەھەردىچۇ، - دېدى بىر جۇگان، - ئوغۇل-قىز توي خېتى ئېلىپلا رېستوران دېگەن ئۆيدە تانسا قىلىدىكەن، ئاندىن قىز - يىگىتنى پىكاپلاردا شەھەر ئايلاندۇرىدىكەن.

-ۋاي ئانامەي، ئورۇسلاردەكلا قىلىدىكەندە.

-بىزچىمۇ توي قىلىدىكەن، - دېدى يەنە بىر بىلەرمەن، - قىزنىڭ ئۆيىدە ئۆكۈز سويۇپ، داشقازان ئاسىدىكەن، ساندۇق ئېچىلىشى ھەممىدىن داغدۇغىلىق بولىدىكەن.

قېرىنداش دېگەن يەنىلا قېرىنداشلىقىنى قىلىدۇ. مېھراينىڭ ھەدىسى بىلەرمەنلەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ مۇنداق دېدى:

-«ئوغلۇڭ بولسا ئوچاقتەك، قىز كىلۇر قونچاقتەك» ئوغلىمىز ئۆيلىنىمەن دېيدىكەن ھەممىگە چىدايمىز، توي دېگەننىڭ مەنىسى ھەممىگە توي دېگەنلىك. ياخشىسى ئاۋۋال ئەلچى كىرگۈزۈپ قىزنىڭ ئىشكىنى ئاچايلى.

-توغرا دېدىڭ ھەدە، ۋاييەي، بىزدىن نېمە كېتەتتى، ئوتتۇزلا قوي ساتسام شەھەرنىڭ يېرىمىنى ئالالايمەن، - دېدى مېھراي.

ئەلچىلەر ئىككى قېتىم قاتراپ ماقۇل جاۋاب، توي سېلىقىنى ئېلىپ چىقتى، سېلىق خېلى ئېغىر ئىدى. مېھراي قورقۇپ قالمىدىيۇ، لېكىن نامى غەلىتە جەت ئەل كىيىملىرىنى ئالالمىدى.

ھاياتىنىڭ ئەڭ ئېغىر كۈنلىرىگە چىدىغان، نۇرغۇن تويلارنى كۆرگەن مېھراي ئوغلىنى ئۆيلەشكە كەلگەندە ھودۇقۇپ قالدى. ئۇ مانا شۇ غەم - ئەندىشە ئارىلاش شادلىق ئىچىدە قۇدىسىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنىمۇ تۇيمىدى.

* *

مېھراي سەھەرلىق ئاياللارنى باشلاپ يوغان تۆمۈر دەۋازىدىن كىردى. ئاسفالت يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئارچىلار، سايە تاشلاپ تۇرغان باراقسان تاللار گۈللۈك ۋە ئۈزۈم باراڭلىرى، ئۇنىڭ نېرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بەش قەۋەتلىك بىناغا قىزىقىش بىلەن قاراپ قەدەم تاشلىدى.

مېھرايلارنى ئىشىك ئالدىدا پوز زور كىيىنگەن،

uyghurkitap.com

يۈزلىرىگە گىرىم قىلغان جوگانلار قىزغىن قارشى ئالدى. مېھراي پەلەمپەيلەردىن ئۆرلەپ 3 - قەۋەتكە چىققىنى. ئىشىك ئالدىدا ئاق سېمىز، قاش - كىرپىكىگە سۈرمە تارتقان، سېمىز بوينىدا ئالتۇن زەنجىر، مەيدىسىدە گۆھەر كۆزلۈك مېداليون پارقىراپ تۇرغان ئايال قاش - كىرپىكلىرىنى سۈزۈپ قارشى ئالدى. ئۇ مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتىدىن كۆرە بارماقلىرىدىكى قوش - قوش ئالتۇن ئۈزۈك، بىلىكىدىكى ئالتۇن بىلەيزۈكلىرىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ مېھرايغا باشتىن - ئاياغ بىر قاراپ قويدى - دە، مەنسىتمىگەن قىياپەتتە تىلىنىڭ ئۇچىدىلا ئامانلىق سوراپ قويدى. ئاندىن بويىغان كالپۇكلىرىنى پۈرۈپ، سول قولى بىلەن ئۆيگە كىرىش ئىشارىسى قىلدى. مېھراي بۇنىڭغا ھودۇقۇپ كەتمىدى. ئۇمۇ ئاياللىق نەزىرىدە بۇ ياسانچۇق خېنىمغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن بىر قاراپ قويدى ۋە بۇ چىرايىنى قەيەردىدۇ بىر كۆرگەندەك تۇيغۇغا كەلدى. شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى ئۆي ئىگىسىنى چاقىرىپ قالدى.

— ئايشەبۈۋى خانىم! . . .

مېھراي قىپ - قىزىل ياسالغان ئۆيگە كىرىۋېتىپ: ئايشەبۈۋى خانىم؟ بۇ تونۇشلا ئىسىمغۇ، دەپ ئويلىدى. ئاشخانىچە قولغا سۇ تارتىلدى. مېھرايىنىڭ ئالدىغا كاللەك ناۋات، قەن- گېزەك، پېچىنىلەر بىلەن ئالاھىدە راسلانغان ئايرىم پەتنۇس قويۇلدى. چايدىن كېيىن ئۈستىگە مايلىرى پارقىراپ تۇرغان مەررە گۆش، قېزا، بېھىلەر لىققىدە بېسىلغان ئاش تارتىلدى. مېھرايىنىڭ گېلىدىن بۇ ئوخشىغان ئاش ئۆتمىدى. قودىسىنىڭ پار - پۇر ياسانغىنى، مەنسىتمەي كۆتۈۋالغىنى، ئۇنىڭ ئىسمى شەرىپى مېھرايىنى گاڭگىرىتىپ قويغان ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا يېڭى قودىسى مۇنۇ يېنىدا ئولتۇرغان قودىسىدەك ساددا ئەمەس ئوخشايدۇ. نېمىنى قويساڭ خوش دەيدىغانلاردىن ئەمەس، ئۇ قىزىنى ئاسانلىقچە بېرىپ قويمايدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇلار كاتتا كىشىلەردەك كۆرۈنىدۇ، دېگەن ئوي مېھرايىنى قىينىدى. ئۇنىڭ ئويىنى ئىسپاتلىغاندەك، ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ياسانچۇق ئايال يېنىدىكى ئايالغا: «تونۇگۈن گۆشنانىنى مايغا چىلاپلا پىشۇرۇپ يېۋىدىم قاراڭ، قان بېسىمىم ئۆرلەپ كەتتى. شۇ ھامان قاراقات مۇراببasىنى يېۋىدىم قان بېسىمىم چۈشتى، بولمىسىچۇ، بۇ چايغا كېلەلمەيتتىم» دېدى. پەگادا ئولتۇرغان يەنە بىر ئايال غىجىنغان ھالدا: «ۋايىيەي، باشقىلار سۇغا چىلايدىغاندەك دەۋاتقان گېپىنى قارىمامدىغان» دەپ كوتۇلدىدى.

ئەمدى چاينىڭ ئەڭ قىزىق پەيتى كەلدى. ئايشەبۈۋى خانىمنىڭ تۆت ئېغىز ياسىداق ئۆيى، قوشنىلىرىنىڭ ئون نەچچە ئېغىز ئۆيىدە تىقىلىشىپ ئولتۇرغان مېھمانلار دۇررىدە كارىدورغا چىقىشقا باشلىدى. پەلەمپەيلەردىن چۈشۈۋاتقانلارنىڭ ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىلىرىنىڭ تاقىلدىشى بىنانى لەرزىگە كەلتۈرەتتى. ئۇلار كەڭ ئۈزۈم بارىڭى، گۈللۈكلەرنىڭ چۆرىسىدە تىقىلىشىپ تۇرۇشتى، ئوتتۇرىدىكى كىچىك سەيناغا قويۇلغان شىرەدە ئىككى ساندۇق، ئىككى چامادان تۇراتتى. ئاۋۋال بومسۇت قويۇلدى، مېھمانلار گىلەم، مىڭ سوملاپ نەق پۇلدىن تارتىپ ئەديالغىچە قويۇشتى. ئاندىن ساندۇق ئېچىش باشلاندى. قائىدە بويىچە ئاۋۋال قىزنىڭ ساندۇقى ئېچىلدى. بىر چوكان كىيىم- كېچەك، ئالتۇن جابدۇقلارنى ئېلىپ بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ، تەرىپلەشكە باشلىدى:

— بۇ تۈركىيىنىڭ بادام ياغلىقى، پاكىستاننىڭ زەر ياغلىقى ۋە كەشمىر ياغلىقلىرى. بۇ قىشلىق نوركا ئىسپانكىسى، بۇ قىزنىڭ يىگىرمە گىراملىق ئالتۇن زەنجىرى، بۇ گۆھەر كۆزلۈك بولاپكىسى، قاراڭلار نۇر يېغىپ تۇرغىنىنى، بۇ ئىككى جۈپ

www.uyghurkitap.com

گۆھەر كۆزلۈك ئالتۇن ھالقىسى، بۇ ئىككى جۈپ ئالتۇن ئۈزۈكى، گۆھەرلىرى جىلۋە بولغاچ نۇر ياغدۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ چېخوسلوۋاكىيىنىڭ بوبىروك پەلتوسى، بۇ ۋېنگرىيىنىڭ يازلىق پەلتوسى، بۇلار قاراكۆللار، شېكەر چاچتى، سۇ پەرى، پەتنۇس، چىكەن، گۈللۈك چىكەن، تور چىكەن، ھەسەن - ھۈسەن، ئوت كەتتى، توخۇ كۆزى، مەتقارا، زەر باسقان، چىدىغانغا چىقارغان دېگەنگە ئوخشاش چەت ئەل رەختلىرىدىن تىكىلگەن كۆڭلەكلىرى... ساندۇقتىكى تۈگەپ، چامادانىدىكى ئېلان قىلىنىشقا باشلىنىشىغىلا مېھراينىڭ «رەھمەت» دەۋېرىپ ئاغزى تالدىمۇ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ قىسىلىپ قالغانىدى. قوشنىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ قۇدىلار سېلىقتا سالغان چەت ئەل كىيىملىرىنى ئالالمىغىنىغا ئۆكۈندى. ئۇ ئايشىبۈۋى خانىمغا قارىدى، ئۇنىڭ چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەن، ئالتۇن چىشلىرى كەچكى شەپەق نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى.

مېھراينىڭ قۇلىقىغا ئەمدى ساندۇق ئاچقۇچى جۇگانىنىڭ مەسخىرىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھازىر ئوغۇل تەرەپنىڭ ساندۇقىنى ئاچىمەن. بۇ قىزغا تەييارلانغان باش ياغلىقى ئوخشايدۇ. بۇ بىر جۈپ قولۇپلۇق ھالقىكەن، بۇ بىر تاللا ئۈزۈك ئىكەن، بۇ شاڭخەينىڭ پەلتوسىدەك قىلىدۇ، بۇ خوتەن ئەتلىسىدىن تىكىلگەن كۆڭلەكتەك قىلىدۇ، بۇ غۇلجا سارجىسى بولسا...

قىزنىڭ ساندۇقى ئېچىلغاندا، دىمىنى ئىچىگە ئېلىپ تۇرغان ئاياللار ئەمدى كۇسۇرلاشقا باشلىدى. مېھراي بىر قېتىممۇ رەھمەت دېمىگەن ئايشىبۈۋى خانىمغا قارىدى. ئۇنىڭ بايىقى ئاپتاپتەك ئېچىلغان چىرايىنى قارا بۇلۇت قاپلىغان، پارقىراپ تۇرغان ئالتۇن چىشلىرى قارا بۇلۇت ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. مېھراينىڭ سىنچى كۆزى قۇدىسىنىڭ ئوڭ قۇلىقى ئاستىدىكى خالغا چۈشتى. ۋاھ ئەجەب ئوخشايدۇ، ئايشىگۈل - خال... مېھراينىڭ كۆز ئالدىغا قەدىناس دوستى ئايشىگۈل كەلدى. ئۇنىڭمۇ قۇلىقىنىڭ ئاستىدا دەل مۇشۇنداق خالى بار ئىدى،

ھە، توختا، قېشى، بۇرنىمۇ شۇنىڭ، ئېپىز لەۋلىرىمۇ شۇ ئايشىنىڭ، پەقەت چېچى كېسىلىپ بۇدرە قىلىنىپتۇ. كۆزلىرىدىن بىر ئاز نۇر كېتىپتۇ، بويۇن، پېشانىسىگە قورۇق چۈشۈپتۇ. ھە، شۇ، شۇ ئايشىگۈلنىڭ ئۆزى...

— ئو ئوش، بولدى، ساندۇقنى ھارۋىسىغا بېسىپ بېرىڭلار!

مېھراينىڭ خىيالى ئايشىبۈۋى خانىمنىڭ ئاچچىق ئاۋازىدىن بۆلۈندى.

* *

مېھراينىڭ ئايشىگۈل ئىسىملىك دوستى بارلىقىنى شەھەرلىكلەر ئۇقمايدۇ. ئايشىگۈلنىڭ ئۆيى كەنتنىڭ چېتىدە بولۇپ، قېرى دادىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق يېتىم قىز ئىدى. ئۇلار قايسىدۇر مەھەللىدىن كۆچۈپ كېلىپ، مۇشۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇپ قالغانىدى. كېيىن دادىسى پارالىچ بولۇپ قالدى، ئايشىگۈل دادىسى ئورنىدا ئېتىزدا ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى غورىگىل ئۆتەتتى، ئۇ ھەر قاچان ئۆڭۈپ رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن كۆڭلەكنى كىيىپ يۈرەتتى، قاچانلا قارىسا ئالقانلىرى قاپارغان، يۈزلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ، شامالدا يېرىلغان، چاچلىرى پاخپايغان ھالدا يۈرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ئۇ توي - تۆكۈنلەرگە بارمايتتى. چىرايىدا غەمكىنلىك، مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يالغۇز مېھراي بىلەن مۆڭدىشەتتى. يىگىتلەرنىڭ چاقچىقىغا مۆزدەك نەزىرى بىلەن قارايتتى، يىگىتلەر ئۇنى «ئايشىگۈل توڭ» دەپ ئەيمىنەتتى.

بىر كۈنى ئايشىگۈل مېھراينىڭ ئۆيىگە كەلدى، ئۇ، ھاياجانلانغاندەك ئىدى. ئۇ تولىمۇ قىزغىنلىق

بىلەن:

-بۈگۈن ئېچىلىدىغان مەدەنىيەت ئۆيىگە بارامسەن؟ - دەپ سورىدى.

-بارىمەن، - دېدى چېچىنى تاراۋاتقان مېھراي، - سەنچۇ؟

ئايشىگۈلنىڭ بايىقى ھاياجىنىنىڭ ئورنىنى مەيۈسلۈك ئىگىلىدى، ئۇ تولىمۇ سۇس ئاۋازدا دېدى:

-باراي دېگەن ئىدىم، بىراق كىيىپ بارغۇدەك كۆڭلىكىم يوق!

مېھراي ئويلىنىپ قالدى، ھە، ئايشىگۈل مېنىڭدىن كۆڭلەك سوراپ كەپتىكەن-دە، دېگەن ئوي كەچتى كۆڭلىدىن. ئۇ ئەتەي:

-مۇنۇ كۆڭلىكىڭ بىلەن بارىۋەرسەڭ بولمامدۇ؟- دەپ سورىدى.

-بۇنى كىيىپ بارغىچە بارمىغىنىم تۈزۈك. مەن تېخى سەن بارمىساڭ ھاۋا رەڭ كۆڭلىكىڭنى كىيىپ باراي، دەپتىكەنمەن.

مېھراينىڭ قولىدىن تاغاق چۈشۈپ كەتتى، ئۇ دوستىنىڭ ئۈمىد بىلەن نۇرلانغان كۆزلىرىگە قارىدى، بۇ شەھلا كۆزلەردە ھەم مۇڭ ھەم مۇھەببەت نۇرى چاقنايتتى، - مېھراي: ھە، ئۇ مەدەنىيەت ئۆيىگە كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن ئەمەس، گۇڭشې ياشلار كادىرى يارىنى دەپ بارماقچى، شۇڭا ياسانماقچى، دەپ ئويلىدى. يارى بۇلتۇر كېلىپ، كەنت ياشلىرىنى مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇشقا تەشكىللىگەن، ياشلارنى تەشكىللەپ ئەترەت ئاجرىتىپ بەرگەن يىگىرمە مو يەرگە قىزىلچا تېرىپ ۋە ئۇنى سېتىپ، گېزىت - ژۇرنال، كىتاب، ساز قوراللىرى ئېلىپ مەدەنىيەت ئۆيىگە قويغانىدى. بۈگۈن مانا شۇ مەدەنىيەت ئۆيىدە كونسېرت ئويۇنى بولماقچى، مېھراي ئايشىگۈلنىڭ يارىنى يىراقتىن كۆرسىلا قىزىرىپ كېتىدىغىنىنى، مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدىغىنىنى كۆرگەن. بۇلارنى ئويلاپ كەتكەن مېھراينىڭ ئاغزىدىن «بېرىپ تۇرىمەن» دېگەن سۆز ئىختىيارسىز چىقىپ كەتتى.

ياشلىق ئوت يۈرەك دەۋرىگە، ھەممىگە، بولۇپمۇ يېڭى نەرسىلەرگە قىزىقىدىغان، ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئاتىدىغان دەۋر، مېھراي ھاۋا رەڭ كۆڭلىكىنى تۇنجى قېتىم كىيىپ بېرىپ، قىزلارنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى ئالماقچى، يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىگە ئوت سالماقچى ئىدى. بۇ ھەۋىسىنى دوستى سورىۋالدى. ئايشىگۈل ئارمىنىغا يەتكەن ئاشىقتەك ئېچىلىپ كەتتى، چىمەنلىك باغدا ياپراۋاتقان كېپىنەكتەك سەكرىدى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا:

-رەھمەت دوستۇم، بۇ ياخشىلىقىڭنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، - دەپ مېھراينى قۇچاقلىدى.

مېھراي يۇيۇنۇپ، تارىنىپ ئايشىگۈلنى ساقلاپ تۇردى، گۈگۈم چۈشۈپ، كۆز باغلانغاندا ئىشىكتىن بىر پەرىزات كىرىپ كەلدى. غۇۋا قاراڭغۇ ئۆي يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدا يۈزلىرى پارقىراپ تۇرغان مەڭزى ئانارەك قىزارغان، ئىككى ئۆرۈم چېچى ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرغان، ئىنچىكە بەللىك بىر گۈزەل نازىنىن تۇراتتى. ئۇنىڭ تەبەسسۇمىدىن نېپىز لەۋلىرى ئېچىلىپ، سەدەپتەك چىشلىرى پارقىراپ تۇراتتى. مېھراينىڭ كۆزى قاماشقاندەك بولدى.

-كۆزلىرىڭنى چىمچىقلىتىپلا كەتتىڭغۇ، كۆڭلىكىڭ ياراشمىدىمۇ يا؟- دېدى ئايشىگۈل ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى قېقىپ.

-ھوي سەن بايامقى ئايشىمۇ؟ سېنى كۆرۈپ كۆزۈم قاماشقاندەك بولۇۋاتىدۇ. تونۇغۇسىز گۈزەل بولۇپ كېتىپسەنغۇ، ۋاي خۇدايىمەي، سەن بەك چىرايلىق ئىكەنسەنغۇ؟

-يوق گەپنى قويغىنا، - دېدى ئايشىگۈل تارتىنىپ، - چىرايلىق دېسە سېنى دېسە بولىدۇ. ئاپئاق گىرىپتىشىن كۆڭلىكىڭ بىلەن تۈت كۈنلۈك

www.uyghurkitap.com



ئاي بولۇپ كېتىپسەن.

قىزلار بىر - بىرىنى مانا شۇنداق سۆيەتلەپ، يىتىلىشىپ مەدەنىيەت ئۆيىگە كەلدى. ئىچى - تېشى ئاپئاق ئاقارتىلغان چوڭ ئۆي ياشلار بىلەن تولۇپتۇ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بۇ ئىككى قىزغا چۈشتى، يىگىتلەرنىڭ يۈرىكى جىغىلدىدى، بولۇپمۇ يارىنىڭ ئايشىگۈلدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالغىنىغا قارىغاندا، بەلكىم ئايشىگۈل ئۇنىڭ ئەقلى - ھوشىنى ئالغاندۇر. ھە، ھاۋا رەڭ كۆڭلەك ئايشىگۈلنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى ئاچقاندەك، يارىنىڭ ھەۋەسىنى قوزغاپتۇ -دە.

ياشلار ئاۋۋال مەكتەپ بالىلىرىنىڭ كونسېرتىنى كۆردى. ئاندىن ساز چېلىندى. يارى باشلامچى بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشتى، ئۇ ئىككىلا ئايلىنىپ ئايشىگۈلنى تارتتى، كەينى بويىچە ئۇسسۇلچى مېھراينى تارتماي ئايشىگۈلنى تارتقىنىغا قارىغاندا، ئايشىگۈلنىڭ گۈزەل چېھرىسىدىن بىر پارچە ئوت ئۇچۇپ كېلىپ يارىنىڭ يۈرەك بېغىشىنى كۆيدۈرگەن چېغى. تارتىنچاقلىق قىزلارنىڭ زىننىتى، شۇڭا يىگىتلەر ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدىغان تارتىنچاق ئايشىگۈلنى ئۇسسۇلغا چۈشمەس دەپ ئويلىغان. مېھراي يەنە بىر قېتىم ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى، ئايشىگۈل تارتىنىشنى قايرىپ قويۇپ، ئۇسسۇلغا چۈشۈپلا كەتتى. بۇنى كۆرۈپ مېھرايدا: مۇھەببەت قائىدە- يوسۇنغا قارىمامدۇ - نېمە؟ يۈرەك مۇھەببەت ئىلكىگە ئۆتۈپ قالسا، ئار - نومۇسنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان ئوخشىمامدۇ، دېگەن پىكىر پەيدا بولدى. مېھراي دوستىنىڭ بۈگۈنكىدەك ماھىرلىق بىلەن شوخ ئويىنىغىنىنى كۆرمىگەن، ئۇ خۇددى خۇشاللىق دەرياسىدا ئۈزۈۋاتقاندەك، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا يارى بىلەن بېقىشىپ ئويناۋاتىدۇ. ئۇ شۇ تاپتا ئەڭ بەختلىك قىزغا ئايلانغان، يارى ئىككىسى مېھراينىڭ كۆزىگە خىلى - خىلىغا، گۈلى - گۈلىگە جۈپ كەلگەندەك كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ قىزغىن ئويۇنى ئەمگەكتىن باشقىنى كۆرمىگەن ياشلارنى جىم تۇرغۇزمىدى. ئويۇن بىر - بىرىگە كېچىككىچە داۋام قىلدى، يارى بىلەن ئايشىگۈل مېھراينى ئۆيىگە ئەكىلىپ قويۇپ كېتىشتى.

ئەتىسى ئايشىگۈل ھاۋارەڭ كۆڭلەكنى ئېلىپ كەلدى، مېھراي ئايشىگۈلنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. كۆزلىرى نۇرلانغان، ئۆزى خۇشال، ئەمما ئاخشامقى لىۋەن چىرايى يوق، ئۆكۈپ كەتكەن كۆڭلىكى ئۇنىڭ چىرايىنى يۇتۇپ كەتكەندەك ئىدى.

- ئاخشامقى ياردىمىڭگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت، كۆڭلىكىڭ دەل ۋاقتىدا ئەسقاتتى، - دەپ كۆڭلەكنى سۇندى.

- ھاۋا رەڭ كۆڭلەك ساڭا بەك يارىشىدىكەن، بۇ كۆڭلەكنى تويۇڭدا كەيگىن! - دەپ كۆزى قىيمىسىمۇ كۆڭلەكنى ئايشىگۈلگە ئىككى قوللاپ تۇتتى مېھراي.

- زاڭلىق قىلمىغىنا مېنى، بۇنى تويۇڭغا ئاتاپ ئالغان تۇرساڭ.

- سېنىڭ تويۇڭ مېنىڭ تويۇم، تويۇمدا ئاق كۆڭلەكنى كىيىمەن، ھاۋا رەڭ كۆڭلەك سېنىڭ بەختىڭ، دوستلۇقىمىزنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالسۇن!

- راستىما! - ئايشىگۈلنىڭ ئاخشامقى گۈزەل چېھرىسى يەنە پەيدا بولدى، - راستىنلا بېرىۋېتەمسەن؟! مەن راستىنلا مۇشۇ كۆڭلەكنى كىيىمەنما؟! بۇ ياخشىلىقىڭنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرىمەن.

شۇنداق دەپ ئۇ مېھراينى قۇچاقلىدى، ئۇ كۈلەتتى، كۆزلىرىدىن تامچە - تامچە شەبنەم ئاقاتتى. . .

* *

«ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرىدىغان» قىزغىن، ساداقەتمەن دوستى ئايشگۈلنىڭ دىل مۇڭى ئالتۇن چىشلىق يىگىت قۇدىسى ئىكەنلىكىنى مېهراي جەزملەشتۈردى. ئىست، ۋاي ئىست! بۇ دوستى هاۋارەڭ كۆڭلەكنى ئۇنتۇپلا قالماي، تويىنىڭ كازىر - پۇرچاق بىلەن ئۆتكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇلۇپ قالغانمىدۇ!

مېهراينىڭ كۆز ئالدىدىن ئاشۇ كوللېكتىپ توي مەنزىرىسى تېلېۋىزور لېنتىسىدەك تېزلا ئۆتتى.

يارى بىلەن ئايشگۈل، ئوغۇزخان بىلەن مېهراي ۋە يەنە تۆت جۈپ ياش مەدەنىيەت ئۆيىگە تىزىلىپ كىرىشتى. ئۇلار سەھنىدىكى ئۇستەل چۆرىسىدە ئولتۇرۇشتى، ئۇستەل ئۈستىدە ياشلار ئۆزلىرى تېرىغان كازىر - پۇرچاق، ئالمىلار بار، ئۆسمۈرلەر ئالتە جۈپ ياشنىڭ مەيدىسىگە قەغەز گۈل قادىدى، گۇڭشې شۇجىسىنىڭ «بىز ئون بەش يىل جاپالىق ئىشلەپ، كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن ئۆتۈپ كېتىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز يەپ، كۆپ ئىشلىشىمىز، ئاددىي كىيىنىشىمىز، تويلارنى مۇشۇنداق يېڭىچە ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك» دېگەن سۆزىدىن كېيىن كونسېرت بولدى، مانا شۇ تويدىن كېيىن ئايشگۈل خۇددى ئاي پاتقاندەك يوقاپ كەتكەنىدى...

ئۆز تويىنى كازىر - پۇرچاق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە رازى بولغان ئايشگۈل قىزىنىڭ شۇنچە چوڭ تويغا رازى بولمىغىنى نېمىلىكتىنكىن؟ بىر هاۋارەڭ كۆڭلەككە زار بولغان ئايشگۈل كىيىمگە نېمانچە ئامراق بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئەگەر دەۋر ئۆزگەرمىگەن بولسا، ئۇمۇ قىزىنىڭ تويىنى كازىر - پۇرچاق بىلەن ئۇزىتاتتىمۇ!... بۇ سوئاللارغا جاۋاب ئالماقچى بولغاندەك، مېهراي ئورنىدىن تۇردى، ئەپتىدىن مۇز، كۆزىدىن زەهەر يېغىپ تۇرغان ئايشبۈۋى خانىمغا قادىلىپ تۇرۇپ دېدى:

—ئايشگۈل، مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ تۇرۇپ، — يېزىدا بىر هاۋارەڭ كۆڭلەككە زار بولغان چېغىڭ ئۇنتۇلۇپتۇ-دە، ئۇ كۆڭلەككە ئىگە بولغىنىڭدا شادلىق يېشىڭنى تۆككەن ئىدىڭ، ئارىدىن ئوتتۇز يىل ئۆتۈپ توققۇزۇڭ تەل بولغاندا، ئاشۇ ياش ئاققان كۆزلىرىڭنى ماي قاپلىۋالدىمۇ؟!

باياتىن ئايشبۈۋى خانىمنى ياقىلاپ كۈسۈرلاشقان مېهمانلار جىددىيلەشتى. ئەمدى جېدەلنىڭ يوغىنى چىقىدىغان بولدى، دېگەن ئەندىشە ئارىلاش قىزىقىش بىلەن قاراپ قېلىشتى. ئايشبۈۋى خانىمنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، قىسىلدى ۋە بىردىن چاقنىدى، بۇ چاقناشتا هەيرانلىق بىلەن شادلىق ئىپادىلىنەتتى. ئۇ بىردىن ئۆزىنى مېهرايغا ئاتتى. ئاياللارنىڭ نېرۋىسى ئەمدى شۇنچىلىك جىددىيلەشتىكى، «هىم مانا، چاچلىشىش باشلاندى» دەپ تىپىرلاپ قېلىشتى.

—ۋاي دوستۇم، مېهرىمۇ سەن! — دېگەن ئايشبۈۋى خانىمنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازى مېهمانلارنى يەنە ئۆز ئورنىدا مىخلاپ قويدى، — جېنىم دوستۇم، مېنى كەچۈرگىن، پەقەتلا تونۇماپتىمەن، نېمىشقا باشتىلا مەن مېهراي دېمەيسەن، هەي سىڭلىم، — دېدى ئايشبۈۋى خانىم مېهرايدىن ئاجراپ، — ساندۇقنى يىغىشتۇرۇۋېتىڭ، دوستنى دۈشمەنگە ئايلاندۇرىدىغان ساندۇق ئېچىش قۇرۇپ كەتسۇن! سەلىمە خانىم، نىم پەدىگە چالسىڭىزا، بۈگۈن ئۇسسۇل ئوينايدىغان خوش شادلىق كۈن!

شۇ هامان ساندۇق، چامادانلار بىر چەتكە ئېلىۋېتىلدى، مېهراينىڭ ياشاڭغۇ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى، قەدىناس دوستى قىز چېغىدىكى ئۇسسۇلنى ئۇنتۇماپتۇ، بەلكى مەدەنىيەت ئۆيىدە ئوينىغىنىدىنمۇ سىلىق، لەرزان ئويناۋاتىدۇ. ئايشگۈل قاش چىقىرىپ ئويناپ مەيدانىنى بىر ئايلاندى-دە، مېهراينى تارتتى، مېهرايمۇ ئارانلا تۇراتتى. ئۇ قۇدىسى بىلەن بېقىشىپ شوخ ئويناشقا باشلىدى، ئادەم قېرىغان بىلەن كۆڭۈل قېرىمايدۇ، كۆڭۈللا قېرىمىسا ئۇسسۇلمۇ، ئارزۇ - هەۋەسمۇ قېرىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ماهىرلىق بىلەن ئوينىشى بۇ هەقىقەتنى ئىسپاتلىدى. گۆشنان يەپ قان بېسىمى ئۆرلىگەن جۇگان «سەرالىق تومپايلاردىنمۇ شۇنداق ماهىر ئۇسسۇلچىلار چىقىدىكەنا، توۋا» دەپ ياقىسىنى تۇتتى. تاپىنى قىزىغان ئاياللار كەينى - كەينىدىن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قوللىرى ئىگىلدى. بارماقلىرى قارسىلدىدى، ئۇلار كۈندۈزنىڭ نۇرلۇق چوڭ چىرىغى ئۆچۈپ، كېچىنىڭ ئۇششاق چىراغلىرى يانغىنىنىمۇ، كۆكتىكى چولپان يۇلتۇز بەسلىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشكىنىنىمۇ سېزىشمىدى.

مەسئۇل مۇهەررىر **ئالىمجان ئىسمائىل**

**ئەلئەت ناسىرى**

## [illegible]

**چاراسلايدۇ يۈلتۈز پىكرلەر**
تۈندە كۆزۈم چاقنىغان قۇياش،
مەڭزىمدە بار ئۈنىڭ نۇرلىرى.
تولۇنئاينى قوچۇپ كۈلدۈرۈپ،
جىلۋىنەر نەزمەم قۇرلىرى.

چۆمۈلىمەن پىكىر كۆلىگە،
ئويلىرىمنى ئويلار ئويغىتار.
ئۈمىدلىرىم چېچەكلىگەن باغ،
قايغۇلىرىم چۆلدەك ئۇخلىشار.

چاراسلىغان يۈلتۈز پىكىرلەر
چاقنىتىدۇ ھەر تاڭلىرىمنى.
ئىجادىيىتى ئۆتكەن كۈنلىرىم
ياشنىتىدۇ ئارمانلىرىمنى.

**مۇزدا كۆيىمەن**

توڭلىغانلار سۆزۈمنى ئاڭلاڭ،
گۈرۈلدەيمەن، مۇزدا كۆيىمەن.




خەلقىم ئىشقى تولغان تېنىمدا،
ئۆمرۈم بويى يېنىپ تۇرىمەن.

سىرلىرىمنى بىلمەك بولساڭىز،
قايناپ تۇرغان تۇرمۇشقا بېقىڭ.
دەريالارنىڭ جۇشقۇنلىرىدەك
مېنىڭ بىلەن شاۋقۇنلاپ ئېقىڭ.

**ئۆزبېك تونى**

بار ئېتىپ ماڭا ئامەت - پاراغەتنى،
قەددىمگە قەدىر بەرگەن ئۆزبېك تونى
يار ئېتىپ سورۇنلاردا جامائەتنى،
يولۇمنى يورۇق ئەتكەن ئۆزبېك تونى.

كۆرسىتىپ ماڭا تاغدەك ئالامەتنى،
بارىمنى ئامان ئەتكەن ئۆزبېك تونى.
ياشنىتىپ كۆكرىكىمدە پاراسەتنى،
نامىمنى جاھان ئەتكەن ئۆزبېك تونى.

چاقنىتىپ دەۋرىمدە زور كارامەتنى،
يۈزۈمنى يورۇق ئەتكەن ئۆزبېك تونى.
ئەسلىتىپ بوۋام قوينى ھارارەتنى،
ئەسلىمنى ئۇلۇغ ① ئەتكەن ئۆزبېك تونى.

---

① ئىنسان مەنىسىدە

## تاج

ھەممە ماڭا كۈلۈپ قارايدۇ،
يۈزلىرىمدە شادلىق نۇرانە.
قوللىرىنى سوزماق بولىدۇ
ئەتراپىمدا بولۇپ پەرۋانە.

ھەيرانمەنۇ بىگانىلەرگە،
نىچۈن ماڭا سىرلىق باقىدۇ.
يۈرىكىمنىڭ شادلىق ئېقىنى
يۈرىكىمگە ئۈنسىز ئاقىدۇ.

كىملىكىمنى بىلمەستى ئۇلار
بىلدى بىراق ئۆزبېكلىكىمنى.
چۈشەنمىدى ئانا تىلىمنى،
چۈشىنىشتى يارقىن دىلىمنى.

بىلدىم شۇنداق كۆزلەر سېھرىنى،
باققان ئىكەن ئۇلار بېشىمغا.
دوپپا كىيگەن شەرق ئوغلىنى
يار تۇتماققا كېلىپ قېشىمغا.

دوستلۇق نىشان ئىنسان قەدرىگە،
ئۆمرىڭىزنى جاھان ئېتەركەن.
سەۋەبلەرنىڭ مېھىر - ئىنئامى
قۇچىقىنى ئېچىپ كېلەركەن.

شاھلار تاجى ماڭا نە ھاجەت،
يۇلتۇز، ئايلار قونغان بېشىمدا.
بادام دوپپا قەددىم غۇرۇرى،
بۈيۈك تاغلار داڭگال قېشىمدا.

**ئابابەكرى تۇيغۇن**

## غەزەللەر

1

ئېگەم، سەن سۆيگۈنىڭ سەۋداسىغا زەپ مۇپتىلا قىلدىڭ،
كۆيۈشتە پۈتمىگىڭ چەكسىز، سۆيۈشتە «بولدىلا» قىلدىڭ.
نە ھاجەت بەندە ئۆتكۈزگەن گۇناھلارنى ئېغىر ئالماق،
ئاڭا سۆيگۈ ئاتا قىلدىڭ ئۆزۈڭ بەلكى خاتا قىلدىڭ.
ياراتتىڭ مەككە - قۇددۇسنى مۇسۇلمان قىبلىگاھى دەپ،
يەنە ئاشىققا جانان ۋەسلىنى بىر قىبلىگاھ قىلدىڭ.
كۆسەيدەك قىلدى جىسمىمنى ئوتىدا كۆيدۈرۈپ مەشۇق،
يەنە كۆيمەككە دوزاختا تېنىمنى مۇپتىلا قىلدىڭ.
رىزا تۇيغۇن، ئۇنى مەڭگۈ ئىشق ئوتىدا كۆيدۈرگىن،
ئازابلىق جەننىتىڭ يارسىز، ئۇنىڭغا دەرد، جازا قىلدىڭ.

2

شامالدا يەلپۈنۈپ، ساچىڭ جامالىڭ ۋەسپىنى ياپتى،
ماڭا پەيكانە بەتلەنگەن كۆزۈڭ سۇيىقەستىنى ياپتى.
قىسىپ ئالدىڭ گويا كىرپىكلىرىڭنى لاخشىگىر ئەيلەپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھامان ئوتقا تىقار بولغان ۋەزىپە - كەسپىنى ياپتى.
كۆزۈڭنىڭ ئىشتىھا زوقى ئۈچۈن جاندىن جۇدا ئاشىق،
تەشەككۇر، ئاشۇ مىژگانىڭ كۆزۈڭنىڭ نەپسىنى ياپتى.
تىكىلمە ئەمدى سوغ، ياكى يوقات بىر يولى ئالەمدىن،
ئەمەس بولسا ئۆلۈم پۈتكەن ئەجەلنىڭ ئەكسىنى ياپتى.
خۇشال تۇيغۇن، نىگارنىڭ كۆزلىرىدە چاقنىدى ئاتەش،
بۇ ئاتەش كەلتۈرۈپ كۆكلەم، ئاياز - جۇت پەسلىنى ياپتى.

3.

پەلەكنىڭ غارىغا چۈشتۈم ئۆزۈڭ تۈۋرۈك - يۆلەك بولدۇڭ،
نە تۈۋرۈك، قامىتىڭ چەكسىز گويا ئاسمان پەلەك بولدۇڭ.
ئەمەسمۇ پاجىئە گۈلنىڭ يۇلۇنسا غۇنچىسى شاختا،
يۇلۇنغان گۈل ئۈچۈن مەڭگۈ گويا يىلتىز - كۆتەك بولدۇڭ.
تومۇردا ئاققىنى ساپ قان ئەمەستى، بەلكى بىر زەرداپ،
بىجان جىسمىم ئۈچۈن قۇدرەت ئاتا قىلغان يۈرەك بولدۇڭ.
قېچىپ ئامەتلىرىڭ ھەتتا مۈشۈك - چاشقاننى دوست تۇتتى،
رەپىق كەلتۈردى تاغ - تاغ دەرد، پەقەت سەنلا تىرەك بولدۇڭ.
دېدى تۇيغۇنغا دوستلار: شۇ ۋاپادار مېھرى ئاتەشكە
پەلەكنىڭ يېشىغا تەڭ بىر قەسىرە پۈتكىدەك بولدۇڭ.

ئەخمەتجان تۇرۇپ

## ئالقان ھەققىدە ناخشا

### تۇغۇت ئانىسى

تەۋرەنگەندە تۇغۇتتىن زېمىن،
پەرىشتىدەك كېلىسەن ئۈچۈپ.
ئۈمىدلەرنىڭ قىلىشىدىن مەست،
گۈل ھىدىنى قالىسەن قۇچۇپ.

يۈرىكىڭگە چاك كېتەر تېخى،
ئاڭلاش ئۈچۈن يېڭى بىر ناۋا.
چېچەك تۆكەر زىننىقىڭ لەپ-لەپ،
چىرايىڭدا خۇشاللىق، زىبا.

چىققانىېرى بوۋاقنىڭ تىلى،
ئۈنتۈلىسەن ۋە لېكىن ئاستا.
قولاق سالساڭ پىچىرلىشىمغا،
سەنمۇ ئەسلى ئۇلۇغ بىر ئانا.

### ئالقان ھەققىدە ناخشا

ئالقانلاردا مېھىر بار، ئالقانلاردا مۇھەببەت،
ئالقانلاردا چېچەككە تولۇپ كېتەر بۇ ئالەم.
ئالقان بىلەن ئايازنىڭ يۈرىكىگە ئاقار دەرد،
ئالقان بىلەن قولمۇقنىڭ ئاتەش باغرى بولارىنەم.
ئالقان بىلەن تاغلارغا تەئەللۇقتۇر سىلكىنىش،
ئالقان بىلەن ئاق تىلەك قۇچاقلىماس جۇدۇن-قار.

ئالقان بىلەن چېچەنگە مېھمان بولماس تېلىقىش،
ئالقان بىلەن پېيىمدىن ئايرىلىدۇ ئاچكۆز سار.
ئالقان بىلەن ساداقەت ئالالايدۇ يېشىل رەڭ،
ئالقان بىلەن كەڭ كەتكەن مۇز ئۈستىدە كۆيەر ئوت.
قاداق باسقان ئالقانغا كېلەلەيدۇ نېمە تەڭ؟!
يارالغاچقا ئۇ بىلەن مۆجىزىلەر ھەر مىنۇت.

## كەچكۆز لىرىكىسى

قۇش قونمىغان غېرىب شاخلاردىن
توزىماقتا ئاخىرقى ناخشا.
ئۆزىماقتا كۆچمەن غاز توپى
ئۇۋىسىغا باقماستىن قىيا.

كىر قونمىغان يومران چېچەكلەر
كۆزنەكلەردە قالار ئېچىلىپ.
كۆنگەيدىكى سامان دۆۋىسى
مەيۈسقىنە ياتار چېچىلىپ.

دوقمۇشتىكى دومچەك سۆگەتنىڭ
كاۋاكلىرى قالغان قۇيقۇرۇق.
يېشىللىقنى تۇرار چاقىنتىپ
ئانا يەرگە باش قويغان ئۇرۇق.

غىچىر-غىچىر كونا ھارۋىلار
توپا يولدا قالغان كۆپىيىپ.
كايىشلارغا بەرمەستىن جاۋاب،
قاشاڭ ئېشەك ماڭار ھۆرپىيىپ.

مورىلاردىن چىقىدۇ ئاستا
قويۇقلاشقان قاپقارا تۈتۈن.
كېزىپ يۈرەر زېمىن-پەلەكنى
قاناتلىرى يېتىلگەن بىر ئۈن.

## دوستلۇق

تومۇرۇمدا كۆۋەجىگەن قان،
تومۇرىڭغا ئاقىدۇ بەزەن.
يالتىرىغان ئارمان ئىلكىدە
يۈرىكىمىز قوشماقتۇر جەزمەن.

بىر ناخشىنى ياڭرىتىمىز تەڭ،
(قورشىيالماس دىللارنى يىغا)
ئېتىلارمەن بىر تال ئوق بولۇپ،
ئۈنىسە ئەگەر تىكەن ئارىغا.

## مېھىر

سەن سوۋۇماس بىر توچكىلا نۇر،
دىلغا باھار ئۈندۈرۈپ يۈرگەن.
زىنناقلارنى پۇرەكلىتىپ ئۆز،
ئايازدىمۇ شوخ-شوخ كۈلدۈرگەن.

سەن زەررىچە كىر قونمىغان قول
بار پاكلىقتا ئۈرنەك بولغۇدەك.
بارمىقىڭدىن تامچىغان ئوتتىن
سۇ بولىدۇ مۇزلىغان يۈرەك.

سەن يېگانە ساۋاۋى دەرەخ،
تومۇزلاردا تاشلىغان سايە.
تاشلاردىنمۇ كېلەر گۈل ھىدى
قىلسا سېنى ھەممە ھىمايە.

## تەنھالىق لىرىكىسى

كۆيلىرىمنى يۇتتى قەھرىتان،
جىمنىم سەنسىز كونا كۈلبىدە.
سىرتماق سالدى تېنىمگە تىترەك،
باسقان كەبى تاغلار گۈپپىدە.
كۈلۈپ بەرمەس بوپ قالدى تېخى،

ئالتۇن كۈننى يوشۇرغان كۆزنەك.
خىيالچان بوپ قالدى ئۆڭگەن تام،
غېرىب چالدىن ئالغاندەك ئۆرنەك.
يۇلتۇز ئۇۋا سالغان تورۇسقا
ئۆمۈچۈكلەر تىكلىدى چېدىر.
باراڭدىكى ناخشىچى دەمدەر
دان بەرسەممۇ قىلمىدى قىمىر.
شۇڭا بۈگۈن قاراپ يولۇڭغا،
بۈتناشلىرىم تورار ئېگىپ بەل.
يۈرىكىمنى قويغىن بىر سىلاپ،
تامام بولسۇن مەڭزىمدىكى سەل.

**مەن سەھرانىڭ كۈيچىسى**

قوي كۆزلىرىم خىيالغا ئۇۋا،
تىنىقلىرىم، لەۋلىرىم چاڭقاق.
زىنىقىمغا لەۋ ياققان تامچە
قاتتىقى يوق (باغرىمدەك يۇمشاق)
شېرىن ئىستەك چۈشكەن بەيگىگە
كۈلدۈرۈشكە سۈترەڭ كېچىنى.
كۆز ئېقىدىن رەڭ ئالغان سەھەر
ئەسلىتىدۇ جانان چىنىنى.
قاناتلانغان سەبىي قەلىمىم
بىر سۈرەتنى سىزىپ ئاۋارە.
ئۇ قەسىرنى كۈيلەيدۇ جەزمەن،
كۆرۈنىمۇ كۈلبەم ۋەيرانە.
چۈنكى ئۆزۈم سەھرا كۈيچىسى،
يۈرىكىممۇ سەھراغا ئۈلپەت.
تاتلىق كۈلكە تامار مەڭزىمدىن
سەھرا قېنىپ كۈلگەندە بىر رەت.

**غەنى رەشىدى**

## كىچىك سەھرا ۋەتەندۇر، ۋەتەن

### كۆز لىرىكىسى

روھىم ئۆزرە تۆكۈلمەكتە سارغايغان ياپراق،
تۆكۈلمەكتە شاختا يازنىڭ ئاداققى چۈشى.
قارغىلارنىڭ پەرۋازلىرى باغلارنى قۇچقان،
تۇرنىلارنىڭ جەنۇب تامان يەنە كۆچۈشى.

سۈكۈناتتا ئۆمچىيىدۇ پەر قاققان ۋاقىت،
سوراق سىزار ھەر قەدەمگە يوللار شىلدىرى.
ئولتۇرىمەن ئاچچىق يۇتۇپ ئۆتكەن ئۆمۈرگە،
دەيمەن نېچۈن بولماي كەلدى پەسىل چۇلۋۇرى.

كېپەنلەندى خازانلارغا قانچىلىك ۋاقىت،
كەتكەن يولغا قاراپ قالدىم چۆچۈپ قايرىلىپ.
مىسرالارنىڭ ئارىسىغا ئاستا لەپىلدەپ،
روھىم ئۆزرە تۆكۈلمەكتە ياپراق سارغىيىپ...

### سالام، سېنتەبىر

سالام سېنتەبىر، ئەمەسمەن ئۆسمۈر،
كۆرەلمەيمەن جىلتىمنى ئەمدى.
يىراقلارغا بارغان سەپەرنىڭ
ئاھ سەن ئىدىڭ تۇنجى قەدىمى.

شادلىق ئىچىدە يازلىق تەتىلدە،
قايتقىنىمدا مەكتەپكە بۈگۈن.
خاتىرەڭنىڭ تىرەنلىكىدىن
كۆرۈۋالدىم دوسكامنى پۈتۈن.

سېغىنغانچە توپىلىق يولدا،
تىۋىنەتتىم ساڭا، ئېھ ساڭا.
دەقىقىلەرنىڭ خاسىيىتىدىن
ئاستا-ئاستا كېڭەيدى دۇنيا.

سالام سېنتەبىر، ئەمەسمەن ئۆسمۈر،
شائىرىمەن خىيالچان ئەمدى.
مەكتەپ تامان قايتقان تەتىلنىڭ
ئېھ سەن بولدۇڭ تۇنجى قەدىمى.

## كىچىك سەھرا ۋەتەندۇر ۋەتەن

كىچىك سەھرا ۋەتەندۇر ۋەتەن،
بار ئۇنىڭكى دەريا-ئۆستىڭى.
سازلىقلىرى، تاغ-ئېدىرلىرى،
باردۇر يەنە چېكرا، ئۆتىڭى.
سۆيەلمەسەڭ كىچىك سەھرانى،
سۆيەلمەيسەن ۋەتەن-دۇنيانى.

كىچىك سەھرا ۋەتەندۇر ۋەتەن،
بار ئۇنىڭكى كۆپ خىل مىللىتى.
تىللىرى ۋە دىنلىرى ھەمدە
بار ئۆزگىچە سەنئەت، ئادىتى.
سۆيەلمەسەڭ كىچىك سەھرانى،
سۆيەلمەيسەن ۋەتەن-دۇنيانى.

كىچىك سەھرا ۋەتەندۇر ۋەتەن،
كېلىپ تۇرار ھەر خىل مېھمىنى.
باردۇر كاتتا بايلىرىمۇ ھەم
بار تاپالماس پۈتۈن نېنىنى.
سۆيەلمەسەڭ كىچىك سەھرانى،
سۆيەلمەيسەن ۋەتەن-دۇنيانى. . .

## ماۋزۇسىز

شەپىقىنى ئۆچۈرسۇن گۈگۈم،
چىرىغىنى ياندۇرسۇن ئاسمان.
ئويقۇسىنى ئۇخلىسۇن كېچە
يارىتاي مەن شېئىر ۋە داستان.

## شېئىر

سۇكۇناتنىڭ ئاۋازىدۇر شېئىر،
زارىقىشنىڭ چوقانلىرى ھەم.
گۈت يۈرەكتىن تۆكۈلگەن مېھرى
كىرپىكلەرنى ھۆللەندۈرگەن نەم.

مۇساپىسى ئاچا يوللارنىڭ
يۈرەكلەردىن يۈرەككە تۇتاش.
ئىللىقىنە سىقىپ قويغان قول
ھېسلار بىلەن ياسالغان قۇياش.

گۈزەل ئۇيۇق بەكمۇ يىراقتا،
قەدەملەرنىڭ يېتەلمىشى تەس.
شېئىر نىمە، ئۇنىڭ سىرىنى
ئوبزورچىنىڭ يېشەلمىشى تەس. . .

## ئورمانلىقتىكى كۆي

يىقىلغاندا يۇمران يېشىل چۆپ،
ئىسسىق - ئىسسىق لەۋلەندى نوتا.
نەپەسلىرى قويۇق ئورماننىڭ
ھالسىزلاندى يېشىلىپ پوتا.

چاتقاللىقنىڭ يوچۇقلىرىدىن،
چاقىرغاندا تىرەن بىر ئۇۋا؛
كۆلۈمسىرەپ مارىغان قۇياش،
ئۇيۇپ قالدى ياپراقلار ئارا.

ئەمەس بەلكىم بۇ ئاخىرقى كۆي،
پاك تولغىنىش بىرىنچى، ئەمما.
سەزگۈسىنى يىغقاندا يىلتىز،
تېتىكلەشتى خۇمارلىق نوتا.

## سېغىنىمەن ئېھ سېنى، ئانا

ئارىمىزدا ئېگىز-ئېگىز تاغ،
باردۇر يەنە ئىككى كۈنلۈك يول.
سېغىنغاندا ئېھ سېنى ئانا،
كەتسەم دەيمەن قېشىڭغا ئۇدۇل.

uyghurkitap.com

كىرىپ قالسا چۈشۈڭگە ئەگەر
شىمالدىكى بىر كىچىك سەھرا.
ئەتىگەندە ھويلا سۈپۈرگەچ
ئۆي ئويلامسەن قېتىپ بىر ھازا.

رەنجىمىگىن خېتىڭ قىسقا دەپ،
خالىمايمەن يېشىڭ تۆكۈشنى.
ئوقۇغاندا سېنىڭ خېتىڭنى
توختىتالماس قەلبىم ئۆكسۈشنى.

ئاتەش باغرىڭ كەڭلىكى ئارا
ئۆيۈڭدۇ ئاسمانىڭ، ئانا.
ئانىلارنىڭ قەدىرى يىراقتا ـ
بىلىنەركەن ھەي، بارا-بارا.

بېرەلمىدىم ساڭا ھېچنىمە،
ساقلىقىڭنى تىلەيمەن ئەما.
ساقلىقىمنى تىلەيسەن ئېنىق،
ھەر سەھەردە قىلسەن دۇئا.

ئارىمىزدا ئېگىز-ئېگىز تاغ،
باردۇر يەنە ئىككى كۈنلۈك يول.
سېغىنغاندا ئېھ سېنى ئانا،
كەتسەم دەيمەن قېشىڭغا ئۇدۇل.

**باتۇر روزى**

## ئىككى غەزەل

1

تەڭرى بەردى ھۆسنىدىن دىلبەرگە رەڭ،
يوق جاھاندا زادى ئۇنداق بىر سەتەڭ.
مەي ئارا غىل-پال كۆرۈپ قالدىم ئۇنى،
يەنە قويسۇن بىر قەدەھ، ساقىغا دەڭ.
كۆز قاراسىدۇر گويا ھىجران تۈنى،
تۈن ئەمەس بارىمنى يۇتقان بىر لەھەڭ.
مەي ئارا كۆرگەن چېغى قوزغالدى جان،
لەشكىرى ئىشقىمىرى ئاچماقتا جەڭ.
كۆيسىگىز مەندەك كۆيۈڭ جاندىن كېچىپ،
بەھرى ئىشق سەتھىدە ھەرگىز لەيلىمەڭ.

2

مەن يوقاپ كەتكەن بىلەن سەن يېتىمدىلىڭ،
مەن كۈتۈپ ئۆتكەن سېنى، سەن كۈتمىدىلىڭ.
بىر ئۆمۈر پەرۋازدا بەسلەشتىم ساڭا،
تەس ئىكەن يەتمەك ساڭا، بۇركۈتمىدىلىڭ.
قاپقىنىڭغا چۈشكىنىم چۈشكەن ھامان،
ئوۋدا كامىلسەن، پەقەت ھۇركۈتمىدىلىڭ.
مەن سېنى ئوڭشاپلا توردۇم توختىماي،
بار-يوقۇڭ قالدى چالا، ھېچ پۈتمىدىلىڭ.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ماموت زايىت، ئوسمانجان ساۋۇت



ئالىمجان ئىمائىل

# تۇمانلىق شەھەر

(پوۋېست)*

- ھە، ھاجى قانداق ئەھۋالىڭىز؟- ئۇ مېنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ سالام بەردى، - زۇنۇنكام كېسەلخانىدا يېتىپ قالدىمۇ؟

- ھەئە، - دېدىم مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ،- كونا كېسەلى قوزغىغان ئوخشىمامدۇ؟ قايسى دوختۇرخانىدا؟

-تىببىي شۆبىنىڭ كادىرلار كېسەلخانىسىدا.

- ئەتىگىچە بىرىپ يوقلاپ كەلسەم بولغۇدەك، زەيتۇنگۈل قېشىدا ھەمراھ بولمايدىغاندۇ؟

- ياق، بەزىدە چۈشتە چىقىپ يوقلايدۇ.

- شۇ ئالۋاستى بىلەن ئۇچرىشىپ قالماي دەيمىنا. . .

شۇ ئارىدا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى، ئۈستەلدە ئولتۇرغان سەمەت تېلېفوننى ئېلىپ كىملىكىنى سوراپ ئىتتىك تۇرۇپكىنى قولى بىلەن توسۇۋېلىپ ماڭا قايرىلدى:

- توۋا ئاخىر زامان بولدىمۇ نېمە، زەيتۇنگۈل ئىكەن، سىزنى بارمۇ دەۋاتىدۇ.

- يوق دەڭ، - دېدىم مەن ئاستا.

سەمەت ماڭا ئەجەبلەنگەندەك قاراپ قويۇپ:

---

* بېشى ئۆتكەن ساندا

- ھاجى كەلمىدى، - دېدى قوپاللىق بىلەن ۋە تورۇپكىنى قويۇپ قويدى، - تىنچىقسىنا ئولتۇرۇپ ئېرىنى باقسا بولىدۇ سەكىلدىمەي. . . زۇنۇنكام ئاغرىپ ياتتىمۇ، قاراپ تورۇڭ ئەمدى بۇ خوتۇننىڭ مېڭىشلىرى ئايىنىپ كېتىدۇ، ئەگەر بۇ خوتۇنغا ھە، دەپ چىشىڭىزنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ قويسىڭىز بولۇپلا بېرىدۇ، سىزمۇ چۈشىنىپ قالغانسىز؟ - ئۇ ماڭا ئەنسىرىگەندەك قاراپ قويدى، - ھازىر باشقا ئىشىڭىز بولمىسا ئاشخانىغا كىرىپ بىر دەم ئولتۇرامدۇق، قورساق ئاچىدىغان ۋاقىتمۇ بولۇپ قاپتۇ.

مەن ياق دەي دېسەم بۇ ئادەمنىڭ ماڭا تونجى قېتىم ئېغىز ئېچىشى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرسام نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ، لېكىن زەيتۇنگۈلنىڭ يېنىغا بېرىپ نازىرىنىڭ كەچلىك تاماقنى ئاپىرىشنى قانداق قىلارمەن؟ ۋاي - ۋۇي بىر ۋاق تاماقنى زەيتۇنگۈل بىر ئامال قىلمامدۇ؟ تاكسىدىن تولا نەرسە يوق، شۇنىڭغا چۈشسۇن، مەن يا ئۇلارغا سېتىلىپ كەتكەن مالاي بولمىسام، ئۆزۈمنى ئۇنچىۋالا ئەرزان قىلىۋەتسەممۇ بولمىغۇدەك. . .

مەن ماشىنىغا قولۇپ سېلىۋېتىپ، سەمەتكە ئەگەشتىم. بىز ئىدارىنىڭ ئالدىدىكى خالىي بىر ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇردۇق.

-زۇنۇنكام ئۆزى بىر باھاسىز ئادەم، - دېدى سەمەت بىر رومكا هاراقنى ئالدىمغا قويۇپ تورۇپ،- كۆڭلى توز، ئۇشۇق - تۈشۈك ئىشىمۇ يوق، ئادەمنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ، لېكىن ئاۋۇ جادۇگەر خوتۇننى خۇدا ساقلىسۇن. . . قېنى، مانى ئىچىۋېتەيلى، - ئۇ رومكىسىنى ماڭا ئورۇشتۇرۇپ ئىچىۋەتتىمە، ئۈزۈلۈپ قالغان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - سىز تېخى زۇنۇنكامنىڭ ئەھۋالىنى تازا بىلىپ كەتمەيسىز، مانا مەن ئۇنىڭ بىلەن 40 يىلدىن بۇيان بىللە، ئۈچ ۋىلايەتتىكى چاغدا ئۇنىڭ قول ئاستىدا جەڭچى بولدۇم، كېيىن يەرلىككە ئالماشقاندىن كېيىن نەگە بارسا مېنى ئۆزىدىن ئايرىماي يۈردى. راست، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئون يىلدەك ئايرىلىپ كەتتۇق. ئۇنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋەتتى، كېيىن مەسىلىسى بىر تەرەپ بولۇپ، ئورنىغا كەلگەندىن كېيىن مېنى يەنە يۆتكەپ ئەكىلىۋالدى. راستىنى ئېيتسام، مەن بۇ ئادەمنىڭ جىق ياخشىلىقىنى كۆرگەنمەن، ئۇمۇرۋايەت خىزمىتىنى قىلساممۇ ئازلىق قىلىدۇ، لېكىن بۇ ئادەمدىن بىر ئىشتا كۆڭلۈم بەك قالدى. . . - ئۇ هاراقتىن يەنە بىر رومكا قۇيۇپ ئىچىۋەتتىمە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - نېمە ئىش دەمسىز؟ مۇشۇ زەيتۇنگۈل دېگەن خوتۇن توغرىلىق. . . ئادەم دېگەن ئازسىمۇ بىردەملىك ئىكەن، سىز ئۇقمايسىز، زۇنۇنكامنى مۇشۇ ئالۋاستى خوتۇن ئازدۇرۇپ كەتتى، ۋەيران قىلىۋەتتى. . .

- قانداق قىلىپ؟ - مەن سەمەتنىڭ ھېكايىسىگە قىزىقىپ قالدىم.

- بۇ ئەسلى مۇنداق ئىش، زۇنۇنكامنىڭ بۇرۇن تورا تقىز ئىسىملىك شۇنداق ئوبدان ئايالى، توت بالىسى بار ئىدى، تۇراتقىز ئائىلە ئايالى ئىدى، ئۇ زۇنۇنكامنى شۇنداق ھۆرمەت قىلاتتى. زۇنۇنكامنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرەتتى، 1958 - يىلى زۇنۇنكامنى بېيجىڭگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. شۇ چاغدا بۇ زەيتۇنگۈلمۇ بېيجىڭدا ئوقۇشتا ئىكەندۇق. بۇلار قانداق قىلىپ تېپىشىپ قالغان، ئاخىرى ئىشىنىڭ چوڭىنى تېرىپ ئاشكارا بولۇپ قالسا بولىدۇ، بۇ خوتۇن ئاران تۇرغان نېمىكەن، زۇنۇنكامغا رۇدېپايدەك چاپلاشقان گەپ، ئۇمۇ بۇ خوتۇننى ئالمىسا تەشكىلدىن چارە كۆرۈشىدىن قورقتىمۇ، ئاخىرى توت بالا بىلەن تۇراتقىزنى قويۇۋېتىپ، مۇشۇ ئالۋاستىنى ئالدى. شۇ دەردتە تۇراتقىز نېرۋىسىدىن ئازغىشىپ

قالدى، تۆت بالىسى تىرىك يېتىم بولدى. بۇ جادۇگەر كېيىنچە زۇنۇنكامنى بالىلىرىنىمۇ قاراتقۇزماي قويدى.

- بالىلىرى مۇشۇ يەردىمۇ؟

- ھەئە، بىچارە بالىلار ئاپىسىنىڭ دەردىدە تۇزۇك ئوقۇيالمىدى، چوڭ ئىككىسى ئىشچى، كىچىك ئوغلى ئوقەتچى بولۇۋالدى، ھازىر ھال - كۈنى يامان ئەمەس، تۇرانقىزىمۇ خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، مەن دائىم ئۇلارنى يوقلاپ تۇرىمەن، كۆپ قېتىم تۇز-تامىقىنى يېگەنمەن، بۇ ئادەمنىڭ تارىخى مۇشۇنداق. بۇ زەيتۇنگۈل دېگەن شۇنداق خوتۇن. زۇنۇنكامنىڭ ئورنىدا مەن بولىدىغان بولسام ئۇنى ئالىلىقاچان ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىراتتىم. راست دەيمەن. . .

ھاياتى دېگەن مانا مۇشۇنداق، مەن ھازىرغىچە زۇنۇنكامنىڭ تۇرمۇشىدا بۇنداق پاجىئە بارلىقىنى زادىلا بىلمەيتتىم. بەلكىم ئۇنىڭ كېسەللىكىنىڭ سەۋەبىچىسىمۇ شۇ ئىشلاردۇر. بالا ئوتى ئاسانمۇ؟ لېكىن كىم بىلىدۇ، زۇنۇنكامنى زەيتۇنگۈل بىلەن باغلاپ تۇرغان، ئۇلارنى ئاجرالماس قىلىۋەتكەن بىر مۆجىزە باردۇر، بۇنى سەمەتمۇ، مەنمۇ بىلمەيمىز، مەڭگۈ بىلمەيمىز. . .

5

ئاخشام سەمەت بىلەن خېلى ئىچىپ قويغان ئوخشايمەن، بۈگۈن بېشىم يېرىلىپ كەتكۈدەك ئاغرىپ قوپۇپتىمەن، ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى، چىمەن: ئىشقا كەتتىم، چۈشتە مېنى ئالغىلى بېرىڭ، دەپ خەت يېزىپ قويۇپتۇ. ئەمدى بۇمۇ ماڭا ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى بار، ئاچچىقىمدا باشقىدىن ياتاي دېگەنىدىم، لېكىن تۈنۈگۈن زەيتۇنگۈلنىڭ تېلېفون بېرىپ ئىزدەپ كەتكەنلىكى ئېسىمگە كېلىپ نائىلاج ئورنىمدىن تۇردۇم

زۇنۇنكامنىڭ قورۇسىغا كىرىشىمگە دېرىزىدە زەيتۇنگۈلنىڭ بېشى كۆرۈندى ۋە ماڭا ھازىر چۈشىمەن، دېگەن شەرەتنى قىلدى، ئاغزىم قۇرۇپ، ئۇسساپلا تۇرۇمەن، بېشىم قاپاقتەك بولۇپ كېتىۋاتتى، يېرىم سائەتلەردىن كېيىن زەيتۇنگۈل چىقىپ كەلدى، ئۇ شۇنچىلىك ياسانغان ئىدىكى، شۇ تۇرقىدا ھېچكىم ئۇنى ئەللىككە بېرىپ قالغان ئايال دېمەيتتى، يۈز - كۆزىدە بىر تالمۇ قورۇق يوق، ياش قىزلاردەك زىلۋا قامەت، ئېسىل كېيىملەر بىلەن خۇددى سەھنىگە چىققان ئارتىسلارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

- ھېلى ئىدارىگە تېلېفون بەرسەم، سىزنى كەلمىدى، دېدى. قانداق قىلارمەن دەپ تۇراتتىم، ياخشى ئۆزىڭىز كېلىپ قالدىڭىز، - دېدى ئۇ ماشىنىغا كىرىۋېتىپ، ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە ماشىنىغا ئۆتكۈر ئەتىر پۇرىقىنى ئېلىپ كىردى، - سودا نازارىتىدىكى غوپۇر نەزىر قىپتىكەن، بارماي قويسام خەلقىم دېگەن سارىڭى كۆرگەنلا يەردە زەھىرىنى سانجىغىلى تۇرىدۇ، مېنى ئىككى مېتىر لاتىغا چىقىش قىلالمىدى، دەپ قالمىسۇن، بېرىپلا قوتۇلاي. . .

مەن ئۇنى دوختۇرخانىغا بارار دەپ ئويلىغانىدىم، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئېسىگە زۇنۇنكام كىرىپمۇ قويمىغاندەك قىلاتتى.

- چۈشتە زۇنۇنكامغا تاماق ئاپىرامدۇق؟— مەن زەيتۇنگۈلنى نېمە دەيدىكىن دەپ سورىدىم.

- بۈگۈن مېنىڭ بارىدىغان يېرىم جىق، - ئۇ خۇشياقمىغاندەك تەرىنى تۈرۈپ دېدى، - ئەتىگەن زۇنۇنكىڭىزغا تېلېفون بېرىپ قويدۇم، چۈشتە دوختۇرخانىنىڭ تامىقىنى يەپ تۇرىدىغان بولدى، بىر-ئىر كۈنگە ھېچنەرسە بولماس.

www.uyghurkitap.com

سەمەتنىڭ دېگىنىچە بارمۇ نېمە بۇ خوتۇن، توۋا، زۇنۇنكامنى ئاچ قويۇپ، بارمىسا بولمايدىغان قانچە مۇھىم ئىشلىرى باردۇ؟ زەيتۇنگۈل نەزىرىدىن خېلى ئۇزۇندا چىقتى ۋە قورۇدا تورغانلار بىلەن كۆرۈشۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ تونۇمايدىغان ئادىمى يوق ئىدى، ھەممىيلەن ئۇنىڭغا ھەۋەس، ئاچكۆزلۈك بىلەن گەپ قىلاتتى، خۇشامەت قىلاتتى، ئۇنىڭ قوڭغۇراقتەك ئاۋازى ھەممىيلەننى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى. ئاخىرى ئۇ تولۇق كەلگەن، چىرايلىق كىيىنگەن بىر ئايالنى قولتۇقلىغىنىچە ماشىنا يېنىغا كەلدى، مەن بۇ ئايالنى ئىلگىرىمۇ نازىرىنىڭ ئۆيىدە بىر نەچچە قېتىم كۆرگەنىدىم. ئۇ زەيتۇنگۈلنىڭ دائىم ئارىلىشىدىغان دوستلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

– بىزنى جەننەتنىڭكىگە ئاپىرىپ قويۇڭ، – دېدى زەيتۇنگۈل ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن.

جەننەت دېگەنمۇ زەيتۇنگۈلنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن بولۇپ، ناخشىغا خېلى پەيزى بار ئايال ئىدى. قارىغاندا بۈگۈن بۇلارنىڭ بىر ئولتۇرۇشى بولسا كېرەك.

ئىككى ئايال ئۆزئارا غېيۋەتكە چۈشۈشتى.

– ئىبادەتنىڭ ئېسىۋالغان مارجىنىنى كۆردۈڭمۇ؟ – دېدى زەيتۇنگۈل يېنىدىكى ئايالغا، – پاسونى ئەجەپ چىرايلىق ئىكەن، چەت ئەلنىڭكىغۇ دەيمەن.

– كۆردۈم، – دېدى سېمىز ئايال دېمىقىنى قېقىپ، – كاشكى ئۇ ھېلىلى قورۇقتا بىر ياراشسا، توۋا، كېيىۋالغان كۆڭلىكىنى كۆرمەمدىغان، ئىسست رەخت. . . جاپپارنىڭ راھىتىنى شۇ ئالۋاستى كۆرۈۋاتىدۇ.

– جاپپارمۇ قۇۋ، ئۇنى لاتا – پېتە بىلەن گوللاپ قويۇپ، ئۆزى شەھەرمۇ شەھەر ئوينايدۇ.

– ئىبراھىم جۇيجاڭنىڭ يېڭى ئالغان ئايالىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئەجەب چىرايلىق چوكان ئىكەن - ھە؟

– بۇرۇن ئۆيىدىكى خىزمەتچىسى ئىدى، ئايالىنىڭ يىلى توشمايلا ئۇنى ئېلىۋالدى، ھازىر نېمە ئىشكىن بۇ ئەرلەر بالا باققۇچىغا، ئۆي خىزمەتچىلىرىگە بوزۇلىدىغان بولۇۋالدى، بۇلاردىمۇ ئىنساب دېگەن قالمىغىلى توردى، قارا، بىزنىڭ بىنادا بىر باشقارما باشلىقى بار ئىدى، ئۆزى پېنسىيىگە چىققان نېمە، مۇشۇ نەدىن تاپتىكىن ئۆزىنىڭ قىزىدەك كىچىك بىر قىزنى ئۆيىگە ئەكىرىۋاپتۇ، توۋا دەيمەن، شۇنىڭغا قارىغاندا بىزمۇ بوۋايلىرىمىزنى چىڭراق تۇتمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ جۇمۇ!

– راست دەيسەن، ھازىر قىزلارمۇ پۇلى بىلەن ھوقۇقى بولسا دادىسى دېمەتلىك قېرىلارغا تېگىدىغان بوپتۇ.

–ھازىر بۇ مودىكەن ئەمەسمۇ.

– قورۇپ كەتسۇن ئۇنداق مودا.

— زۇنۇنكامغۇ سېنىڭ سىزىقىڭدىن چىقمايدۇ، لېكىن مېنىڭ ئاۋۇ گادىيىم ئۆزىنىڭ دېگىنىدىن يانمايدىغان بىر تەرسا دېگىنە، ئۇنى سېنىڭ راست دەپ ئالداپ - سىلاپ ئۇتتۇۋاتىمەن، قېرى دېگەن مىڭ دېگەن بىلەنمۇ قېرىكەن، بىزلەرنى ئۆزى بىلەن تەڭلا قېرىتىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ. . . مەن سېنىڭدەك ئەركىن بولسام. . .

زەيتۇنگۈل ئۇنىڭغا مېنى شەرەتلەپ قويدىمۇ قانداق، ھېلىقى ئايال گېپىنى توختىتىپ گېلىنى قىرىپ قويدىدە، گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى.

ئۇلارنىڭ باياتىن دېيىشكەن گەپلىرىگە بىر تۇرۇپ كۈلگۈم كېلىدۇ، بىر تۇرۇپ ئاچچىقىم كەلدى. تــوۋا، بۇ ئاياللارغا يەنە نېمە يەتمەيدۇ، باياشاد تۇرمۇش، كىيىمـەن، يەيمەن دېسە ھەممىسى تەييار، باشقىلاردەك ئۆيىنىڭ، باللارنىڭ غېمىنى قىلمايدۇ، ھەممەيلەن مۇشۇلاردەك كۈنگە ئېرىشىشنى ئارزۇ-ئـارمان قىلىشىدۇ، لېكىن بىلىپ كەلسەڭ، ئۇلارنىڭمۇ دەردى توشۇپ تۇرۇپتۇ، شۇنىسى بۇلارنى ئازابلاۋاتقىنى ئىنسان مەڭگۈ توشقۇزۇپ بولمايدىغان بوشلۇق - دىل، كۆڭۈل ئارمىنى ئىكەن.

- سـائەت توققۇزلاردا كېلىپ مېنى ئېلىپ كېتىڭ، - دېدى زەيتۇنگۈل ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ، - ئۇنتۇپ قالماڭ جۇمۇ!

ئـۇنتـۇپ قـالامدىـغان، ئەمدى زۇنۇنكام كېسەلخانىدىن چىققۇچە بۇ خوتۇننى توشۇپ باقىدىغان ئوخشايمەن، بوپتۇ، بۇمۇ ماشىنىغا قېنىۋالسۇن، ئەتە - ئۆگۈن زۇنۇنكام رەسمىي ئەمەلدىن قالسا ئۇنىڭغا نەدىكى ماشىنا. مېنى شەھەرگە يۆتكەپ كەلگەنلىكىنىڭ يۈزىدىن بولسىمۇ چىداپ، خىزمىتىنى قىلىپ قـويـاي، كـۆيـسە ھـۆكـۈمـەتنـىڭ بېنزىنى كۆيىدۇ، ماشىنا بۇزۇلسا ھۆكۈمەت ياسىتىدۇ، ماڭا نېمىتى؟!

سائەت توققۇزدىن ئاشقاندا زەيتۇنگۈلنى ئالغىلى باردىم. سىگنالنى ئاڭلاپ ئۆي خىزمەتچىسى بولسا كېرەك، ياشقىنا بىر قىز چىقتى:

- سىزنى بىردەم ساقلاپ تۇرسۇن دەيدۇ، - دېدى ئۇ ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ ۋە ماڭا تەبەسسۇم بىلەن كۈلگىنىچە كۆزۈمنىڭ ئىچىگە تىكىلدى.

مـەن ئـۇنىڭغا سەپ سالدىم ئۇ كۆپ بولسا 18 ياشلاردا بار، چىرايى خېلى تۈزۈككلا قىز ئىدى، كىيىنىشلىرىدىن قارىغاندا شەھەردە چوڭ بولغاندەك تۇراتتى. تۇرقىدىن ئۇ مەن بىلەن پاراڭلاشقۇسى باردەك قىلاتتى.

- خېلى هايلى بارمۇ؟ - سورىدىم مەن بىردەم تۇرۇپ كېلەيمىكىن دېگەن ئوي بىلەن.

- تاماقنى ئەمدى تارتتى، يەنە يېرىم سائەتلەردىن كېيىن تارقامدىكىن، - قىز ئېگىشىپ ماشىنىنىڭ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى، - ياخشى دەيلىرىڭىز باردۇ، بىردەم قويۇپ بەرمەمسىز؟

تازا قېلىن «توشقان» لاردىنمۇ نېمە، - ئويلىدىم ئىچىمدە، مەن تېخى ئېسىمنى يىغىپ بولغىچە ئۇ قىز ماشىنىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ بولدى. مەن قولۇمغا چىققان بىر لېنتىنى قويۇپ بەردىم.

- سىز مۇشۇ شەھەرلىكمۇ؟ - قىز ناخشىغا تەڭكەش بولۇپ چايقالغىنىچە سورىدى.

- ھەئە.

- ئايالىڭىز باردۇ؟

باشلاندى، - دېدىم مەن ئىچىمدە، - تۈزۈت قىلىپمۇ ئولتۇرمايدىغاندىن ئىكەندە، مېنىڭ ئىچىمگە بىر جىن كىردى.

- يوق، ئايرىلىپ كەتتۇق، - دېدىم، ئۇنىڭغا قىيا بېقىپ.

ئۇ سەل ئىشەنمىگەندەك ماڭا قاراپ قويدى.

- يالغان گەپ قىلىۋاتىسىز.

www.uyghurkitap.com

- راست، ئۆتكەن كۈزدە ئايرىلىپ كەتتۇق، سىزچۇ، توي قىلمىغانسىز؟

- سىزچە توي قىلغاندەك تۇرۇمەنمۇ؟

- ياق... بۇ ئۆيدە نېمە ئىش قىلىسىز؟

- جەننەت ھەدەم مېنىڭ ھامىمام بولىدۇ، ئۇ مېنى ئۈرۈمچىدە قالىمەن دېسەڭ ئىش تولا، ماڭا ھەمراھ بولۇپ تۇرغىن دەپ ئەكەلگەنىدى. ئەكېلىپ ئۆيىنىڭ ئىشىغا سالدى، ئىشقىمۇ ئۇرۇنلاشتۇرمىدى، يۇرتۇمغا كېتەي دېسەم ئۈرۈمچىگە ئۆگىنىپ قاپتىمەن، كەتكۈم يوق...

— ئۇنداق بولسا تۇرۇۋېرىڭ.

ئۇ ماڭا سوئال نەزەرىدە تىكىلدى.

- ئۈرۈمچىگە كېلىپ جىق يەرلەرنى كۆرگۈدەك بولمىدىم، بوش ۋاقتىلىرىڭىز باردۇ؟

مەن كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتىم. ئۇ شۇ تاپتا مەن نېمە دېسەممۇ ماقۇل دەيدىغاندەكلا ئىدى. مېنىڭ ئېسىمگە يېڭى شوپۇر بولغان چېغىمدىكى يۈز بەرگەن بىر ئىش كەلدى: قەشقەردىن يۈك بېسىپ كېلىۋاتسام يولدا ياشقىنا بىر چوكان ماشىنا توستى، كۆچارغا بارماقچىكەن، ماشىنامغا سېلىۋالدىم، ئۇنىڭ بىلەن بىردەمدىلا چىقىشىپ قالدىم. كاساپەت تولىمۇ خۇلقىلىق نېمە ئىكەن، ئۆزىگە تارتىپلىۋالدى، شىڭخاغا كەلگەندە قونماقچى بولدۇق، مەن ئايرىم بىر ياتاقنى ئېلىپ، باش - كۆزۈمنى يۇيۇپ كېلەي دەپ سۇخانىغا چىقىپ كەتتىم، قايتىپ كىرسەم ياتاقتا ھېلىقى چوكان يوق، گۆشپىدە ئېسىمگە كېلىپ چاپىنىمنى ئاختۇرسام، يانچۇقتىكى بەش يۈز يۈەن پۇل يوق تۇرىدۇ، مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. شۇ كۈنى كېچىگىچە شىڭخانىڭ بازىرىنى قېزىۋەتتىم، لېكىن ھېچيەردىن ئۇ چوكاننى تاپالمىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئايال زاتىنى ماشىنىغا سېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان بولغانىدىم. ماۋۇ قىزمۇ شۇنداقلارنىڭ بىرىمۇ كىم بىلىدۇ؟

شۇ ئەسنادا بىنانىڭ ئىشىكىدە زەيتۇنگۈللەر پەيدا بولدى.

- ۋىيەي، بۇلار نېمانچە تېز تارقىغاندۇ؟ - قىز ئەندىككەن ھالدا ئورنىدىن قوزغالدى، - ئەممە ئەتە كېلىڭ، مەن سىزنى ساقلايمەن، ماشىنىڭىز سېگنالىنى بەرسىڭىزلا بولىدۇ، - دېدى ئۇ ماڭا ئۆتلۈق تەبەسسۇم بىلەن بېقىپ تۇرۇپ.

مېنىڭ بۇ غايىپتىن ئۇچراشقان «مۇھەببىتىم» شۇنداق دېدى — دە، خۇددى مۈشۈكتەك چاققانلىق بىلەن ماشىنىدىن چىقىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ كەتتى.

زەيتۇنگۈل بىلەن ئەتىگەن بىللە كەلگەن ئايال ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ، يەنە پاراڭغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ گېپىدىن كېلەركى ئولتۇرۇشنىڭ زەيتۇنگۈلنىڭ ئۆيىدە بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم.

- مۇزىكانتلاردىنمۇ چاقىرىپ قويايمىكىن، - دېدى زەيتۇنگۈل.

- ئۇنداق قىلساڭغۇ تېخىمۇ پەيزى بولاتتى، ئۆتكەندە مەن قوشنىلارنىڭ ئۇششاق گېپىدىن ئەنسىرەپلا چاقىرالمىدىم، ئاڭغىچە زۇنۇنكام كېسەلخانىدىن چىقماس؟

- بۇ قېتىم خېلى ياتىدىغان ئوخشايدۇ... ۋىيەي، ئەجەب بېشىم قايغىلى تۇردىغۇ؟ ماقۇل ئەممە، شەنبە كۈنى كۆرۈشەيلى.

زەيتۇنگۈل ئايال بىلەن خوشلىشىپ ماشىنىغا چىقتى. بۇرنۇمغا گۆپپىدە ھاراقنىڭ ھىدى كەلدى. مەن زەيتۇنگۈلنىڭ ئىچىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدىم. بىردەمدىن كېيىن ھاراقنىڭ كەيپى تۈتتىمۇ

ئۇ بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كەتتى، تىنىماي كۈلەتتى، ماڭا چاقچاقلارنى قىلاتتى. ئايال كىشىنىڭ تەڭشىلىپ قېلىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن، ئادەمنى ساراڭ قىلىۋېتىدۇ، مەن ئامال بار زەيتۇنگۈلنى تېزرەك ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سۈرئەتنى تېزلەتتىم.

بىنانىڭ ئالدىغا كەلدۇق، زەيتۇنگۈل ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچالماي ھەدەپ ئىشىكنى ئىتتىرەتتى، مەن ئۇنىڭ ئاشۇ ھالەتتە ئاچالمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ، چۈشۈپ ئىشىكنى ئېچىپ بەردىم.

— ماھىنۇرنى چاقىرايمۇ؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ماھىنۇرمۇ؟ ئۇ ھەدىسىنىڭكىگە كەتكەن، — دېدى ئۇ سومكىسىدىن ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ تۇرۇپ.

ئۇنى شۇ ھالەتتە قويۇپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ قولتۇقىدىن يۆلىدىم، ئۇمۇ شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ماڭا ئۆزىنى تاشلىدى، ھاراق، ئەتىرلەرنىڭ گۈپۈلدەپ ئۇرۇۋاتقان ھىدىدىن دىماقلىرىم ئېچىشىپ كەتتى. پەلەمپەيدىن چىققۇچە كۆزۈم ياندىكى ئۆيلەردە ئىدى، كىمدۇر بىرى ئىشىكنى ئېچىپلا چىقىپ قالىدىغاندەك، بىزنى كۆرۈپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، يۈرىكىم ئەنسىز سوقاتتى. مەن زەيتۇنگۈلنى مىڭ تەستە 3 - قەۋەتكە ئېلىپ چىقتىم، تەلىيىمگە قوشنىلاردىن بىرەرىمۇ تالاغا چىقىپ قالمىدى. مەن ئالدىراپ ئىشىكنى ئېچىپ، زەيتۇنگۈلنى ئۆيىگە ئېلىپ كىردىم. دەرۋەقە ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىكەن، مەن ئۇنى مېھمانخانىدىكى سافاغا ئەكېلىپ بولغۇچە قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتىم.



— ئەمىسە دەم ئېلىڭ، — مەن قايتماقچى بولۇپ كەينىمگە قايرىلدىم.

— مېنى يالغۇز تاشلاپ، كېتەمسىز؟ — زەيتۇنگۈل تۇيۇقسىز مېنىڭ قولۇمغا ئېسىلىپ، ئۆزىگە

www.uyghurkitap.com

تارتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلاشقان، كۆڭلىكىنىڭ ئالدى ئېچىلىپ كەتكەنىدى، مەن بۇ تاسادىپىي ئىشتىن ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ قويدۇم، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلغاندەك بولۇپ، پۇت - قولۇمغا مۇزدەك تىترەك ئولاشتى. ئۆي خۇددى پىرقىراۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلدى.

مەن ئۆيدىن قانداق چىققىنىمنى بىلمەيمەن، پەقەت ماشىنىغا كىرگىنىمدىلا ئاندىن ئېسىمگە كەلدىم. پۈتـۈن ۋۇجۇدۇم لاغىلداپ تىترەيتتى، يۈرىكىمنى قورقۇنچلۇق سۈر باسقانىدى. ماڭا، زەيتۇنگۈل كەينىمدىن قوغلاپ چىقىدىغاندەك، يۈزۈمگە تۈكۈرۈپ، تىللاپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن ھودۇقۇش ئىچىدە بىناغا قارىدىم. زەيتۇنگۈل بالكوندا تۇرۇپ تۆۋەنگە ـــ ماشىنىغا قارىدى. ماڭا ئۇ شۇ يەردە تۇرۇپ ۋارقىرايدىغاندەك تۇيۇلۇپ، ماشىنىنى ئىتتىك ئوت ئالدۇردۇمدە، قورۇدىن ئۇچقاندەك تېز چىقىپ كەتتىم.

ھېلىلا يۈز بەرگەن ئىش گويا بىر قاباھەتلىك چۈشتەك كاللامنى قاپاق قىلىۋەتتى، ماڭا ھەممە نەرسە ئۆز ئىزىدىن چىقىپ، ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. مەن خۇددى ئوغرىلىق قىلىپ قاچقان ئادەمدەك قورقۇنچ، ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. چىمەن تېخىچە ئۇخلىماي ئىش تـىـكـىـۋاتـقـانـىـكـەن، چىرايىم ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇ مېنى كۆرۈپ چۆچۈگەن ھالدا سورىدى:

- چىرايىڭىز بۆلەكچىلا تۇرىدىغۇ، بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

- ھېچنېمە، - دېدىمەن كۆڭۈلسىز ھالدا ۋە بوينۇمنى قىسىپ كېتىۋاتقان گالستۇكنى ئاچچىقىم بىلەن بوينۇمدىن تارتىپ چىقىرىپ، كارىۋاتقا تاشلىدىم.

چىمەن خاپا بولغىنىمنى سېزىۋالدى.

- زەيتۇنگۈل ھەدەم كۆڭلىڭىزنى رەنجىتكەن ئوخشىمامدۇ؟

يۈرىكىم جىغغىدىلا قىلىپ قالدى.

- ياق، ـــ دېدىمەن ئىتتىكلا، - ماشىنا بۇزۇلۇپ ئاۋارە قىلدى.

- ھېلىمۇ بۇزۇلمايدىكەن، - چىمەن ماڭا ئىچى ئاغرىغان قىياپەتتە سۆزلەپ كەتتى، - ئەتىگەندىن يېرىم كېچىگىچە مېڭىۋاتىسىز، يا يەكشەنبىڭىز بولمىسا، ئۇلارمۇ، شوپۇرمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم، ئۇنىڭمۇ ئۆيى، بالا - چاقىسى بار، دەم ئالسۇن دېگەننى زادىلا بىلمەيدىكىنا. ھازىر باشلىقتىن كۆرە ئاياللىرى ئەدەپ كېتىدىغان بوپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەيتۇنگۈلدەمگە «ھاي» دەيدىغان زۇنۇنكام يوق تازا بولۇپ بەردى، ئۇنىڭ مۇشۇ ئىشنى دېمىسىغۇ كۆڭلى ئوبدان ئايال. . .

كـۆڭـلـى ئوبدانمىش، بۈگۈن ئوبدان كۆڭلىنى تازا كۆردۈم. ماختاپ بېشىڭغا ئېلىپ كۆتەرگەن زەيتۇنگۈلىڭمۇ چاغلىق ئىكەن، مەن بۈگۈن بولغان ئىشنى دېۋەتكىلى تاس قالدىم، تۇرۇپ يەنە ئۆزۈمگە ھاي بەردىم، چىمەن دېگەنلىرىمنى توغرا چۈشەنمىسىغۇ مەيلى، ئۇمۇ ئايال ئەمەسمۇ، ئەگەر تەتۈرلىكىگە ئېلىپ، گەپ سىزدە، ئەگەر سىز سۈركەلمىسىڭىز زەيتۇنگۈل ھەدەم ئۇنداق قىلامدۇ، دېسىچۇ؟ خۇدا ساقلىسۇن، يېپىق قازان يېپىق پېتىچە قالسۇن. بۇ ئىشنى مەندىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن. لېكىن ئەتە زۇنۇنكامنىڭ ئۆيىگە قانداق بارىمەن، زەيتۇنگۈلنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن، ئۇ ھازىر نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ ئۇ كەيپچىلىككە ئېلىپ بىلمەسكە سالسىغۇ مەيلى، ئۇنداق قىلماي، مەن بىلەن قېرىشىپ ئۆچ ئالغىلى تۇرسا قانداق قىلارمەن؟ سەمەتنىڭ دېگەنلىرىمۇ توغرا ئىكەن، بۇ ئايالنىڭ قولىدىن ھەر

بالا كېلىدىغاندەك قىلىدۇ، ئەمدى قانداق قىلاي؟ ياكى ئىشخانىغا دەپ باشقا ماشىنىغا ئالمىشۇالسامىمكىن، قارا ماشىنا بولسىمۇ مەيلى، بىراق زۇنۇنكام ئاڭلىسا نېمە دەپ ئويلاپ قالار، ئىدارىدىكىلەر زۇنۇنكام مەنسەپتىن قالماي تورۇپلا يۈز ئۆرىدى، دەپ ئەيىبلىمەمدۇ؟

چىگىش خىياللار بىلەن يىرىم كېچىگىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى، مەن تۇنجى قېتىم بۇ ئىدارىگە يۆتكەلگەنلىكىمگە پۇشايمان قىلدىم. قاتناشتا شۇنچە يىل ئىشلەپ بۇنداق تەڭقىسلىققا قالمىغاندىم، قاتناشنىڭ جاپاسى بولسىمۇ لېكىن ياخشى يەرلىرىمۇ جىق ئىدى. مەسىلەن، سەن ئۇ يەردە ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ خوجا. باشقا بىرىنىڭ رەڭگى - رويىغا قاراپ ئولتۇرمايسەن، كالوندىن بەرگەن ۋەزىپىنى ئورۇندىساڭ سېنىڭدىن ئەركىن ئادەم يوق. سېنىڭ گېپىڭ چوڭ. . . بۇ يەردە بولسا پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسى، خوجايىن قېلىپ، خوجايىنىڭ خوتۇنلىرى سېنى بوزەك قىلىدۇ.

ئەتىسى زۇنۇنكامنىڭ يېنىغا بارماستىن ئۇدۇل ئىدارىگە باردىمدە ماشىنا بەلگىلىگۈچىگە ماشىنىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئېيتىپ، بىكاردىن - بىكارغا ئۇنى چۆۋۈدۈم. كېچىدىن ئويلاپ تاپقان ئامالىم شۇ بولدى. مۇشۇنىڭ بىلەن بىرەر ھەپتىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرسام ئاڭغىچە يەنە بىر باھانە چىقار، نېمە بولسا بولسۇن ئەمدى زەيتۇنگۇلنىڭ ئالدىغا بارمەيمەن. . .

6

مۇراتنىڭ دېگىنى توغرا چىقتى. زۇنۇنكام كېسەلخانىدىن تېخى چىقماي تورۇپلا ئۇنىڭ نازىرلىقتىن قالغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا بولسا ھېچكىم پەرەز قىلمىغان بىر ئادەم — ئىلگىرى ھۆكۈمەتتە باشقارما باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن پولات دېگەن كىشى باش نازىر بولۇپ كەلدى. ئىدارىنىڭ ئىچى بىر نەچچە كۈنگىچە جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ تۇيۇقسىز ۋە كۈتمىگەن ئۆزگىرىش توغرىسىدا مۇھاكىمە، تىڭ - تىڭلاش، سۇرۇشتۇرۇشلەر قىزىپ كەتتى. بىزنىڭ «شوپۇرلار ئىشخانىسى» دىمۇ مۇھاكىمە باشلىنىپ كەتتى:

- مەن ئاتىڭجاڭنى باش نازىر بولار دېگەنىدىم.

- ئۇ ئادەمغۇ بولاتتى، لېكىن يېشى پېنسىيىگە تاقاپ قاپتۇ ئەمەسمۇ؟

- ھەممىدىن سادىر چۇجاڭغا ئەلەم قىلدىدە، چوڭلارنى مېھمانغا چاقىرغانلىرىمۇ بىكار بولۇپتۇدە.

- ئاڭلىسام ئۇنىمۇ كېسەلخانىغا كىرىۋاپتۇ، دەيدىغۇ.

- بۇ باشلىقلارنىڭ ئادىتى، ھۆكۈمەتتىن قېپىدىسا دوختۇرخانىغا كىرىپ يېتىۋالىدۇ.

- بۇ پولات دېگەن كىم بولدى، ئەجەب ئاڭلىماپتىكەنىمىز - ھە؟

بۇ يېڭى باشلىق ھەققىدە يەنىلا مۇرات ئېنىق ئاخبارات بەردى:

- بۇ ئادەم ئەسلى تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن ئىكەن، كېيىن تەرجىمانلار باشقارمىسىغا چۇجاڭ بولۇپتۇ، چوڭلارنىڭ بۇرۇتىدىن ئوبدان ئۆتكەن بولسا كېرەك، بۇ قېتىم بىراقلا ئۆستۇرۇلۇپتۇ.

- بۇ گەپچە خېلى ياش ئوخشىمامدۇ؟

- قىرىق نەچچە ياشلاردا دەيدۇ.

- بەكلا ياش ئىكەن، ئىدارىنى سوراپ كېتەلەرمۇ؟

- . . .

مەن بولسام خۇددى تۇل قالغان ئايالدەك گاڭگىراپلا قالدىم. زەيتۇنگۇلدىن قۇتۇلغىنىمغىمۇ بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھېسابتا خۇش بولدۇم. لېكىن بۇ يېڭى نازىر مېنى كونا نازىرنىڭ يېقىنى دەپ ئىشلەتمەي قويسا قانداق قىلارمەن؟ ئادەتتە باشلىق ئۆرۈلسە شوپۇرمۇ تەڭ يىقىلىدىغان گەپتە. مەنمۇ مۇشۇنداقراق چاغدا باشقا يەرنىڭ غېمىنى قىلسام تۈزۈككىمكىن. . .

ئىدارىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆرۈشكە تەقەززا بولغان يېڭى نازىر ئاخىرى ئىدارىدا پەيدا بولدى. ئوتتۇرا بويلۇق، تولۇق كەلگەن، ئاق سېرىق بۇ ئادەمنى كۆرۈپ قىرىق ياشقىمۇ كىرگەنمىدۇ، دەپ ئويلىنىپ قالدىم. ئۇنىڭ چېچىدا بىرەر تال ئاق، چىرايىدا بىرەر تال قورۇق يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ياشلار كىيىدىغان قىپقىزىل رەڭلىك بوغماق چاپان كىيىۋالغانىدى. بۇ كىيىمدە ئۇ تەنھەرىكەتچىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ مۇئاۋىن نازىرلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەممە بۆلۈملەرگە كىرىپ تونۇشۇپ چىقتى. «شوپۇرلار ئىشخانىسى»غا كىرگەندە روزى مۇدىر ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭغا مېنى تونۇشتۇرغانىدى، ئۇ ماڭا قىزىقىقانىدەك باشتىن - ئاياغ قاراپ قويۇپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

- ئۇنداقتا مېنىڭ باشلىقىم سىز ئىكەنسىزدە، - دېدى ماڭا قولىنى بېرىپ تۇرۇپ.

مەن تېڭىرقىغان ھالدا ئىشخانا مۇدىرىغا قارىدىم.

- شوپۇر دېگەن باشلىقنىڭ باشلىقى، - دېدى ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ قويۇپ، - سىلەر ماڭساڭلار بىزمۇ ماڭىمىز، سىلەر توختىساڭلار بىزمۇ توختايمىز، شۇڭا ئەسلى باشلىق سىلەر، يالغانمۇ - يا؟

ئۇ تۇرقىدىن خۇش چاقچاق كۆرۈنەتتى، بۇ مىجەزى ماڭا يېقىپ قالدى، لېكىن مەن تېخىچىلا ئەندىشىدە ئىدىم. باياتىنقى ئۆزىگە شوپۇر قىلىدىغانىنىڭ بېشارىتىنى بەردى، كىم بىلىدۇ، باشقىلار چېقىپ قويسا يېنىۋالامدۇ تېخى. . .

چۈشتە ماشىنىنى سۈرتۈپ تازىلاۋاتسام، ئۇ ئىدارىدىن چىقىپ يېنىمغا كەلدى:

- ھە، ئۇستام، بىزنىڭ ھارۋا مۇشۇمۇ؟ - سورىدى ئۇ.

- ھەئە.

- بۇمۇ كونىراپ بىر يەرگە بارغاندەك تۇرامدۇ نېمە؟ - ئۇ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئىچىگە كۆز يۈگۈرۈتۈپ چىقتى. تۇرقىدىن ماشىنا ئۇنىڭغا تازا يارىمىغاندەك تۇراتتى، - لىۇشۇجى قانداق ماشىنىدا ئولتۇرۇۋاتىدۇ؟

- «سانتانا»، ئۇ بۇنىڭدىن يېڭىراق، - دېدىم مەن ئۇنىڭ مېنىڭ ماشىنامنى ياراتماي يالتىيىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ.

- ھازىر «ۋولگا»، «سانتانا» دېگەندە يېزىنىڭ باشلىقلىرى ئولتۇرىدىغان بولدى. زۇڭنۇكاممۇ خىجىل بولماي مۇشۇ ماشىنىدا ئولتۇرۇپ يۈرۈپتۇ -دە، — ئۇ ئاچچىق كۈلگىنىچە بېشىنى چايقاپ قويدى،- مەن ئەتىيازدا ئىچكىرىگە بارغانىدىم. ئۇ ياقتا ناھىيىنىڭ ھاكىملىرى «ئاۋدى» دا ئولتۇرىدىكەن، تېخى شۇنىمۇ ياراتماي يۈرۈشىدۇ، قارىسىڭىز ماشىنىلىرىدا پۈتۈنلەي ئاپتوماتىك تېلېفون. . . ھە، راست، سىزنىڭ تېلېفون نومۇرىڭىزنى يېزىۋالايچۇ؟

- قايسى تېلېفون؟

- ئۆيىڭىزدىكى تېلېفونچۇ؟

- ئۆيۈمدە تېلېفون يوق.

- بۇ قانداق گەپ؟ - ئۇ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، - ھەممە شوپۇرلارنىڭ ئۆيىدە تېلېفون

يوقما؟

- يوق.

- بۇ قىزىق گەپ بولدىغۇ؟ مەن سىزنى ئۆيىڭىزگە بېرىپ چاقىرىمەنمۇ؟ - ئۇ قايناپلا كەتتى، - بۇ زۇنۇنكام قانداق خىزمەت ئىشلىگەن ئادەمدۇ؟ بۇ بولماپتۇ. . .

— ئۆتكەندە ئىشخانىدىن ئورناتماقچى بولغانىدى، زۇنۇنكام پۇل جىق كېتىدىكەن، دەپ ئۇنىماپتۇ.

- ھازىر ئورنىتىش ھەققى قانچە ئىكەن، خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

- بەش مىڭ يۈەن دەپ ئاڭلىدىمغۇ؟

- ئۆسۈپ كېتىپتۇ. ھە. . . ئەمما خىزمەت ئېھتىياجىدە، ئازراق پۇلنىڭ كۆزىگە قارىغان بىلەن ۋاقتىنىسغا كەلگەندە ئۇنىڭ خىزمەتكە بولغان تەسىرىنى نەچچە يۈز مىڭ يۈەن بىلەنمۇ تولدۇرغىلى بولمايدۇ.

خېلى مەرد ئادەممۇ نېمە، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدا بۇ ئىشنى مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى، دېگەندەك ئادەتتە باشلىقلار دەيدىغان گەپلەرنىڭ پۇرىقىمۇ يوق ئىدى. ئەلپازىدىن قارىغاندا ماڭا ئەتىلا تېلېفون ئورنىتىقۇزۇپ بېرىدىغاندەك تۇردى، چىمەن بۇنى ئاڭلىسا قانچە خۇش بولۇپ كېتەركىن، ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆيىدىكى تېلېفونغا بەكمۇ ھەۋەس قىلىپ كېتەتتى.

مەن ئالدىمدىكى كۆرسەتكۈچ ئەينەكتىن يېڭى نازىرغا سەپ سالدىم. ئۇ بېشىنى كەينىگە تاشلىغىنىچە كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى، ئۇ ئۇخلاۋاتامدۇ ياكى خىيال سۈرۈپ ياتامدۇ، بىلىپ بولمايتتى. مەن ئامال بار ماشىنىنى سىلىقراق ھەيدەشكە تىرىشتىم. ھايال ئۆتمەي كەينىدىن يېنىك خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئۇنىڭ ئۇيقۇغا چۆشكەنلىكىنى ئۇقتۇم - دە، ئىچىمدە كۈلۈپ قويدۇم. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدا بىر نازىرغا لايىق سالاپەت، سۈر يوق ئىدى، ئۇنىڭغا قارىغاندا زۇنۇنكامنىڭ ماشىنىدا ئولتۇرۇشىمۇ بىر كىشىلىك ئىدىدە. . .

خىيال بىلەن قىزىل چىراغ يېقىلغانلىقىنى كۆرمەي قاپتىمەن، ئىتتىك تورمۇز قىلىۋېدىم، ماشىنا قاتتىق سىلكىنىپ كېلىپ توختىدى. مەن ئىتتىك ئالدىمدىكى ئەينەككە قارىدىم، نازىر ئالدىدىكى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۇسۇۋالغىلى قىل قالدى.

- نېمە بولۇپ كەتتى ئۇستام؟ - ئۇ ئەتراپىغا ئالاقزىغىنىچە سورىدى.

- بىرى ماشىنىغا ئۆزىنى ئۇرغىلى تاس قالدى، - دېدىم مەن ئۆزۈمنى ئاقلاپ، - بىر يەرگە ئۇرۇلۇپ كەتمىگەنسىز؟

- ياق، ئۇخلاپ قاپتىمەن، - دېدى ئۇ كېرىلىپ تۇرۇپ، — ئاخشام بىر يەردە ئۇزۇنراق ئولتۇرۇۋېتىپتىمىز. . . ياخشى لېنتىلىرىڭىز باردۇ، قويۇپ قويىمامسىز، ئاڭلىغاچ ماڭايلى.

زۇنۇنكامنىڭ ئەكسىمۇ نېمە بۇ ئادەم. تۇرقىدىن ناخشا، ساز، ئويۇن - تاماشىغا ئامراقتەك قىلىدۇ، خۇدا بۇيرىسا ئولتۇرۇشلارغا خېلى توشۇپ باققۇدەكمەندە، ئۆزى بۇنچىلىك، ئايالى قانچىلىك تېخى. زەيتۇنگۇلنى نەچچە قاتلىۋېتەمدۇ؟ نېمە بولسىمۇ بولسۇن، زەيتۇنگۇلنىڭ قىلىقىنى دورىمىسا بولاتتىغۇ. . .

يېڭى نازىر دېگىنىنى قىلدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ ئۆيگە تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن ئىككىسى كىرىپ كەلدى. مەن تېلېفون توغرىسىدىكى گەپنى چىمەنگە دېمىگەنىدىم،

ئۇ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى باسالمايلا قالدى، تېلېفوننى قايسى ئۆيگە قويۇش توغرىلىق ئويلىنىپ ئاخىرى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان مېھمانخانا ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىنى تاللىدى ۋە چىنە قاچا تىزغان تومپۇچكىنى بىكار قىلىپ، شۇنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئۇ گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ھېلىدىن - ھېلىغا تومپۇچكا ئۈستىدە تۇرغان تېلېفوننى سىلاپ قوياتتى.

- تېلېفون دەپتىرىدىن بىرنى ئالساق بولغۇدەك، - دېدى چىمەن ھاياجانلىنىپ، - ئەمدى ياخشى بولدى، بەزىدە دۇكانغا بېرىپمۇ ئاۋارە بولمايدىغان بولدۇم... يېڭى نازىرىڭلارنىڭ قولىدىن خېلى ئىش كېلىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ كېلە - كەلمەيلا ئىشلارنى ھەل قىلغىلى تۇردىغۇ... توۋا، زونونكاملارغا شۇنچىلىك قىلدۇق، ھوقۇقىنىڭ بار چېغىدا مۇشۇنچىلىك بىر ئىشىمىزنى بولسىمۇ قىلىپ بەرمىدى. ئۇنىڭغا قارىغاندا يېڭى باشلىقىڭىزنىڭ خېلى دىتى باردەك قىلىدۇ جۇمۇ. ئايالى قانداقراق ئىكەن؟

- مەنمۇ تېخى كۆرمىدىم.

- نېمە دەيسىز، نەچچە كۈندىن ماشىنىغا چىقمىدىمۇ؟

- ياق.

چىمەن بىردەم ئويلىنىپ قالدى.

- ھەي قاراڭ، قانداقلا بولمىسۇن يېڭى نازىر سىزنى ئىشلىتىۋاتىدۇ، ئادەمگەرچىلىك قىلىپ ئۆيگە بىر چاقىرىپ قويمايلىمۇ؟

- ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوق، نېمە دەپ چاقىرىمىز؟

- باشلىق دېگەن تەمەخور بولىدۇ، كېيىن يەنە مەن يېڭى كەلسەم ئۆيىگىمۇ چاقىرمىدى، دەپ سىزنى يامان كۆرۈپ قالمىسۇن دەيمەنا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنى زونونكام يۆتكەپ ئەكەلگەن، ئۇياق كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدۇ؟ سىناپ كۆرۈۋاتامدۇ تېخى...

- ئىشلەتسە ئىشلىتەر، بولمىسا باشقا ماشىنا ھەيدەرمەن.

- سىزنىڭ بىر يەرلىرىڭىزدە جىڭ سەھرالىق جۇمۇ! - چىمەن خاپا بولدى، - بۇ يەر دېگەن سىزنىڭ ئاۋۋالقى كالونىڭىز ئەمەس، نېمە قىلىمەن دېسىڭىز قىلىۋېرىدىغان، بۇ يەردە خەقنىڭ رەڭگى - رويىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان گەپ، مەنمۇ سىزنىڭ غېمىڭىزنى قىلىۋاتىمەن.

- ئەمىسە نېمە قىل دەيسەن؟

- ئاۋۋال تونۇشقاچ ئۆيگە بىر بېرىپ قويايلى، - چىمەننىڭ چىرايى ئېچىلدى، - ئاندىن ئۆيگە بىر چاقىرىۋالايمىزمۇ؟

- مەيلى، - دېدىمەن چىمەننىڭ رايىنى ياندۇرغۇم كەلمەي، ئويلاپ باقسام ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭمۇ ئاساسى باردەك تۇراتتى.

- زونونكام كېسەلخانىدىن چىقىپتىمۇ، ئۇقتىڭىزمۇ؟ - بىردەمدىن كېيىن چىمەن سورىدى.

- تېخى كېسەلخانىدا ئوخشىمامدۇ. زەيتۇنگۈلنى كۆرمىسەن؟

- قايسى كۈنى دۇكانغا كەپتىكەن، قارىسام ياپتا گەپلەرنى قىلىپ زەھرىنى سانجىۋاتىدۇ.

- بىر نېمە دېگەنمىدىڭ؟

- مەن نېمە دەيتتىم؟ ئۆزى كىرىپلا ئۈستۈمدىكى كۆڭلەكنى كۆرۈپ شۇنداق كۆڭلەكتىن بىرنى

تىكىپ بېرىلىڭ دەيدۇ.

- تىكىپ بەرسەڭمۇ بوپتىكەن.

- ۋىيەي - چىمەن تېرىكتى، - بۇنىڭ مېتىرىنىڭ ئۆزى بىر يۈز ئەللىك كوي تۇرسا، بىكارغا قىلمەنمۇ؟ قىزىقكىنا. . .

— ئۆزۈڭ باشتا قىلىپ بېرىپ ئۆگىتىپ قويىدۇڭ، قانداق قىلىسەن.

- ھەئە، مەن ئۆگەتتىم، ئۆگەتسەم يامان قىلمىغاندىمەن، مەن شۇنداق قىلمىغان بولسام ھازىرمۇ جاڭگالدا يۈرەتتىڭىز، نېمە ئادەمنىڭ قوۋۇرغىسىنى ئىگىدىغاندۇ، بىزمىچۇ، ئۇلارنىڭ قىلغىنىنى ئاشۇرۇۋېپ تۇرۇپ قايتۇردۇق، نېمە دېسە بەردىم، ئالتۇن زەنجىرنىمۇ ئۆزۈم تاقىماي، ئۇ خوتۇنغا تاقاپ قويدۇم، كىيىملىرىنى بىكارغا تىكىپ بەردىم، ھەر قانچە قەرزدار بولساقمۇ شۇ قىلغانلىرىمىز يېتەر ئەمدى. . .

مەن چىمەنگە ھەيران بولغان ھالدا قاراپلا قالدىم، تېخى يېقىنقى كۈنلەردىلا ئۇ زەيتۇنگۈلنى بىر تۇغقان ھەدىسىدىن چارە ياخشى كۆرەتتى، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختايتتى، ھازىر بولسا ئۇنىڭ بىلەن بولغان چەك - چېگرىنى ئېنىق ئايرىپ بولغاندەك قىلاتتى. چىمەننىڭ سۆزلىرىگە قاراپ كۆز ئالدىمغا بازاردىكى مېلىنى سانتىچە ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىقىدىغان، مالنى بېرىپ پۇلنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن خېرىدارنى تونۇمايدىغان سودىگەرلەر كەلدى. توۋا، چىمەن قاچانلاردىن بۇيان بۇنداق خۇيىنى ئۆگىنىۋالغاندۇ، ياكى شەھەردىكىلەرنىڭ ئادىتى شۇنداقمىدۇ- يا؟ . . .

7

پولات نازىر بوش ئادەم ئەمەستەك قىلىدۇ، ئۇ كېلىپ ئىككى ئايغا قالمايلا ئىدارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ قىلغان ئىشى ئىدارە بىناسىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىنى بىكار قىلىپ ئىجارىگە بېرىش بولدى. ئىدارىنىڭ ئىچىدە ئۇر - چاق باشلىنىپ كەتتى. كوچىغا قارىغان دېرىزىلەر قومۇرۇپ تاشلىنىپ، بىر - بىرىدىن ھەشەمەت ئىشىكلەر بېكىتىلدى. ئۆينىڭ ئىچى رەڭگا رەڭ ئەينەكلەر، تاختايلار بىلەن بېزەلدى. ئىشىكنىڭ ئالدىغا رەڭلىك چىراغلار ئورنىتىلدى. بۇرۇن سورلۇك جىمجىتلىق ئىچىدە تۇرىدىغان بۇ بىنا ئەمدى قايناق بازارغا ئايلاندى. بۇ قەۋەتتە ھەممە نەرسىنى- كىيىم - كېچەكنىمۇ، ئاياللارنىڭ پەرداز بۇيۇملىرىنىمۇ، ئالتۇن جابدۇقلارنىمۇ تاپقىلى بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇلارنى ئاز دەپ رەسىمخانا بىلەن ساتىراشخانىنىمۇ ئىككى ئىشخانىنى ئىگىلىدى.

باشتا ھەممە ئادەم بۇ قىياپەتكە كۆنەمەي غودۇراشقانىدى، لېكىن ياندۇرقى ئايدا ھەر بىر ئادەمگە 80 يۈەندىن چۈشلۈك تاماق پۇلى دەپ تارقىتىۋېدى، ھەممەيلەننىڭ ئاغزى بېسىقتى، ئەكسىچە يېڭى باشلىقنى بەس - بەس بىلەن ماختاشقىلى تۇردى، ئۇنىڭ تەلىيىگە پارتىيە گورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لىۋ تىڭجاڭ پېنسىيىگە چىقىپ بۇ ۋەزىپىمۇ پولاتقا قوشۇمچە ئۆتتى. ئۇ ئەمدى نېمە قىلسىمۇ قىلالايتتى.

ئىككىنچى قەدەمدە ئۇ چوڭ يىغىندىلا ھەر قايسى باشقارما، ئورگانلارنى ھەر خىل يوللار بىلەن پۇل تېپىپ ئۆز-ئۆزىنى بېقىشقا چاقىرىق قىلدى:

- يۇقىرىدىن بەرگەن كەسپىي خىراجەت ئۆتكەن يىلدىكىدىن 20% ئازايدى، - دېدى ئۇ كۆپچىلىككە،- ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئازىيىشى مۇمكىن، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىدىن

بېرىدۇ دېگەن خام - خىيالنى قويۇپ، ئۆزىمىز چارە - تەدبىر تېپىشىمىز كېرەك، شىركەت قۇرساق، سودا قىلساق، ئاشخانا ئاچساق. . . قىسقىسى نېمە قىلمىزدىن كەلسە شۇنى قىلساق بولىدۇ، بۇنى پارتىيە گورۇپپىسى قەتئىي قوللايدۇ، ئەمدى بۇرۇنقىدەك كونا ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ، ئىسلاھات قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش كېرەك. . .

شۇ گەپ بىلەن بۆلۈملەردە ئىسمى - شەرىپىدىن ئادەم چۆچۈگىدەك شىركەتلەر خۇددى يامغۇرەمىن كېيىن پەيدا بولغان موگۇدەك قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

«شوپۇرلار ئىشخانىسى» دا بۇ ھەقتە مۇھاكىمە قىزىپ كەتتى:

- پولات شۇجى ئىدارىنى تەلتۆكۈس ئوڭشايدىغان بولدى، - دېدى مۇرات ماشكا ئۇنى قىزغىن قوللاپ،- نېمە دېگەن بىلەن ياش دېگەن ياشتە، كاللىسى ئازاد. . .

- تونۇلمىدۇ، بۇزۇلامدۇ تېخى كۆرىمىز ،- دېدى ئاپتوبۇس شوپۇرى قىيۇم مۇراتنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، بۇ ئادەم تولا گېزىت ئوقۇغاچقا باشقىلار ئۇنى «قىيۇم زىيالىي» دەيتتى، - سىز ئۇكام بەلكىم ئۇ ئىشلارنى ئۇقمايسىز، 1959- يىلى پولات تاۋلاش دېگەن بىر ھەرىكەت بولدى، ھەممە ئادەم ئىشنى تاشلاپ تاغقا چىقىپ رودا قازدۇق، لايدىن پېچ ياساپ، شامالدۇرغۇچ بىلەن پولات ئېرىتتۇق، گېزىتلەردە كۆننگە مىڭلاپ توننا پولات تاۋلاندى، دېگەن سۆزنى ھەمراالار قويۇپ بېرىلىپ توردى. تۆت - بەش ئاي كۆنىمىز شۇنداق ئۆتتى، راست گەپنى قىلسام مەن ئىشلىگەن ئورۇندا پولات تورماق بىرەر جىڭ تۆمۈرمۇ چىقىرالماي قايتىپ كەلدۇق. ئۇ چاغدا بۇنىڭ زىيىنىنى ھېچكىم ھېسابلاپ تۇرغىنى يوق، دەردىنى بولسا كېيىن تارتتۇق، ھازىر ئويلىسام شۇمۇ بىر بالىلارچە قىزغىنلىق بىلەنبولغان ئىشكەن، شۇڭا قىزغىنلىق بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ ئۇكا. . .

- سىزچە ئىدارە بۇرۇنقىدەك تۇرسا بولامتى؟- مۇرات قايىل بولماستىن ئېتىراز بىلدۈردى.

- مەن ئۇنداق دېمىدىمغۇ، لېكىن ھەر ئىشنىڭ يولى بار.

- مېنىڭچە بۇزمىغىچە قۇرغىلى بولمايدۇ.

- ئاڭلىشىمچە ئىشخانىمۇ بىر نەچچە بولكىۋاي ئېلىپ كىراغا سالماقچى بولۇۋېتىپتۇ.

- قارتا ئوينايدىغان ئىشلارمۇ توگەپتۇ دەڭلار.

- پۇللا بېرىدىغان ئىش بولسا مەيلىغۇ. . .

مەن ئۇچۇن نېمە بولسا بەرىبىر ئىدى، ھەر ھالدا يېڭى باشلىق تا ھازىرغىچە ماڭا نېرى - بېرى بىر نېمە دېمىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا ھازىرچە مېنى يەكگۈشلەش خىيالى يوقتەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى مېنى ئەمەس بەلكى ماشىنىنى يەكگۈشلەشتە قالدى. ئۇ ئۇدا بىر ھەپتە ماشىنا تەستىقلىتىش ئۈچۈن يۇقىرىغا ماڭدى، بۈگۈن ئۇ ھۆكۈمەت بىناسىدىن خوش خۇي يايراپ چىقتى:

- ئىش ئوڭدىن كەلدى، - دېدى ئۇ ماشىنىغا چىققاندىن كېيىن ماڭا، - بۈگۈن ئاقساقالنىڭ كەيپى جايىدا ئىكەن، گەپ قىلمايلا ئۈچ يۈز مىڭغا تەستىق سېلىۋەتتى. . . مەن دەيمەن، ئالغاندىن كېيىن چىداپلا «مىرسىدىس» تىن ئالساق بولامدىكىن؟

- ئۈچ يۈز مىڭغا «مىرسىدىس» كەلمەسمىكىن؟- دېدىمەن ئۇنىڭغا.

- قالغىنىنى ئىدارىنىڭ خىراجىتىدىن چىقارمايمىزمۇ. . . خۇدايىم بۇيرىسا كېلەر يىلغىچە ياپونىيىنىڭ يېڭى چىققان «شۇن ياڭجيەن» ماركىلىق ماشىنىسىدىن بىرنى ئېلىۋالساق، ئۇزۇن يولغا شۇنى

ئىشلەتسەك، قانداق دېدىم؟

— ئۇنداق بولسا تازا جايىدا بولاتتى.

— ماشىنىلارنى يېڭىلىمىساق پەقەت بولماپتۇ، بۇ زۇنۇن نازىر قانداق خىزمەت ئىشلىگەن ئادەمكىنتاڭ، ھېچ ئۇقالمىدىم، شۇنچە يىلدىن ئىدارىگە بىرمۇ تۈزۈكرەك ماشىنا ئالماپتۇ ئەمەسمۇ. ئېتى ئۇلۇغ، سوپۇرىسى قۇرۇق، دېگەننىڭ ئۆزى بوپتۇ بۇ ئىدارە... بالا يىغلىمىسا ئانا ئەمچەك سالمايدىغان گەپ. يۇقىرىغا دەپلا تۇرسا بىر كۈن بولمىسا بىر كۈنى ھەل بولىدۇ... بۇ مەنسەپ دېگەن بىزگە باقىۋەندە ئەمەس، ئەتە - ئۆگۈن بىزنىڭ ئورنىمىزغا چىققانلارمۇ پولاتكام ھەل قىلغان ماشىنا، دەپ خۇش بولۇپ ئىشلىتىدۇ.

پولات نازىر بۈگۈن بۆلەكچە خۇشال بولغانلىقتىنمۇ ئىچىدىكى گەپلىرىنى، كەلگۈسى پىلانلىرىنى ماڭا بىر - بىرلەپ دېگىلى تۇردى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ مەن بۇ ئادەمگە تېخىمۇ قايىل بولدۇم. مەيلى ئوڭ ياكى سول قىلسۇن، دېگىنىنى قىلالايدىكەن، پەيلىدىن تېخى خېلى ئىشلارنى قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ، زۇنۇنكامچۇ؟ ئۇ ئىشخانىدا باش كۆتۈرمەي ئىشلەشنىلا بىلەتتى، باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى، ئۆزى ئارتۇق تەلەپ قىلمايتتى، باشقىلارغىمۇ بەلگىلىمىدىن سىرت ھېچنەرسە بەرمەيتتى، شۇڭىمۇ زەيتۇنگۈل جېنىدا ئۇنى ياراتمىغان ئىكەندە، پولاتقا سېلىشتۇرغاندا ئۇ ھېچبىر راھەت كۆرەلمەي كېتىپتۇ، بەلكىم ھازىر مىڭ يەردىن پۇشايمان قىلىۋاتقاندۇ؟... ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى شۇنداق: كىشىلەر ھامان ئۆتكەن كۈنلىرىگە پۇشايمان قىلىدۇ، ھەسرەت چېكىدۇ، بولسا بۇ دۇنياغا قايتىدىن تۇغۇلۇشنى، ئۆتكەنكى خاتالىقلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشنى ئارمان قىلىدۇ، دۇنيا شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرلىك، شۇڭا بىلگەن ئادەمگە كۈنلەر غەنىيمەت، ساڭا ئامەت كەلدىمۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىل، قولۇڭدىن كەلگىنىچە ياشا، ئامەت كەتكەندىن كېيىن پۇشايمان قىلىش ئەخمەق ئادەمنىڭ ئىشى...

پولات نازىر دېگىنىنى قىلدى. 450 مىڭغا ۋاللىداپ تۇرغان «مىرسىدىس» تىن بىرنى ئالدى، چىمەن ماشىنىغا تېخىمۇ چىرايلىق پەردىلەرنى تىكتى، ئورۇندۇقلارغا رېشىلىيە ئىشلىگەن قاپلارنى تەييار قىلدى، ئىككى كۈنگىچە چىمەن ئىككىمىز ماشىنىنى بولۇشىچە ياساپ جابدىدۇق. نازىر ماشىنىنى كۆرۈپ رازى بولدى.

— جايىدا، جايىدا، — دېدى ئۇ ھەممە نەرسىلەرنى تۇتۇپ كۆرۈپ ئاندىن مېنى ئاگاھلاندۇردى، — تازىنىڭ ئېمىسى بار دېسە تۇمۇر تاغىقى، دەپ، ھازىرچە ئاران مۇشۇ ماشىنىغا ئېرىشتۇق، مەن روزى جۇرېنىمۇ ئېيتىپ قويدۇم، ئۇمۇ باشقا نازىرلارنى بۇ ماشىنىغا ئورۇنلاشتۇرمايدىغان بولدى، سىزنىڭمۇ ئېسىڭىزدە بولسۇن، باشقىلار ماشىنا دەپ قالسا قەتئىي ماڭماڭ، ئۇقتىڭىزمۇ؟ بولمىسا تۆت كۈندە بۇنىڭمۇ ئەبجىقى چىقىدۇ...

شۇنداق قىلىپ مەن پولات نازىرنىڭ خاسلا شوپۇرى بولۇپ قالدىم. بۇ ئىش توغرىلىق «شوپۇرلار ئىشخانىسى» دىن تارتىپ ھەممە بۆلۈملەردە خېلى غۇلغۇلا بولدى، بەزىلەر ھەتتا: پولات نازىر ھەشەمەتكە بېرىلدى، ئىدارىنىڭ كەسپىي خىراجىتىنى ماشىنا ئېلىشقا ئىشلەتتى دەپ يۇقىرىغا ئىنكاسمۇ قىلغان ئوخشايدۇ، ئاڭلىسام زۇنۇنكاممۇ سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنىدا بۇنى مىسال قىلىپ پىكىر قىلىپتۇ، بۇ قېتىمقى چىدىماسلىقتە، ئۆزۈڭ قىلالما، خەق قىلسا كۆرەلمە، بۇ ئوغۇلبالىچىلىق بولمايدۇ. دە،

مەن بۇ گەپلەرنى پولات نازىرغا دەپ بەرگەنىدىم، ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى:

-قولىدىن كەلسە مەركەزگە ئەرز قىلىشسۇن، قول يەتمىگەن ئۈزۈم شۇنداق ئاچچىق بولىدۇ.

بۇ غۇلغۇلىمۇ بىر نەچچە كۈن بولۇپ بېسىقتى. پۇقرانىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى، قايناپ - قايناپ، ئاخىرى توختايدۇ، پولات نازىر يا خىيانەت قىلمىدى، بۇنىڭ قانۇنغا خىلاپ كېلىدىغان يېرى يوق، بۇنداق ماشىنىدا ئولتۇرۇۋاتقان نازىرلار ئازمۇ، ھۆكۈمەت ئۇلارنى ھېچنېمە قىلالىغۇەتمىگەن يەردە، پولات نازىرغا نېمە گەپ كېلەتتى. . .

مەن ئالىي ماشىنىنى ھەيدىدىم، دەپ بالدۇرلا خۇشال بولغانىكەنمەن، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭدىن جاق تويۇشقا باشلىدىم، بۇ كاساپەت كوچىدىكى توپىنى سۈمۈرەمدۇ بىلمەيمەن، بىرمەدەدىلا ئۈستى بىر قەۋەت توپا بولاتتى، مېنىڭ ھۈنىرىم ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇنى سۈرتۈپ تازىلاپ تۇرۇش بولۇپلا قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بارغانلا يەردە ماشىنىغا بىرى چېقىلىپ قويامدىكىن دەپ ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ نېرى كېتەلمەيدىغان بولدۇم. ئۇنىڭ يېنىدا كۆزەتچىدەك تۇراتتىم. يېڭى نازىر خۇددى مۇشۇ ماشىنىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، «مېرسېدىس» قا ئولتۇرۇش بىلەنلا ئۇنىڭ بارىدىغان يېرى ئايىنىپ كەتتى. يەكشەنبە كۈنلىرى توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغنى دەپ پۈتۈن شەھەرنى بىر ئايلىنىپ چىقاتتۇق. ئاخشىمى بولسا يا بىرەر يەردە مېھماندارچىلىقتا بولاتتۇق، يا بولمىسا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا بىكار ئويۇن كۆرەتتۇق، بەزىدە تۇرۇپ، ھۆكۈمەت باشلىقلارغا ماشىنىنى ئويىنسۇن دەپلا بەرگەن ئوخشايدۇ، دەپمۇ قالىمەن. ھەر ھالدا نېمە بولسا بولسۇن، يېڭى نازىرنىڭ ئايالى زەيتۇنگۈلدەك ماشىنىغا خۇمار ئەمەسكەن، مەن بۇ ئايالنى دەسلەپ كۆرگەن چاغدا ھەيران بولغانلىقىمدىن ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم، چىمەننىڭ زورلىشى بىلەن كىچىككىنە ئادەمگەرچىلىك قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغان ئىدۇق، بىر كەمدە ئىچكىرىكى ئۆيدىن بۇ ئايال چىقىپ بىز بىلەن سالقىنلا كۆرۈشتى. قارامتۇل چىراي، ياپما قاپاق، تار پېشانىلىق بۇ ئايال شۇنچىلىك ئورۇق ئىدىكى، ئۈستىگە كىيىۋالغان كىيىملىرى خۇددى ياغاچقا ئېلىپ قويغاندەك پۇلاڭلاپ تۇراتتى، ئۇ ئادەمگە تىكىلگەندە كۆزىدىن بىر خىل سوغۇق، يېقىمسىز نۇر چاچرايتتى، مەن شۇنچە زەن سېلىپ ئۇنىڭ كىشىنى جەلپ قىلغۇدەك بىرەر يېرىنى تاپالمىدىم. پولات نازىر نەدە يۈرۈپ بۇ ئەرۋاھقا ئۇچراپ قالغاندۇ، - دېدىم ئىچىمدە بۇلارنى بىر جۈپ دېيىشنىمۇ ھېچ ئەقلىمگە سىغدۇرالماي، - تۇرقىدىن قارىغاندا سىل كېسەلدەك قىلىدۇ، بۇمۇ زەيتۇنگۈلدەك پولات نازىرنى ئېزىقتۇرۇپ ئۆزىنى تاڭغان نېمە ئوخشايدۇ، خۇدا بۇيرىسا بۇنى دوختۇرخانىغا تاشلاپ باقىدىكەنمەنده. . .

— توۋا، - دېدى چىمەنمۇ قايتىپ چىققاندىن كېيىن، - ئەر كىشى دېگەننىڭ كۆزى كورلىرىمۇ بولىدىكىنا، مەن تېخى پولات نازىرغا قاراپ ئايالى قانچە چىرايلىقتۇ دەپتىكەنمەن، ئەرۋاھنىڭ ئۆزىغۇ. . .

- سەن ئەرۋاھ دېگەن بىلەن نازىرنىڭ كۆزىگە پەرىزات كۆرۈنىدىغاندۇ.

- شۇنداق ئوخشايدۇ، - چىمەن بېشىنى چايقىغىنىچە دېدى، - قارىسام نازىر ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ گەپ قىلىۋاتىدۇ، توۋا، باشلىقلا بولسا خوتۇنىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالامدۇ نېمە؟

بىر كۈنى ئۇ تۆۋەندىن پۇل ھەل قىلغىلى كەلگەن بىرلىرىنىڭ خۇشامەت قىلىپ بەرگەن زىياپىتىدىن چىقىپ، ماشىنىغا چىقتىدە:

- ئوتتۇرا كۆۋرۈك بىلەن ماڭايلى، - دېدى ماڭا.

مەن بەلكىم نازىر بىرەرى بىلەن كۆرۈشمە كېرەك، دەپ ئويلىدىمدە ماشىنىنى شۇ ياققا بۇرىدىم.

ئوتتۇرا كۆۋرۈكتىن قايرىلغان يەردە ئۇ ماشىنىنى توختاتتى.

- سائەت ئونلاردا مۇشۇ يەرگە كەلسىڭىز بولىدۇ، - دېدى .

- نەشپۈتلەرنى ئۆيگە ئاپىرىۋېتەيمۇ؟- دېدىم بايىقىلار بەرگەن ئىككى ساندۇق نەشپۈت ئېسىمگە كېلىپ.

- مەيلى، دېدى ئۇ ۋە قايرىلىپ قىزىل خىشلىق بىناغا قاراپ ماڭدى.

مەن نەشپۈتنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىشىمگە شاراپەت سورىدى:

- پولات ئۆزى قېنى؟

- بىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەن، قېپقالدى.

- نەدە قالدى؟

- ئوتتۇرا كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا. . .

ئۇنىڭ چىرايى شۇ ھامان تاتىرىپ كەتتى. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەستىن تېڭىرقاپ قالدىم، ئۇ خېلىغىچە ئۆزىگە كېلەلمىدى، مېنىڭ كۆزۈمگە ئۇ ھېلىلا تارتىشىپ كەينىگە يىقىلىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

- مىجەزىڭىز يوقمۇ؟- دېدىم مەن چۆچىگەن ھالدا.

- ياق. . . بۈگۈن سەل بېشىم قېيىپ تۇرىدۇ،- دېدى ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ ۋە چىرايىغا زورمۇ زور كۈلكە يۈگرۈتتى، - بوپتۇ، تېز بېرىڭ، ھازىر جەمئىيەت بەك قالايمىقان، بولاڭچى، قاتىللاردىن ئەنسىرەپ قالىدىكەن كىشى. . .

كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى. ماشىنىدا كېلىۋېتىپمۇ كۆز ئالدىمدىن شاراپەتنىڭ بايىقى ئەنسىز چىرايى كەتمىدى، ئۇ ئەجەبمۇ تاتىرىپ كەتتا، پولات نازىر ئۇ ئەنسىرەپ كەتكۈدەك ياكى بىر كىچىك بالا بولمىسا، دېمىسەممۇ بوپتىكەن، ياكى ئىدارىدە يىغىنىدا قالدى، دېسەممۇ بولۇۋېرەتتىغۇ، مەن نېمانچە دۆتلۈك قىلغاندىمەن. . .

ئەتىسى ئىدارىگە كېلىۋېتىپ پولات نازىر تۇيۇقسىزلا مەندىن سوراپ قالدى:

-ئاخشام شاراپەت مېنى سورىغانمىدى؟

- ھەئە.

- نەدە قالدى دېدىڭىز؟

- ئوتتۇرا كۆۋرۈكتە دېگەنىدىم.

مەن ئالدىمدىكى كۆرسەتكۈچ ئەينەكتىن ئۇنىڭغا سەپ سالدىم، ئۇنىڭ چىرايى تولىمۇ غەمكىن ئىدى، مەن ئۆزۈمنىڭ تونجى قېتىم خاتا قىلغانلىقىمنى بىلدىم.

- بۇندىن كېيىن ئاشۇنداق سوراپ قالسا بىلمەيمەنلا دەڭ،- دېدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن، - سىز بىلمەيسىز، بىزنىڭ شاراپەت تولىمۇ ئەنسىز، يوقىلاڭ ئىشلارغا ئەنسىرەپ بىر بولىدۇ، ياكى ئاغرىقچان بولغاچقا شۇنداقمىكىن - تاڭ. . . سىزنىڭ ئايالىڭىزچۇ، كەچ قالسىڭىز گەپ قىلامدۇ؟

-شوپۇرنىڭ ئاياللىرى كۆنۈك دەڭە.

- توغرا، - ئۇ كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى، - بىر ھېسابتا شۇنداق بولغىنىمۇ ياخشىكەن. .

www.uyghurkitap.com



## 8

پولات نازىرنى ئايرودرومغا ئېلىپ چىقىپ قايتاي دەپ تۇراتتىم، بىرى چاقىرغاندەك قىلىپ قالدى، قارىسام ئۇستىگە ئېسىل رەختتىن كاستيۇم ـ شىم كىيىپ، چامادان كۆتۈرۈۋالغان ئېگىز بويلۇق بىرەيلەن ماڭا قاراپ كېلىۋېتىپتۇ، ئۇ كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقىۋالغاچقا كىم ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمىدىم.

ـ مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟ ـ دېدى ئۇ كۆزەينىكىنى ئېلىپ.

ـ ئېلىمۇ سەن؟

ـ ھەر ھالدا ئۇنتۇپ قالماپسەن، ـ ئۇ كۆلگىنىچە قولىنى ئۇزاتتى، ـ مەن سېنى يىراقتىنلا تونۇۋالدىم، سەن پەقەتلا ئۆزگەرمەپسەن.

بۇ مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئىدى، مەكتەپتە ئۇنى «ئېلى قان» دېسە تونۇمايدىغان ئادەم يوق ئىدى، چۈنكى ئۇ كۈنىگە بىرەر بالا بىلەن ئۇرۇشمىسا كۈنى ئۆتمەيتتى، كېيىن ئۇنى تەرجىمانلىق كۇرسىتا ئوقۇپ، بىر ئىدارىدە تەرجىمان ئىكەن دەپ ئاڭلىغانىدىم. مانا توپ توغرا 20 يىلدىن كېيىن كۆرۈشۈپ تۇرۇپتىمىز، ئۇ ئاللىقاچانلا مېنىڭ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

ـ مەن سېنى قاتناشتا دەپ ئاڭلىغانىدىم، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن؟

ـ بىزنىڭ باشلىقنى يولغا سالغىلى كەلگەن.

ـ بۇ گەپچە كىچىك ماشىنا ھەيدەۋاتقان ئوخشىماسەن؟

ـ ھەئە. ئۆزۈڭچۇ؟

ـ شۇ تاپتا گۇاڭجۇدىن كېلىشىم. ھازىر شىركەتكە چىقىۋالدىم، ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ تۇرىمەن، يازدىن قازاقىستان، ئۆزبېكىستانلارنى ئايلىنىپ كەلدىم. . . ھە، باشلىقىڭنى يولغا سالدىڭمۇ؟

ـ ھەئە، ھازىر ماڭدى.

ـ ئەمدى ئۆيگە كېتەمسەن؟

ـ شۇنداق قىلىمەندە.

ـ شۇنداق بولسا مېنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇسەندە، ساۋاقداشلىقنىڭ يۈزىنى قىلارسەن؟ يا سەنمۇ كىرا ھەققىنى تۆلە دەمسەن؟

بۇ شەھەرلىكلەرنىڭ ئاغزىدىن پۇلدىن باشقا گەپ چىقمايدۇ ـ دە، قەيەرگىلا بارساڭ شۇ گەپ، ھاياتتا ئۇنىڭدىن باشقا مەنە يوقتەكلا، چىمەن بىلەنمۇ شۇ توغرىلىق نەچچە قېتىم تاكاللىشىپ قالدۇق. ئۇ ئاستىڭىزدىكى ماشىنىدىن پايدىلىنىشنى بىلمەيسىز، دەپ كوتۇلدايتتى. نېمە قىلسام بولىدۇ، كىراكەشلىك قىلايمۇ؟

ـ ماشىناڭ يېڭى ئىكەنا، ـ ئېلى ماشىنىغا چىقىپ ئىچىگە كۆز يۈگۈرۈتتى، ـ ئېيىغا 4ـ5 يۈزنى تېپىۋاتقانسەن؟

ـ نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن؟

ـ ۋاي، مەندىن يوشۇرۇۋەن دېمە، ـ ئۇ بېشىنى چايقىدى، ـ ئۇرۇمچىدىكى كىچىك ماشىنا ھەيدەيدىغان شوپۇرلارنى ئوبدان بىلىمەن، كۈندۈزى باشلىقنى توشۇسا، ئاخشىمى مەيخانىلاردىكىلەرنى كىرا قىلىدۇ. كۆلۈسەنغۇ، يالغانمۇيا؟ ـ ئۇ، نەق يېرىڭدىن چۈشتۈممۇ دېگەندەك مېيىقىدا كۈلۈمسىرىدى، ـ ئاددىيسى

بىر تويىنى كۆچۈرۈپ قويسالا يۈز سوم بېرىدۇ، بىر ئاي دېگەندە ئۇنداق تويدىن نەچچىنى كۆچۈرىسەندە... بازار ئىگىلىكى دېگەن گەپ بىلەن ھازىر خەقنىڭ كۆزى ئېچىلىپ كەتتى، ئەگەر پارتىيە باشتىلا مۇشۇ سىياسەتنى يولغا قويغان بولسا قىيىنچىلىقلارنى كۆرمەس ئىكەنمىز، راست... بىزنىڭ بىنادا بىر شوپۇر بار ئىدى، بىچارىنىڭ ئايالى ئىشسىز، تۆت بالىسى بار، تۇرمۇشتا ئاران-ئارانلا كۈننى ئالاتتى، ھازىر دېگەن قالتىس بولۇپ كەتتى دېگىنە، دىققەت قىلسام كېچىچە كىرا تارتىدىكەن، ئەتىسى باشلىقنى ئاپىرىۋېتىپلا ئىشخانىدا ئۇخلايدىكەن، بۇرۇن بىرەر ئىشلىرىمىز بولسا ياق دېمەي مېڭىپ بېرەتتى، ھازىر ماي يوقلا دەيدۇ، يىگىرمە سومنى يانچۇقىغا سېلىپ قويسالا گەپ قىلماي ماڭىدۇ. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئوغلىغا بىر كىچىك ماشىنا ئېلىپ بەردى. ھازىر تاكسىچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

- سەن نېمە بولۇپ شىركەتكە چىقىۋالدىڭ؟- مەن گەپنى يۆتكەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھېكايىسىنى بۆلدۈم.

-تەرجىمانلىق دېگەن ئىشتىن تويۇپ كېتىپ چىقمايمەنمۇ، ئون نەچچە يىل ھۆججەت تەرجىمە قىلىپ ئۆتتۈپتىمەن، ئايلىقىم ئۈچ يۈز كويدىن ئاشمىدى. قوشۇمچە بىر ئىش قىلاي دەپ ژۇرناللاردىن ھېكايىلارنى تەرجىمە قىلىپ باقتىم، شەھەردىكى تەرجىمانىنىڭ تولىلىقىدا ماڭا ئۆچىرەت تەگمىدى، ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرلىرىمۇ نام - ئابرويىڭغا قاراپ مۇئامىلە قىلىدىكەن، بىر يىل كېچىلىرى چىراغ تۈۋىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئىشلەپ، ئاخىرىدا بىر پارچىمۇ نەرسەمنى چىقىرالمىدىم، تەرجىمان دېگەنگە ئەمەلمۇ ئاسان تەگمەيدىكەن، ئاخىرى ئويلاپ بېقىپ، «كۆتەر» دېدىمدە، چېكىنىپ چىقىپ ئوقەتكە كىرىشتىم، سوۋېتكە ئۈچ - تۆت مېڭىۋىدىم، 40-50 مىڭ بىر نېمە بولۇپ قالدى، چوڭراق بىر ئىش قىلاي دېسەم يالغۇز كېلىپ قالدىم، ئاخىرى بىر نەچچە ئوقەتچى بالىلار بىلەن شىركەت قۇرۇپ سودا قىلىۋاتىمىز.

- نېمە سودا قىلىسىلەر؟

- ئاساسەن رەخت سودىسى قىلىمىز، سودىگەرلەرگە توپلا ئۆتكۈزىمىز، بۇ دورامىمۇ بىر مىليونلۇ مال توختام تۈزۈپ كەلدىم.

ئاتتىڭغۇ كاساپەت، دېدىم ئىچىمدە، - كىم بىلىدۇ، «رەخت» دەپ خىرويىننى ئېلىپ كەلدىڭمۇ تېخى...

-خوجايىنىڭ قانداقراق؟- ئۇ تاماكا تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ سورىدى،- ئىسمى كىمۇ؟

- پولات.

- پولات؟ - ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى،- ھېلىقى ھۆكۈمەتتىكى تەرجىمان پولاتمۇ؟

- ھەئە. سەن تونۇمسەن؟

- نېمىشكە تونۇمايمەن، بىز بىللە ئوقۇغان تۇرساق، - ئۇ قولىنى سىلكىپ قويدى،- ۋاي، پولاتنىڭ شوپۇرىمەن دېگىنە، ياخشى، ياخشى، تەرجىمانلىقنىڭ دۆلىتىنى كۆردى دېسە شۇنى دېسە بولىدۇ، تەلەيلىك نېمىكەن، چوڭ باشلىققا كۈيئوغۇل بولۇۋېلىپلا ئۆسۈپ كەتتى... ھازىرمۇ ھېلىقى سىل كېسەل خوتۇنى بىلەمنۇ؟

- ھەئە.

- بىچارە پولاتقىمۇ قىيىن،- ئېلى بېشىنى چايقاپ قويدى، - يا بۇ خوتۇن ئۆلمىدى، يا ئۇ ۋاز

www.uyghurkitap.com



كېچەلىمىدى، مەكتەپتىكى چاغدا ئۇ ھەلىمە دېگەن قىز بىلەن يۈرەتتى، باشقىلار ئۇبىيېكتىلىرىنى نەچچە قېتىمدىن يۆتكەپ بولۇشسىمۇ بۇلار تۆت يىلغىچە تەۋرەپمۇ قويۇشمىدى، ھەممىمىز ئۇلارغا قايىل بولغاندۇق، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۇلار خۇددى ئەر - خوتۇندەك يۈرۈشەتتى، كېيىن ئۇقسام پولات ھېلىقى ئالۋاستىنى ئېلىۋاپتۇ، بىز توۋا، دېيىشىپلا قالدۇق، بايام ئۇ يىراقنى كۆزلىگەنىكەن، لېكىن بىچارە ھەلىمە پولاتنىڭ ئەلىمىدە ساراڭ بولاي دەپ قالدى. ئون يىلدەك يالغۇز ئۆتۈپ، ئاخىرى ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش چوڭ، ئۆيلەنگەن بىر ئادەمگە تەگدى.

- ئۇ ھەلىمە نەدە ئىشلەيدۇ؟ - سورىدىم مەن.

- تاشقى سودىدا، ئۆيى ئوتتۇراكۆۋرۈكتە بولىدىغان، نېمە، سەن تونۇشامسەن؟

- ياق، - دېدىممەن ئىتتىك، - باشقا بىر ھەلىمەنى تونۇيتتۇم، شۇمىكىن دېگەنىدىم.

-ھوي، ئۆيگە كېلىپ قاپتۇققۇ، - ئېلى كوچىغا قاراپ ماشىنىدىن چۈشۈشكە تەمشەلدى.- يۈرە، ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتكىن.

- رەھمەت، - دېدىممەن، - كېيىنچە كېلەرمىز.

- كېلىشىپ قويغان ئىشىڭ بار ئوخشايدۇ -دە، - ئۇ ماڭا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى، - باشلىق قايتىپ كەلگۈچە خېلى تاپاۋەت قىلىۋالسەڭغۇ، پولات كەلسە چېقىپ قويمەن جۇمۇ!

-نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن.

- بولدى، مەندىن يوشۇرۇپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ، چاقچاق قىلىپ قويدۇم، ھە راست پولات كەلگەندە ئاڭا بىر خەۋەر بەرسەڭ بوپتىكەن.

- نېمە قىلىپسەن؟

— راست گەپنى قىلسام تىرىكچىلىكتە ئەمەلدارلاردىنمۇ ئاغىنە تۇتۇپ قويمىساڭ بولمايدۇ، دېگىنە، ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ئاقساقالنىڭ كۈيئوغلى، خېلى يەرلەرگە گېپى ئۆتىدۇ. شۇڭا ئۆيگە بىر باشلىۋالغۇم بار. بۇ ئىشلارنى سەن توغرىلايسەن - دە. . . ماۋۇ مېنىڭ تېلېفونۇم، - ئۇ قويۇن يانچۇقىدىن ئىسمىنامە بېسىلغان كارتوچكىنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى،- ئەمسە ئېسىڭدە بولسۇن جۇمۇ، سېنىڭ تېلېفونۇڭنى كۈتىمەن!

ئۆيگە بارغىچە ئېلىنىڭ دېگەنلىرى كۆڭلۈمدىن چىقماي قويدى، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئالدىراش كېتىۋاتقان كىشىلەر شۇ تاپتا كۆزۈمگە پۇل تېپىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئاۋۇ گەپلىشىپ تۇرغان ئىككىيلەنمۇ بەلكىم سودا قىلىشىۋاتقاندۇ، مەن بولسام باش - ئايىغى يوق خىياللار بىلەن كېتىۋاتىمەن، مەن نېمە بولغان ئادەممەن؟ ئۆيدە خوتۇننىڭ چىرايىغا، ئىدارىدە باشلىقنىڭ كۆزىگە قاراپلا ئۆمرۈم ئۆتەمدۇ؟ چىمەن مېنى بىرەر ھەرىكەت قىلمايسىز، دەپ ئەيىبلەيدۇ، لېكىن شۇنىڭغا ۋاقىت، شارائىت قېنى؟ ياكى باشلىق قايتىپ كەلگۈچە تەلەي سىناپ باقايمىكىن؟

9

مېنىڭ خىيالىم ئەمەلگە ئېشىپ بولغۇچە نازىرىمۇ قايتىپ كېلىپ بولدى - دە، كۆڭلىرىم يەنە ئالدىراشلىقتا ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەتىگىنى سائەت سەككىزدىن بۇرۇن ماشىنىنى ئېرتىپ تازىلاپ باشلىقنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا ئۇنۇپ بولۇشۇم كېرەك، كەچتە بولسا يەنە تۈگىمەيدىغان يىغىن - زىياپەت، مېھماندارچىلىق. . .

باشلىق بۇ نەچچە كۈندىن بۇيان نېمىشقىدۇر ئوتتۇرا كۆۋرۈككە بېرىشقا ئالدىرىمايۋاتاتتى، ئايالىدىن ئېھتىيات قىلىپ قالدىمىكىن، ياكى مېنىڭ ئېيتىپ قويۇشۇمدىن ئۆزىنى تارتىۋاتامدىكىن. بىر قېتىم سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئەتىگە ئوتتۇرا كۆۋرۈك بىلەن ماڭدىم، مەن ئالدىمدىكى كۆرسەتكۈچ ئەينەككە پات - پات قاراپ قويىمەن، كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇ ئولتۇرالماي قالدى، ھەدەپ ماشىنا ئەينىكىدىن سىرتقا - ياندىكى كوچىغا ئۇمىدلىنىپ بېقىپ توختاپ قالدى. بىز تار كوچىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇ كەينىگە قايرىلىپ قاراپ قويدى، شۇ تۇرقىدا ئۇ سالاپەتلىك نازىرغا ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت ئوتىدا خۇدىنى يوقاتقان يىگىتكىلا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇلۇغ بىر خۇرسىندى - دە، شۈك بولۇپ قالدى.

- توختاڭ! ماشىنىنى توختىتىڭ!

باشلىقنىڭ تۇيۇقسىز بەرگەن بۇيرۇقىدىن چۆچۈپ كەتتىم. نازىر ئىشىكتىن ئالدىراپ چىقىپ، پىيادىلەر يولىدا كېتىۋاتقان ئايالنى چاقىردى. ئايالمۇ ئۇنى كۆرۈپ كەينىگە ياندى. مەن ماشىنا ئەينىكىدىن ئۇ ئايالغا سەپسالدىم. ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈك، زىلۋا قامەتلىك بۇ ئايالنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالغان كىيىمى شۇنداق ياراشقانىدى. نازىر ئۇنىڭغا تىكىلگەن ھالدا ھەدەپ بىرنېمە دېمەكتە ئىدى، ئايال بولسا مۇرىسىدىكى چىرايلىق سومكىسىنى سىلىغىنىچە ئۈن - تىنسىز تىڭشايتتى، ئارىلاپ توفلىيىنىڭ ئۇچى بىلەن يەرنى سىجاپ قوياتتى. ئايال ئاخىرى سائىتىگە قاراپ قويۇپ بىر نېمە دېدى ۋە مېڭىشقا تەمشەلدى، نازىر ئايال دوقمۇشتىن قايرىلغىچە كەينىدىن قاراپ تۇردى.

- نەۋرە سىڭىل بولىدۇ، - نازىر ماشىنىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ ماڭا چۈشەندۈردى، - ئوغلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەنتى، شۇنىڭغا ياردەم قىلساڭ دەيدۇ. . .

مەن كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇۋالدىم. ئەتىسى كەچقۇرۇن ئىشتىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئۇ تۇيۇقسىزلا:

- ئوتتۇرا كۆۋرۈك تەرەپ بىلەن ماڭايلى، بىزنىڭ سىڭىلغا بالىسىنىڭ ئىشىنى دەپ قوياي، - دېدى.

ئۇلار تۈنۈگۈن كېلىشىپ قويغان ئىكەن - دە، - ئويلىدىم ئىچىمدە، بەلكىم بۈگۈن يولدىشى ئۆيدە يوق بولۇشى مۇمكىن، تار كوچىنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە ماشىنىنى توختاتتىم.

- بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ، - ئۇ ماشىنىدىن ئالدىراپ چۈشۈپ تار كوچىغا كىرىپ كەتتى.

مەن سائىتىمگە قارىدىم، سائەت توپتوغرا ئالتە يېرىم بوپتۇ. چىمەن قانچە تىت - تىت بولۇۋاتىدىكىن، بۈگۈن ئۇنىڭ يېقىن بىر دوستى قاتار چايغا چاقىرغان بولۇپ، چىمەن كەچتە بالدۇرراق كېلىشىمنى قايتا - قايتا تاپىلىغانىدى، ئۇ بۈگۈن «مىرسىدىس»تا بېرىپ ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى ئىدى- دە. . . لېكىن ماڭا نېمە ئامال؟ كىچىك ماشىنىنىڭ شوپۇرى بولدى دېگەن سۆز باشلىققا ئايال بولۇپ تەگكەندەكلا گەپ ئىكەن، تور دېگەن يەردە تۇرۇشۇڭ، ماڭ دېسە مېڭىشىڭ كېرەك، سېنىڭ ئۆيۈڭ، دەم ئېلىشىڭ بىلەن ئۇنىڭ قىلچە كارى يوق. تېخى نۆۋەتتە كەلسە ھازىرقىدەك سېنى ئىشىك تۈۋىدە ساقلىتىپ قويۇپ، ئۆزى ئاشنىسى بىلەن ئوينايدۇ، مەن ئەمدى ئىشىك باققۇچى بولۇپ قالدىممۇ؟ . . . ئويلىغانسېرى ئاچچىقىم كېلىپ بېشىمغا ئاغرىق كىرىپ كەتتى.

مەن ئالدىرىغانسېرى نازىرنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى، شۇ تاپتا چىمەن بوغۇلۇپ قالاي دەۋاتىدۇ-دە.

www.uyghurkitap.com

لېكىن ھەممىسى ئۆزۈك تاپقان ئىش. مېنى باشلىقنىڭ قولى قىلىپ قويغان ئۆزۈكىدىن كۆر. . .

سائەت توققۇز بولاي دېگەندە نازىر يېنىپ چىقتى. ئۇ ماشىنىغا كىرىشىگە بۇرنۇمغا گۈپپىدە ئەتىرنىڭ پۇرىقى كەلدى، بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ يۈرىكىم سىقىلغاندەك بولدى.

— ئۆيدە مېھمىنى بار ئىكەن، تۇتۇلۇپ قالدىم، — نازىر ھاسىرىغىنىچە ماڭا چۈشەندۈردى.

ئاناڭنىڭ قېشىدا مېھمان بولامدۇ، ئەلەم بىلەن ئىچىمگە تىنىدىم، ئاچچىقىمدا ماشىنىنى بولۇشىغا تېــز ھەيدىدىم، تۇرۇپلا كاللامغا ماشىنىنى ستولبىغا ئۇرايمۇ دېگەن خىيالمۇ لىپ قىلىپ كېلەتتى، مەن ئالدىمدىكى ئەينەكتىن ئۇنىڭ خاۋاتىرلەنگەن ھالدا ماڭا قاراپ - قاراپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمەن، ئۇمۇ مېنىڭ ئاچچىقىمنىڭ كەلگەنلىكىنى سەزگەن بولسا كېرەك، سەزسۇن، مېنىڭمۇ ئادەم ئىــكــەنلىــكــىمــنى بىلسۇن، مېنى نېمە كۆرۈۋاتىدۇ، خوتۇنۇڭنى ئالدىغىنىڭ بىلەن مېنى ئەخمەق قىلالمايسەن. . .

مەن يول بويى بىر ئېغىز گەپ قىلمىدىم. نازىرنىڭ قورۇسىغا كىرگەندە چىراغنىڭ يورۇقىدا ئىشىك ئــالدىــدا تۇرغان گەۋدىگە كۆزۈم چۈشتى، شاراپەت خۇددى قاتۇرۇپ قويغان بۇتتەك دەرۋازىغا قاراپ تۇراتتى.

— ئاۋۇ تۇرغان شاراپەتمۇ نېمە؟ — نازىر ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۈن قاتتى.

مەن ماشىنىنى يېقىن ئەكېلىپ توختاتقىچە ئۇ ئورنىدىن مىدىرلاپمۇ قويمىدى، ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، ئاۋاق يۈزى سۇرلۇك تۇس ئالغانىدى، نازىر ئالدىراپ ماشىنىدىن چۈشتى.

— نېمانداق تالادا تۇرۇپ كەتتىڭىز؟ — نازىر مۇلايىملىق بىلەن سورىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ماڭا تىترەپ چىققاندەك ئاڭلاندى.

— بۇ كەمگىچە نەلەردە يۈرۈيسىز؟

— ئىدارىدە. . . مەجلىس ئاچتۇق.

— يالغان گەپ قىلماڭ، — شاراپەت ئۇنى قوپاللىق بىلەن سىلكىدى، — مەن تېلېفون بەرسەم بالدۇرلا كەتتى دېدىغۇ؟! ھەقاچان يەنە ھېلىقى ھەلىمە بۈزۈقنىڭ يېنىغا بارغانسىز؟

— ھــەي شــاراپــەت، نېــمە بولدىڭىز؟ — نازىر ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى، — يۈرۈڭ ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى.

— نېرى تۇرۇڭ! — ئۇ نازىرنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ھاجى، راست گەپنى قىلماڭ، ئۇ بۈگۈن نەگە باردى؟

مەن ھودۇقۇپلا قالدىم.

— ھېچ يەرگــە. . . ئىدارىدىن كېلىشىمىز. . . — ئاغزىمغا شۇ گەپ كــەلدى. شاراپــەت شــۇ تــاپتــا ئــۇزۇن تىرنــاقلىرى بىلەن گېلىمنى بوغىدىغانغا تەييار تۇرغان ئالۋاستىغىلا ئــوخشــاپ قــالغــانىدى، ۋۇجۇدۇمغا مۇزدەك تىترەك ئۆلاشتى. نازىر بولسا غىپلا قىلىپ بىنانىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كەتتى.

— سىز مېنى ئالدىماقچى بولۇۋاتامسىز؟ — شاراپەت ماڭا غەزەپ بىلەن ھۆركىرىدى، — سىزنىڭ قالتىس ھۈنىرىڭىز بار ئىكەنغۇ، شۇنداق ئىشنى قىلغىچە ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ - ھەي سولامچى، ھــەقىچان خوتۇنىڭىزمۇ سولاپ بەرگەنسەن لاتا! ھەي نومۇسسىز رەسۋالار، سىلەر ئۆزۈڭلارچە

مېنى مۇشۇنداق قىلىپ بوزەك قىلىمىز دەۋاتامسىلەر، خام - خىيال قىلىپسىلەر، مېنىڭ سەن بۇزۇقلارغا تېتىغۇچىلىكىم بار، ئەپتى - بەشىرەڭلارنى چۇكۇپ داد دېگۈزمەيدىغان بولسام قاراپ تۇر، سەن سولامچى ئەمدى بۇ ماشىنىنى ھەيدەيمەن دېگۈچى بولما، ئاڭلىدىڭمۇ؟!

شاراپەتنىڭ چىرايى كۆكىرىپ، ئاغزىدىن كۆپۈك قايناۋاتتى، مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي داڭقېتىپلا قالدىم، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ يەر پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى، يۈرىكىم سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى. بۇ نېمە ئىش، دەيتتىم ئۆزۈمگە، مەن نېمە گۇناھ قىلدىم زادى، نېمە رەسۋاچىلىق بۇ؟!

قوشنىلار دېرىزىلىرىدىن قارىماقتا ئىدى. سىرتتىن كىرگەن ئىككى ئايال تاماشا كۆرگىلى يېقىن كېلىپ تۇرۇشتى. مەن ئۆمرۈمگە كېلىپ بۇنداق ئاھانەتنى ئاڭلاپ باقمىغانتىم. مەن ئاچچىق بىلەن ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئاتتىم:

- ئېلىڭ مانا، ئۆزىڭىز ھەيدەڭ! - دېدىمەن ۋارقىراپ تۇرۇپ ۋە كەينىمگە قارىماستىن قورۇدىن چىقىپ كەتتىم. ئاچچىق ئەلەم يۈرىكىمنى چوغ بولۇپ كۆيدۈرەتتى. ئاچچىقىمدا دۇكانلارنىڭ ئەينىكىنى چاققۇم، بىرەرى بىلەن تازا مۇشتلاشقۇملا كېلەتتى، سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. مەن ئۇدۇل كەلگەن بىر قاۋاقخانىغا كىرىپ، بىر بوتۇلكىنى ئالدىم - دە، شۇ يەردىلا يېرىمىنى ئىچىۋەتتىم، باياتىن يۈرىكىمنى سىققان ئاچچىق نەگىدۇر تاراپ كەتكەندەك بولدى، كۆڭلۈم خېلى ئېچىلىپ قالدى، ئەمدى مېنىڭ ناخشا ئېيتقۇم، ئۇسسۇل ئوينىغىملا كېلەتتى...

10

ئالدىمدا تونۇش يول...

ئەگىم دەريادەك تاغ باغرىنى يۆگەپ يىراقلارغا سوزۇلغان قارىماي يول، قارامتۇل كۈل رەڭ تاغلار، جىمجىت دالا.

مەن تۆپىلىكتە ماشىنامنى توختىتىپ يەرگەن چۈشتۈم، كېچىدىن ياغقان يامغۇر يولنىڭ ئويمان-چوڭقۇر يەرلىرىدە كىچىك - كىچىك كۆلچەكلەرنى ھاسىل قىلغانىدى، تاغ تەرەپتىن ئۇرۇۋاتقان سالقىن نەمخۇش ھاۋا تەنگە ھوزۇر بېرەتتى. پەستىلا جىرا ئىچىدىكى ئېرىقتا ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى يېقىملىق شىلدىرلايتتى. ئېرىق بويىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ چۈچۈمەل پۇرىقى بۇرۇنغا ئۇرۇلاتتى.

مەن قايرىلىپ پەسكە قارىدىم، يېيىلىپ ياتقان شەھەر ئۈستىدە كۈلرەڭ پەردىدەك ئېغىر، قېلىن تۇمان ئېسىلىپ تۇراتتى. شۇ تۇمان ئارىسىدىن چوقچايغان ئاقۇش بىنالار، تۇمشۇقى ئىس بىلەن قارىداپ كەتكەن تورخۇنلار خىرە - شىرە كۆرۈنەتتى. تورخۇنلاردىن چىقىۋاتقان قاپقارا ئىس ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، ئاستا - ئاستا يېيىلماقتا، شەھەر ئۈستىدىكى تۇماننى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرماقتا ئىدى. كوچىدىكى ئېلېكتر چىراغلىرى قويۇق تۇمان ئىچىدە سۇس پىلدىرلايتتى.

www.uyghurkitap.com





تۇۋەندە كۆرۈلدىگەن ماشىنا ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە ھايال ئۆتمەي تۆپىلىكتە يوكنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئاچچىق لىچىرلاپ «دوڭفىڭ» ماركىلىق ماشىنا چىقىپ توختىدى.

- ھاجى!

كابىنكىدىن تۇرسۇن جەرەن چۈشۈپ كەلدى. ئۇنىڭ قىيسىق كۆزلىرى مۇغەمبەرلىك بىلەن ئويناپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن كالۇندىن ئايرىلغاندىن بۇيان كۆرۈشۈپ باقمىغاندىم. بىز قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق.

- بۇ يەردە نېمە قىلىپ تۇرسەن؟ - دېدى ئۇ ئاندىن ماشىنامغا كۆز يۈگۈرتۈپ سورىدى، - قارا ماشىنا ھەيدەۋاتامسەن؟

- ھەئە، — دېدىمەن بېشىمنى لىڭشىتىپ.

- مەن ئۆز ۋاقتىدا ساڭا دېمىدىممۇ، ئۇ كىچىك ماشىنا دېگەننى سەن بىلەن بىز ھەيدەيدىغان نېمە ئەمەس، دەپ. بۇ ئىدارىنىڭ تۇرمۇش ماشىنىسى ئوخشىمامدۇ؟

- ياق، - دېدىمەن ئۇنىڭغا نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشۈمنى بىلمەي، - مەن ئۇ ئىدارىدىن يۆتكىلىپ كەتتىم.

- شۇنداقمۇ؟ ھازىر قايسى ئىدارىدە ئىشلەۋاتىسەن؟

- شىركەتتە، بىر ئاغىنىمىزنىڭ شىركىتىدە.

- لاۋبەن بولۇپ كەتتۇق دېگىنە، - «تۇرسۇن جەرەن» دولامنى قېقىپ قويدى، - پۇلى ياخشى ئوخشايدۇ-دە؟

ئۇنىڭغا نېمە دەپ چۈشەندۈرىمەن، ئاخىرى «ھەئە» دەپ بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم.

- ھە، ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ - دېدىم مەن گەپنى ئۆزىگە يۆتكەپ.

– يامان ئەمەس، ئۆتكەن ياز نەچچە ئاي قازاقىستانغا مال توشۇدۇق، ۋاي ئاداش، قىزلار دېگىنىڭ شۇ يەردە ئىكەن دېگىنە، سۇرەت، سۇرەت، لېكىن دوللار دەيدىكەن ئەمەسمۇ، يانچۇق دېگەننى سىرىپلاۋەتتى. . . بۇ يىل ياسىن قوتازلار مېڭىۋاتىدۇ.

–چەت ئەلنىمۇ كۆرۈۋەتتىم دېگىنە.

– كۆرمەك تۇرماق شاما قىلىۋەتتۇق دېگىنە، – ئۇ چايقىلىپ تۇرۇپ كۈلدى، – سەن نەگە ماڭىدىڭ؟

–تۇرپانغا، ئۆزۈڭچۇ؟

– ئەزىزانە قەشقەرگە، ماقول ئەمسە، مەن ماڭغاچ تۇراي، – ئۇ ماشىنىغا قاراپ ماڭدى، مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ كابىنكىسىدا قىرقىما چاچ، دومىلاقىنە بىر ئايالنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم، ئۇ كابىنكىغا چىقىۋېتىپ ماڭا قاراپ كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ قويدى.

تۇرسۇن جېرەن ئۇزاپ كەتتى، شەرق تەرەپ سۇزۇلۇپ، شەھەر ئۈستىنى قاپلاپ تۇرغان قېلىن تۇمان شەپەق قوينىغا كىرىپ يىتىشكە باشلىدى. كوچىلار، دەل ـ دەرەخلەر ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. شەھەرنىڭ يېڭى بىر كۈنى باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. مەن سائىتىمگە قارىدىم، سائەت بەش يېرىم بوپتۇ، چىمەن ھازىر ئورنىدىن تۇردى، يەنە بىردەمدىن كېيىن كوچىنىڭ دوقمۇشىغا سۈت ئالغىلى چىقىدۇ، سۈتنى ئەكېلىپ بولۇپ بالىلارنى ئويغىتىدۇ، نەچچە ۋاقىتتىن سۈتنى مەن ئەكىرىپ بېرەتتىم، ئەمدى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يەنە چىمەننىڭ ئۆزىگە قالدى، ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ تەس. مەن نېمشقا مۇشۇ شوپۇرلۇقنى ئۆگەنگەن بولغىيتىمكىن، مۇشۇنىڭ ئورنىغا ئاشپەزلىكنى ئۆگەنگەن بولسامۇ ماڭا مۇشۇ سەرسانلىق يوق ئىدى. . .

ھېلىقى كۈنى مەستچىلىكتە يېرىم كېچىگىچە كوچىنى چىگداپ يۈرۈپتىمەن، بىر كىمدە سەل ـ پە سەگىپ ئۆزۈمنىڭ باشقا كوچىغا كىرىپ كەتكىنىمنى بىلدىم، يېرىم كېچە بولغاندا ئاران ئۆينى تېپىپ كەلدىم. چىمەن مېنىڭ تۇرقۇمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

– نەلەردە يۈرۈيسىز؟ تۇۋا، مۇشۇنچىۋالامۇ ئىچكەن بارمۇ؟ – ئۇ مېنى يۆلەپ سافاغا ئولتۇرغۇزدى، – قاراڭا كىيىملىرىڭىزنىڭ بولۇپ كەتكىنىنى. . .

– سۇ. . . – دېدىمەن ئاران.

مۇزدەك سۇنى ئىچىپ تىلىم گەپكە كەلدى. چىمەن بولسا ھەدەپ مېنىڭدىن سوئال سورايتتى.

– ماشىنىڭىز قېنى؟

– ئىنگىسىگە بېرىۋەتتىم.

– نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ؟ – چىمەننىڭ كۆزلىرى جىددىيلىكتىن چەكچەيدى، – نەدىكى ئىنگىسىگە؟

– نازىرنىڭ ئالۋاستى خوتۇنىغا تاپشۇرۇپ بەردىم.

– ئۇ ئايال كەچقۇرۇن نەچچە تېلېفون بېرىپ سىزنى سورىغانتتى.

– ئۇنداق خوتۇننىڭ ئانىسىنى. . .

– ۋېيەي ماۋۇ بۈگۈن ساراڭ بوپتۇغۇ، – چىمەن بېشىنى چايقىدى، – بولدى، بولدى، يېتىڭ، ئەتە يەنە ئىشقا بارىدىغان گەپ.

www.uyghurkitap.com



ـ ئىشقا بارمايمەن، مېنى ئويغاتما!

چىمەن تېگىرقاپ جىددىيلەشتى.

ــ نېمىشقا، زادى نېمە بولدى؟

ـ دېدىمغۇ ئىشلىمەيمەن دەپ، گەپ شۇ.

ـ ئەمىسە نېمە ئىش قىلىسىز؟

ـباشقا ئىدارىگە كېتىمەن.

ـ سىز ساراڭ بولدىڭىزمۇ نېمە؟

ـ توغرا دەيسەن، مەن ساراڭ، دوۋت! ساراڭ بولمىسام سېنىڭ گېپىڭگە كىرىپ ئاشۇ باشلىقنىڭ مالىيى بولامتىم، ئىشكىنى باقامتىم؟

ـ بۇ گەپچە ئۆزىڭىزچە كىچىك ماشىنىنى ھەيدىگەننى ھار ئېلىپ كېتىپسىز ـ دە، يەنە جاڭگالنى سېغىنىۋاتقان ئوخشىمامسىز؟

ـ شۇنداق، جاڭگالنى سېغىنىۋاتىمەن، سەن ماختىغان شەھەرنى تازا كۆردۈم، قۇلاق ـ بۇرنىمۇغىچە يېدۇم، ھەممىسى كاززاپ، بۇزۇقلار، ئۇلارغا قارىغاندا يېزىنىڭ دېھقانلىرى مىڭ ياخشى.

چىمەننىڭ چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.

ـمەن سىزنى ئادەم قىلالمايدىغان ئوخشايمەن... جاڭگالدا ھاڭراپ ئۆزگەنگەن ئېشەك بازارغا يارىماپتۇ دېگەن شۇدە.

ـ مەن ئېشەك، سولاپچى ئېشەك، ئەمدى سەنمۇ شۇنداق دېگىن!

ـ ھاجى، نېمانداق تەتۈرلۈك قىلىسىز؟ـ چىمەن ئەمدى يالۋۇرۇشقا ئۆتتى، ـ بىر ئوبدان خىزمىتىڭىزنى تاشلاپ باشقا يەردە نېمە بار...

ـ قورۇپ كەتسۇن، ئىشلىمەيمەن دېدىم ئىشلىمەيمەن!

ـ بوپتۇ، كېتىڭ! ـ چىمەن يىغا ئارىلاش توۋلىدى، ـ سىزگە ئۆي، باللار لازىم بولمىسا كېتىڭ، كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولماڭ!

ئۇ ئىشكىنى جالاقشىتىپ يېپىپ نېرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى ئويغانسام ئۆيدە ھېچكىم قالماپتۇ، چىمەن ئورۇن ـ كۆرپىلەرنىمۇ يىغماي كېتىپتۇ، ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىكى چىنە ـ قاچىلارمۇ شۇ پېتى يېيىلىپ تۇرىدۇ، چىمەن ھېچقاچان ئۆينى بۇنداق تاشلىمىغانىدى، ھەر قانچە ئالدىراش بولسىمۇ ھەممىنى جاي ـ جايىغا بېسىقتۇرۇۋېتىپ ئاندىن ئىشقا ماڭاتتى. ئېنىق گەپ، ئۇ ماڭا قېيداۋاتىدۇ.

چىمەننىڭمۇ تەس، بىر ئۆينىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئايال كىشى ئۈچۈن ئاسانمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە باللار چوڭ بولغانسېرى ئۇلارنىڭ ئەنسىزچىلىكىمۇ تەڭ ئېشىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ ئوغلۇمنىڭ تەقدىرى مېنى بەك ئەنسىرىتىدۇ. ئۇ ئاخشىمى خېلى بىر چاغلارغىچە ئۆيگە كىرمەيدۇ، قايسى كۈنى چىمەن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇۋېتىپ، يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى تېپىۋاپتۇ، خەتنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتىم، بولار تېخى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغۇ، ئۇلارغا مۇھەببەت خېتى يېزىشنى كىم قويىدى، مېنىڭ ئوغلۇم شۇنداقمىكىن، دېسەم ھەممە ئاتا ـ ئانىلار قاقشايدۇ. قوشنىمىزنىڭ ئوغلى تېخى ئېشىپ ھېلىقى ئاق تاماكىغا ئۆگىنىپ قاپتۇ. ئاپىسىنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى ئوغرىلاپ سېتىپ بولاي دېدى. بىزنىڭ

ئېلىشاتنىڭ ئۇنى چەككىنىنى سەزمىدىم، لېكىن كىم بىلىدۇ، قىزىق كۆرۈنۈپ ئۇمۇ قىلىپ سالامدۇ، خۇدا ساقلىسۇن. . . ھەر ھالدا سەپسالسام ئوقۇش، دەرس دېگەنلەر ئۇنىڭ كاللىسىغا بارغانچە چۈشمەيۋاتقاندەك قىلىدۇ، مەن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ئۇنى ئۆزۈمنىڭ يېنىدا تۇرغۇزۇپ، شوپۇرلۇق كۇرسىغا بېرەي دېگەنگە كېلىۋېدىم، چىمەن ئاڭلاپ ئىككى پۇتى ئۆرىلا قالدى.

- ئوغلۇمنىمۇ ئۆزىڭىزگە ئوخشاش ماي چاپان قىلاي دەمسىز؟ ياق، شوپۇرلۇق دېگەن سىز بىلەن كەتسۇن.

يائاللا، شوپۇر دېگەننىڭ نېمانچە ئېتى ياماندۇ، بوپتۇ، ئەمدى بۇ بالىنىڭ ئىنسابىنى تىلىمەكتىن باشقا ئامال قالمىدى. . .

تېلېفوننىڭ زېرىكمەي جاراڭلىشىدىن ئورنۇمدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. تېلېفوننى بەرگەن پولات نازىرنىڭ ئۆزى ئىكەن.

- ھەي باشلىق، بارمۇسىزوي؟- ئۇ خۇددى ئارىدا ھېچنەرسە بولمىغاندەك كۈلۈپ تۇرۇپ گېپىنى باشلىدى، - بۈگۈن بىزنى ئىشسىز قويدىڭىزغۇ؟

- بۈگۈن تازا مىجەزىم يوق، نازىر. . .

- شاراپەت سىزنى رەنجىتىپ قويدى. ھە، - دېدى ئۇ ئاۋازىنى ئۆزگەرتمەستىن، - ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداق، كۆڭلىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ. مەنمۇ ئاخشام ئۇنىڭغا بىر مۇنچە تەربىيە بەردىم. . . شۇنداق بولسۇن، چۈشتە كېلىپ ماشىنىنى ئېلىپ كېتىڭ، بولامدۇ؟

مەن نېمە دېسەم بولار، دەپ ئويلاندىم.

- بولسا ماشىنىنى باشقا بىرى ھەيدىسۇنمىكىن نازىر، - دېدىم ئاخىرى تەستە، - مەن كېسەلخانىدا يېتىپ، بىر مەزگىل داۋالانمىسام بولمىدى.

- نېمە، ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟

- كونا كېسىلىم بار ئىدى، ئاشقازان يارا بولغانىدى، كېچىدىن شۇ قوزغاپ قان ياندۇرۇپ كەتتىم، - مەن شۇ گەپنىڭ ئېسىمگە كەلگىنىگە خوش بولۇپ كەتتىم.

پولات نازىرنىڭ ئاۋازى جىمىپ كەتتى.

- ئۇنداقتا، بۇ چاتاق بولدىغۇ، - ئۇ ئاخىرى ئۈن قاتتى، - سىز كېسەلخانىدىن چىققۇچە ماشىنىنى بىرەرى ھەيدەپ تۇرسا بولىدىغان بولدى - دە، سىزچە شوپۇرلارنىڭ قايسىسى مۇۋاپىقراق؟

مېنىڭ كۆز ئالدىمغا شۇ ھامان مۇرات كەلدى.

-مۇرات ھەيدىسە قانداق بولاركىن، ئۇ ماشىنىنىمۇ ئوبدان ئاسرايدۇ، ئۆزىمۇ چاققان. . .

- مۇراتنى دەمسىز؟ - نازىر شۇ ھامان ماقۇللىدى، - مەنمۇ قارىسام شوپۇرلارنىڭ ئىچىدە خېلى دىتى بار يىگىتتەك قىلىدۇ.

- ئۇ چوقۇم سىزنىڭ دېگەن يېرىڭىزدىن چىقىدۇ.

مەن پولات نازىرنىڭ شۇنى تاللايدىغانلىقىنى بىلەتتىم، چۈنكى مۇراتنىڭ يېڭى نازىرنى قوي سويۇپ مېھمان قىلغانلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇ پات -پاتلا نازىرنىڭ ئۆيىگە گۆش ئاپىرىپ بېرەتتى، بىر قېتىم ئۇنىڭ نازىرنىڭ ئىشخانىسىدا مەن توغرىلىق گەپ قىلىۋاتقىنىنى قىيا ئوچۇق ئىشىكتىن ئاڭلاپ قالغانىدىم. ئۇ ھامان مېنىڭدىن بۇ ماشىنىنى تارتىپ ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن مۇشۇ پۇرسەتتە چىرايلىقچە

www.uyghurkitap.com



قۇتۇلاي، ئۇمۇ مۇرادىغا يەتسۇن، شاراپەت ئامان بولسا ئۇنىمۇ كۆرىدىغان كۈنى ئالدىدا. . .

مەن كېسەلخانىدىمۇ ياتمىدىم، تەلىيىمگە پولات نازىر ئىچكىرىگە يىغىنغا كەتتى. مەن قانداق قىلسام بولار دەپ يۈرگەن كۈنلەردە بىر كۈنى ئېلى «قان» ئۇچراپ قالدى، مەن ئۇنىڭغا يۆتكىلىش نىيىتىمنى ئېيتتىم، ئۇ خۇش بولۇپ كەتتى:

- ماۋۇ توغرا كەلگىنىنى كۆرمەمدىغان، مەن تېخى بىزگە ئوبدانىراق بىر شوپۇر تېپىپ بەر، دەپ سېنى ئىزدىمەكچى ئىدىم، شىركەتكە بىر ماشىنا ئالغانتۇق دېگىنە، كېيىنچە ماشىنىلارنى كۆپەيتمەكچىمىز، خاتىرجەم بول، ئىش ھەققىڭنى ھازىرقىدىن ئاشۇرۇپ بېرىمىز. . .

ئوقۇشۇپ كۆرسەم بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ مۇھىمى قولاق تىنچ، يۈك ماشىنىسى ھەيدىگۈدەكمەن، چىمەنمۇ ئىش ھەققىمنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئاڭلاپ، بوپتۇ، دېدى. ئۇنىڭغا مەن شەھەردىن چىقىپ كەتمىسەملا بولاتتى، يۆتكىلىش رەسمىيەتلىرىمنى ئېلى ئۆزى مېڭىپ يۈرۈپ ھەل قىلدى، مانا بۈگۈن يېڭى ماشىنىدا تۇنجى قېتىم شەھەردىن ئايرىلىپ، ئۇزۇن يولغا چىقىشتىم.

كۈن چىقىش تەرەپ ئاقىرىشقا باشلىدى. ئەمدى شەھەرنىڭ ئۈستىدىكى كۆلرەڭ تۇمان سۇزۇلۇپ، خۇددى قەبرىستاندىكى گۈمبەزلەردەك ئېگىز -پەس چوقچايغان شەھەرنىڭ بىنالىرى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تاڭ شامىلى گويا ئاسماننىڭ چېتىدىكى قارامتۇل تاغلارغا تۇتاشقاندەك كېلەڭسىز قارا پەردىنى يۇرلەپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىردەمدىن كېيىن ئاشۇ قىزغۇچ، كۆلرەڭ، ئاپئاق بىنالاردىن خۇددى ئۇۋىسىدىن چىققان چۈمۈلىلەردەك مىغىلداپ ئادەملەر چىقىشىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر كۈنلۈك ئالدىراش، سىرلىق ھەرىكىتى باشلىنىدۇ. . . مېنىڭ كۆزۈمگە ئاشۇ ئادەملەر ئىچىدە زۇنۇن نازىر، زەيتۇنگۇل، پولات، شاراپەتلەرمۇ قوشۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى. زۇنۇن نازىر ئىلگىرىكىدەكلا سۈرلۈك، سالاپەت بىلەن ئاستا قەدەم تاشلايتتى، لېكىن ئۇ ئېغىر ھاسىرايتتى، زەيتۇنگۇل گۈلدەك ياسانغان ھالدا تاقىلداپ دەسسەپ كوچىغا چىقتى ۋە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تاكسىنى توختىتىپ چىقتى، قارىغاندا ئۇ نەگىدۇر ئالدىراپ ماڭغاندەك قىلاتتى، قىپقىزىل بوغماق چاپان كىيگەن، يالاڭباش پولات بىنا ئىشىكىدىن ئالدىراپ چىقتى ۋە ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان يېپيېڭى «مىرسىدىس» قا قاراپ قولاشمىغان بىر سالاپەت بىلەن ماڭدى. ئۇ ماشىنىنىڭ قېشىغا كەلگەندە خۇددى بىرى چاقىرغاندەك قايرىلىپ بىنانىڭ ئۆتنىچى قەۋىتىگە كۆز يۈگۈرتتى، ئۇ يەردە ئوچۇق تۇرغان بالكوندا چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ شاراپەت تۇراتتى. . .

1995 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم



**ئەخەت ھاشىم**

# ياشلىق سىرى

(ھېكايە)

ئاپتوبۇستا ئون نەچچە سائەت قاقڭان قوزۇقتەك ئولتۇرغىنىمىزغا يارىشا ياتاقلار خېلى رەتلىك، پاكىز ئىكەن. ياتاققا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن جېنىمىز خېلىلا ئارام تېپىپ قالدى.

ئېھتىمال سىلەرمۇ يىراق سەپەرگە چىققاندا قىزىق پاراڭلار بىلەن يولنى قىسقارتىپ بېرىدىغان چاقچاقچى، خوش خۇي ئادەملەر بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانسىلەر - ھە؟ بۇ قېتىم ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە قىلغان سەپىرىمدە دەل مۇشۇنداق بىر ئادەم بىلەن بىللە بولۇپ قاپتىمەن، ئۇ كۆرگىنى، ئاڭلىغىنى كۆپ، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن، پاراڭچى ئادەم ئىكەن. ئورنىمىزنىڭ بىر يەردە بولۇپ قالغىنى تېخىمۇ بەلەن ئىش بولدى. باشقىلار ھارغىنلىق ۋە ئاپتوبۇسنىڭ بىر خىل ئەللەيلىشى بىلەن مۈگدەپ ئۇيقۇغا كېتىشكەندىمۇ ئىككىمىزنىڭ پارىڭى توختاپ قالمىدى. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ پېنسىيىگە چىققان كادىرى بولۇپ، قەشقەرگە تۇغقان يوقلاشقا كېتىۋاتاتقان ئىكەن. ئۇ ئاتمىش ياشلاردىن ھالقىغان، ئوتتۇرا بوي، دىقماقتىنە كەلگەن، كالتە بۇرۇتى ئۆزىگە ياراشقان، ساغلام ئادەم ئىدى. پاراڭ قىلغاندا كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا ئىككىمىز چىقىشىپ كەتتۇق.

ئەمدى يەنە بىر ياتاققا ئورۇنلىشىۋالدۇق.

كەچقۇرۇننىڭ نەمخۇش، ساپ ھاۋاسى دېرىزىنىڭ نېپىز پەردىسىنى يېنىك تەۋرەتمەكتە ئىدى. مەن ئىككى ئىستاكانغا پەملە چايدىن دەملەپ، بىرىنى سەپەرداشىمنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدۇم.

ـ قېنى، چاي ئىچىڭ سادىر ئاكا، بىردەم پۇت-قولىمىزنى سوزۇپ ئارام ئالايلى.

ـ رەھمەت . . . رەھمەت، سىزنى ئىشقا سېلىپ قويدۇم ـ ھە.

ـ ھېچقىسى يوق، تۈزۈت قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ـ دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

ـ ياشلارنى ھە دېسە ئۇنداقچى ـ مۇنداقچى دەپ ئەيىبلەۋەرمەسلىك كېرەك، قانداق دېدىم ئۇكام؟ ـ دېدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن چايدىن بىر ـ ئىككى ئوتلاپ قويۇپ، ـ ئاپتوبۇسنىڭ ئارقىسىدىراق ئولتۇرغان ھېلىقى ئىككى ئادەم ياشلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ، سەل ئوغامنى قاينىتىپ قويدى، سىزمۇ ئاڭلىغانسىز ـ ھە؟

ـ ئاڭلىمىدىغان، ئاپتوبۇستىكى ھەممە ئادەم ئاڭلىدىغۇ.

ـ ئەلۋەتتە ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئادەم ئۇنداق گەپلەرنى يافتۇرمايدۇ ـ دە، ـ سادىر ئاكا چاپىنىنى سېلىۋېتىپ كارىۋىتىغا يانپاشلىغاندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، ـ ئۇلار، ھازىرقى ياشلار بۇزۇلۇپ كەتتى، ئەدەب ـ قائىدىنى بىلمەيدۇ، ئاجايىپ ـ غارايىپ كىيىملەرنى كىيىشىۋالىدۇ. قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، دېيىشىپ ياشلارنى ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىر نېمە قىلىۋېتىشتى. ھېلىمۇ ياخشى ئاپتوبۇستا مىجەزى چۇسراق ياشلاردىن يوقكەن، بولمىسا، ياشلار ئارپاڭنى خام ئورۇدىمۇ؟! دەپ راسا ئەدىپىنى بەرگەن بولاتتى.

ـ دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ گەپلىرى ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىدۇ سادىر ئاكا. ياشلار بۇزۇلۇپ نېمە قىپتۇ؟ ئاجايىپ ـ غارايىپ كىيىملەرنى كىيىشىۋالىدۇ دەپ ئادەمنىڭ ياخشى-يامىنىنى ئۇنىڭ كىيىۋالغان كىيىمى بىلەن ئۆلچەيدىغان گەپمۇ؟

ـ شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ـ توغرا، بەش قول ئوخشاش بولمىغاندەك ياشلار ئىچىدىمۇ قىلمىقسىزلىرى بار. ئىككى ـ تۆت سەر ئىچىۋېلىپ ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ، ئادەمنى بىزار قىلىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس، بىراق ئۇنداقلار ھامان ئاز ـ دە. ئۇنداقلارنى ياشلار ئۆزىمۇ يامان كۆرىدۇ. چوڭلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئەخلاقسىز، نائەھلى ئادەملەر يوقمۇ؟

ـ ئەمدى گەپتىن ـ گەپ چىقىپ قالدى. مەن سىزگە بىر لەتىپە ئېيتىپ بېرەي، ـ دېدى سادىر ئاكا بىردىنلا ئىلھامى كەلگەندەك ۋە سەل ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى، ـ كۈنلەرنىڭ بىرىدە نەسىرىدىن ئەپەندىم يولدا كېتىپ بېرىپ مۇزدا تېيىلىپ كېتىپتۇ ـ دە، ئوڭدىسىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىپ مەسخىرە قىلىشىدىن قورققان بولسا كېرەك «ھەي ياشلىق، ھەي ياشلىق» دەپ ئۆزىنىڭ پالاكەتلىكىنى قېرىلىقتا دۆڭگەپ قويۇپ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئەتراپىغا قارىسا ھېچكىم يوقكەن، شۇنىڭ بىلەن «ياشلىقىمدىمۇ تايىنلىق ئىدىم» دەپ قويۇپ كېتىپ بارغۇدەك. شۇنىڭغا ئوخشاش بىزمۇ ياشلىقىمىزدا تايىنلىق ئىدۇق ئۇكام. ياشلىقتا ئادەم بالىسى بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىپ سالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىزگە «ياشلىق ـ بەڭباشلىق»، «ياشلىق ـ ساراڭلىق» دېگەندەك تەمسىللەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟

ـ شۇنداق، بەزى ياشانغان ئادەملەر ھېلىمۇ ياشلىقىدا قىلىپ قويغان بەڭباشلىقلىرى ئېسىگە كېلىپ قالسا خىجىل بولۇپ كېتىدىغۇ، ياشلىق ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ساراڭ چاغلىرى ئىكەن.

ـ شۇنداق، شۇنداق، ـ دېدى ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى تەستىقلاپ ۋە نېمە ئۈچۈندۇر، بىردىنلا جىمىپ كەتتى. مەن شۇ ھامان بۇ ئادەمنىڭ ماڭا بىر نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى، لېكىن ئىككىلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى پەملىدىم ـ دە،

چاقچاق قىلىشقا باشلىدىم:

— ھە، جىمىپ كەتتىڭىزغۇ، ياشلىقتا قىلىپ قويغان بەڭباشلىقىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟ قېنى بىكار ئولتۇرغاندىن ئاڭلايلى.

— ھا. ھا. ھا . . . سىز راستتىنلا موللا تاپقاق ئىكەنسىز، نېمىنى ئويلاۋاتقىنىمنى بىلىۋالدىڭىز، — ئۇ بىر دەم كۈلۈۋېتىپ ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن سىزگە ئېيتسام ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆزىلا بىلىدىغان سىرى بولىدۇ ھەتتا ئۆمۈرۋايەت ھېچ كىشىگە تىنماي ئۆزى بىلەن بىللە ئاخىرەتكە ئېلىپ كېتىدىغان سىرلىرىمۇ بولىدۇ، جۇمۇ! دەرۋەقە مەنمۇ ياشلىقىمدا بىر ساراڭلىق قىلىپ قويۇپ داغدا قالغان. بۇ ئىش ئېسىمگە كەلسىلا يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى چىم قىلىپ قالىدۇ. بۇ ئىشنى ھالا بۈگۈنگىچە ھېچ كىشىگە تىنمىغانىدىم، ئەمدى گەپتىن - گەپ چىقىپ قالدى. بوپتۇ، سىزگە سۆزلەپ بېرەي:

* *

ئاشلىق مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققىنىمغىمۇ ئۈچ يىل بولۇپ قالغان، 24 ياش چاغلىرىم ئىدى، ئۆيلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخى مۇھەببەتلەشكەن بىرەر لايىقىممۇ يوق ئىدى. تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى ئەمدىلا ئىشخانامغا كىرىپ تۇراتتىم، باشقارما باشلىقىمىز مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ:

— ئاپىڭىز ئاغرىقمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە، بىر ئىش بوپتۇمۇ؟ — يۈرىكىم ئېغىپ ئالدىراپ سورىدىم ۋە بىرەر ئاينىڭ ئالدىدا ئاپامنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى توغرىسىدا دادامدىن كەلگەن ھېلىقى خەت ئېسىمگە كەلدى.

— ياق، ئانچە ئەنسىرەپمۇ كەتمەڭ، ئۆيىڭىزدىكىلەردىن تېلېگرامما كەپتۇ، بەلكىم سىزنى ئەنسىرەپ كەتمىسۇن دېدىمۇ تېلېگراممىنى بىزگە قارىتىپ سېلىپتۇ، قارىغاندا ئاپىڭىزنىڭ ئاغرىقى سەل ئېغىرلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، مۇزاكىرىلىشىپ سىزنى ئۆيىگە بېرىپ كەلسۇن دېيىشتۇق. دەرھال مېڭىڭ!

بانكىدا بىر ئاز پۇلۇم بار ئىدى. ھەممىنى ئالدىم-دە، قاتناشقا چاپتىم. ئۇ چاغلاردا قاتناش ھازىرقىدەك ئەپلىك ئەمەس ئىدى. بەزىدە بېلەت بىر - ئىككى كۈن ئىلگىرى سېتىلىپ تۈگەپمۇ كېتەتتى. بېلەت ئالالماي بىر نەچچە كۈن ساقلاپ قالىدىغان ئىشلارمۇ دائىم بولۇپ تۇراتتى. مەن قاتناش بېكىتىگە كېلىپ، بېلەت ساتىدىغان چوڭ زالنىڭ ئىچىگە كىرىپلا چۆچۈپ كەتتىم. بېلەت سېتىلىدىغان تۆشۈكنىڭ ئالدىدىن باشلانغان ئۇزۇن ئۆچرەت زالنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىپتۇ. مەن ئۆچرەتتە تۇرغانلارغا بىرمۇ بىر قاراپ چىقتىم. بىرەرمۇ تونۇش ئادەم كۆزۈمگە چېلىقمىدى. ئاخىرى ئۆچرەتتە تۇرماي ئامال يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، ئۆچرەتنىڭ قۇيرۇقى تەرەپكە كېتىپ باراتتىم، ئوشتۇمتۇت ئاددىي - ساددا، ئەمما ناھايىتى رەتلىك، پاكىز كىيىنگەن، ئىككى مەڭزى خۇددى ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىل، قاپقارا يوغان كۆزلىرى مۆلايىملىق بىلەن مۆلدۈرلەپ تۇرغان چىرايلىق بىر قىزنىڭ ئۆچرەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ ئىختىيارسىز توختاپ قالدىم. قىزمۇ ماڭا قاراپ بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلدى. ئېھتىمال ئۇ مېنى بىرەر تونۇشىغا ئوخشاتقاندۇ ياكى بولمىسا كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان، خۇش خۇي، ئوماق قىز بولغاچقا ماڭا شۇنداق بىلىنىپ كەتكەندۇ، مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي سەل تەمتىرەپ قالدىم. ناۋادا ئۆچرەتنىڭ ئاخىرىغا بېرىپ تۇرىدىغان بولسام، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ماڭا بېلەتنىڭ تېگىشىنىڭ ئۈمىد يوق ئىدى. تۇرمىسام تېخى بولمايتتى. شۇ ئەسنادا كاللامغا تۇساتتىن بىر ئەقىل كېلىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

- ياخشىمۇ سىز، سىڭلىم؟ - دېدىمەن قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋە خىجىل بولۇپراق مۇراجىئەت قىلدىم، - مەنمۇ بىلەت ئالماقچىدىم، قارىسام ئادەم بەك كۆپ ئىكەن. بېشىم قېتىپ تۇرۇپ قالدىم، مۇنداق قىلساق قانداق؟ ئۆچىرەتتە ئۆزۈن تۇرۇپ چارچاپمۇ قالغانسىز، سىز ئاۋۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، ئۆچىرەتتە مەنلا تۇرۇپ بېلەتنى سىزگىمۇ، ئۆزۈمگىمۇ ئالاي.

- مەيلى، - دېدى قىز ئويلىنىپراق ۋە يانچۇقىدىن پۇلنى چىقىرىپ ماڭا ئۇزاتتى، - ماڭا ئاقسۇنىڭ بېلىتىدىن بىرنى ئالسىڭىزلا بولىدۇ. بۈگۈننىڭ بولسا تېخى ياخشى، بولمىسا ئەتىنىڭ بولسىمۇ مەيلى.

- رەھمەت سىڭلىم، ئەجەب ئوبدان ئىش قىلدىڭىز. ئەمدى سىز خاتىرجەم ئولتۇرۇپ دەم ئېلىڭ، - دېدىمەن بەكمۇ خۇشال بولۇپ.

ئۆمرۈمدە كاللامنىڭ بىر قېتىم ئىشلەپ قالغىنىدىن قالتىس رازى بولۇپ كەتتىم. قىز تىزىپ قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىگە بېرىپ ئولتۇردى.

ھەي ئىست، بۇ قىز ئاقسۇغا بارىدىكەن ئەمەسمۇ! پىچانغا بارغان بولسا يولىمىز بىر بولىدىكەن، تەلىيىممۇ تازا ئۇڭدىن كېلىدىكەندۇق. پاھ، نېمىدېگەن ئۇماق، مېھرى ئىسسىق قىز بۇ! ئۆرۈمچىدە يۈرۈپ ئەجەبمۇ بىرەر قېتىم ئۇچرىتىپ باقماپتىكەنمەنا؟ شۇمۇ گەپ بولدى، ئۆرۈمچى دېگەن بىر يېزىنىڭ كىچىككىنە بازىرى بولمىسا، قايسى بىر قىزنى ئۇچرىتىپ بولغىلى بولاتتى؟ مەن قاملاشمىغان بۇ خىيالىمنى دەرھال رەت قىلدىم.

بىر نەچچە ۋىلايەت، ناھىيىنىڭ ماشىنا بېلىتى بىرلا تۈشۈكتە سېتىلىۋاتقاچقا، ئۆچىرەت بەكمۇ ئاستا قىمىرلايتتى. مەن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ، قىزغا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ - قاراپ قوياتتىم.

قىزمۇ ئارىلاپ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. ئانچە ئۆتمەي سومكىسىدىن بىر كىتابنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

ئاھ خۇدا، ماڭا ئوخشاش ياۋاش، مۆمىن بەندەڭگە مۇشۇنداق قىزلاردىن بىرەرنى ئاتا قىلمىۋەتكەن بولساڭ قانچە بەختلىك بولۇپ كەتكەن بولاردىم - ھە؟ ساۋاقداش، خىزمەتداش، تەڭتۇشلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ لايىقى بار، مېنىڭلا يوق. قاچانغىچە مۇشۇنداق يالاڭقات يىپتەك يالغۇز يۈرەرمەن؟ ھەي توختىغىنا، خۇدايىم ماڭا ئاتا قىلىۋاتقان قىز مۇشۇ بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ قۇدرىتى ئۇلۇغ ئىگەم ئويلىمىغان مۇشۇنداق بىر باھانە - سەۋەبلەر بىلەن بۈگۈن مېنى بۇ قىز بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قويۇۋاتامدۇ - يا؟

كاللامغا تاسادىپىي كېلىپ قالغان بۇ ئويلاردىن بىردىنلا كۆڭلۈم يورۇپ كەتكەندەك بولۇپ، ھاياجاندىن تۇرالمايلا قالدىم. قىزنىڭ چىرايلىق بانتىلىۋالغان چېچىغا، قۇلاقلىرىدا چاقناپ تۇرغان ھالقا، بويىنىدىكى مارجانلىرىغا، يارىشىملىق قىسقا يەڭ ئاق كوپتىسى ئىچىدە ئالمىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە، قىسقا قارا يوپكىسى ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق، توم پاقالچاقلىرىغا بىرمۇ-بىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ئالىلىقانداق شېرىن ئويلارغا غەرق بولۇپ كەتتىم.

بۇ قىز ئۆرۈمچىدە قايسى ئىدارىدە ئىشلەيدىغاندۇ، ياكى بىرەر ئالىي مەكتەپ، تېخنىكۇمنىڭ ئوقۇغۇچىسىمىكىن؟ مەيلى نېمە بولسا بولسۇن ئەمدى بۇ قىزنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىقىم كېرەك ... ھەي، كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ پۈتۈشۈپ قويغان يىگىتى بارمۇ تېخى!

ئۆرۈمچىدەك يەردە مۇشۇنداق كېلىشكەن قىزلارنى يىگىتلەر بوش قويارمۇ؟ ياق، ياق، ئۇنىڭ يىگىتى يوق، يىگىتى بولغان بولسا، نېمىشقا قاتناشقا يالغۇز كېلىپ بىلەت ئېلىشىپ بەرمىدى؟

چوقۇم يوق. خۇدايىمنىڭ رەھمى كېلىپ بۇ قىزنى بۈگۈن چوقۇم ماڭا ئۇچراشتۇردى.

ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوق قىلغان خىياللىرىمنى قاراڭ، تازىمۇ ئەخمەق نېمىكەنسەن، دەپ ئويلاۋاتقانسىز ھە قاچان؟ ئەمما گەپنىڭ راستىنى قىلاي: مەن ياش ۋاقتىمدا بەكمۇ ئاق كۆڭۈل، ياق، ئاق كۆڭۈل ئەمەس، ئەخمەق، توغرا بەكمۇ ئەخمەق، ئۇجمە كۆڭۈل يىگىت ئىدىم. قىزلارنىڭ مېنى ياراتماسلىقىمۇ مۇشۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك.

شۇ كۈنى بىلەتكە ئۆچرەتتە تۇرغان چېغىمدىمۇ شۇ ئەخمەقلىقىم، ئۇجمە كۆڭۈللۈكۈم ئۆزىنى راسا كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى، ئۆزۈم ئۆچرەتتە تۇرغان بىلەن ئەس - يادىم ئاشۇ قىزدا ئىدى. شۇ تاپتا ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان بۇ ناتونۇش قىز كۆڭلۈمنى پۈتۈنلەي ئەسىر قىلىۋالغانىدى. بارا-بارا بۈگۈن بۇ قاتناش بېكىتىگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى، نەگە بارماقچى ئىكەنلىكىمنى، ئېغىر ئاغرىپ ياتقان ئاپامنى . . . ھەممىنى ئۇنتۇپلا كەتكەنىدىم، كاللامدا ئاشۇ قىزدىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئورۇن قالمىغانىدى. «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپ قاپتۇ» دېگەن شۇدە. ئەمدى بۇ قىزغا ئىختىيارسىز ھالدا غايىبانە بىر يىپ ئارقىلىق باغلىنىپلا قالغانىدىم، ئۇنىڭدىن ئەمدى ھەرگىزمۇ ئايرىلالمايدىغاندەك قىلاتتىم.

بىلەت ئالىدىغان تۆشۈككە قاچان يېقىنلىشىپ قالغىنىمنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. ئەمدى قانداق قىلاي، قىزغا ئاقسۇنىڭ بىلىتىدىن بىرنى، ئۆزۈمگە پىچاننىڭ بىلىتىدىن بىرنى ئالامدىمەن؟ ياق، ئۆزۈمگىمۇ ئاقسۇنىڭ بىلىتىدىن بىرنى ئالىمەن، تاسادىپىي بېشىمغا كېلىپ قونۇۋاتقان بۇ بەخت قۇشىنى ھەرگىزمۇ ئۇچۇرۇۋەتمەيمەن، يولدا چاتاق چىقمىسا ماشىنا ئاقسۇغا ئۈچ - تۆت كۈندە ئاران يېتىپ بارالايدۇ. ئۈچ - تۆت كۈنگىچە قىز بىلەن يانمۇ يان ئولتۇرۇپ خالىغانچە مۇڭدىشىۋېلىش نېمىدېگەن چوڭ ئامەت؟

يۈرىكىم ھاياجان، دىلغۇللۇق ئىچىدە قاتتىق دۈپۈلدىمەكتە ئىدى. يۇقىرىقىدەك خىياللارنى قىلىۋاتقان بولسامۇ، لېكىن ئاخىرقى قارارغا كېلەلمەي تىت - تىت بولماقتىمدىم. شۇ ئەسنادا تۆشۈكنىڭ ئىچىدىن بىلەت ساتقۇچى ئايالنىڭ زەھەردەك ئاچچىق سۆزلىرى ئاڭلاندى:

- نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسىز؟ مەن سىزدىن قەيەرنىڭ بىلىتىنى ئالىسىز دەپ سوراۋاتىمەن!

مەن ھودۇققىنىمدىن دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمەي ئىككى يېنىمغا بىچارىلەرچە تەلمۈردۈم. ئاخىرى ئۇ ئايالنىڭ ۋە كەينىمدىكى ئۆچرەتتە تۇرغۇچىلارنىڭ غودۇراشلىرىدىن، مېنى چايناپ پۈركۈۋەتكۈدەك ئەلپازدا ھومىيىشلىرىدىن قورقۇپ كېتىپ:

-ئا . . . ئاقسۇنىڭ، ئاقسۇنىڭ . . . دېدىم.

- نەچچىنى، بىرنىمۇ؟

- ھەئە، يا . . . ياق، ئىككىنى، بۈگۈننىڭ بولسا بۈگۈننىڭكىنى، بولمىسا ئەتىنىڭكىنى، مۇمكىن بولسا ئىككى بىلەتنىڭ ئورنى بىر يەردە بولسۇن، - بۇ گەپ ئاغزىمغا قانداق كېلىپ قالدىكىنە؟ بىلەت ساتقۇچى ئايال غەزەپ بىلەن كۆزىنى ئالايتىپ ماڭا يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى.

مەن ھودۇققىنىمدىن دەرھال ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم:

- قېرى، ئاغرىق بىر ئايال بار ئىدى، يولدا ياردەملەشمىسەم بولمايتتى . . . - گېپىمنىڭ ئاخىرى ئاغزىمدىن چىقىپ بولغۇچە بىلەت ساتقۇچى ئايال ئىككى بىلەت ۋە ئاشقان پۇلنى قولۇمغا قوپاللىق بىلەن تۇتقۇزۇپ قويدى - دە، كەينىمدىكى ئادەمگە قولىنى ئۇزاتتى. مەن بىلەتنى ئېلىپ توپ

ئىچىدىن چىقىشىمغا قىز يۈگۈرۈپ ئالدىمغا كەلدى.

— ئاخىر ئاپىرىدە، رەھمەت، سىزنى تازا ئاۋارە قىلدىم. بۈگۈننىڭمۇ ياكى . . .

— ھەئە. بۈگۈن چۈشتە سائەت بىردە ماڭىدىكەن، مانا بىلەتىڭىز.

— ئەجەب ياخشى بوپتۇ. ۋۇي، سىزمۇ ئاقسۇغا بارىدىكەنسىزغۇ؟ — قولۇمدىكى بىلەتنى كۆرۈپ قىزنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن ئويناپ كەتتى.

— ھە، مەنمۇ ئاقسۇغا بارىمەن.

— ئۆيىڭىز ئاقسۇدىمۇ؟

— ھەئە، ياق، ياق، ئاقسۇغا بىر ئىش بىلەن كېتىپ بارىمەن.

مېنىڭ ئورۇنسىز تەمتىرەش، ھودۇقۇشلىرىمدىن غەلىتىلىك ھېس قىلغان قىز ماڭا تىڭىرقاش نەزەرىدە قاراپ قويدى - دە:

— سىز بىلەن بىللە ماڭغىنىم ياخشى بولدى، يالغۇز قانداقمۇ قىلارمەن دەپ بەك ئەنسىرىگەنىدىم. ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم. مەن دەرھال مەكتەپكە بېرىپ نەرسە - كېرەكلىرىمنى ئېلىپ كېلەممسەم بولمايدۇ، سىزمۇ بالدۇرراق كېلىڭ، كېچىكىپ قالمايلى، — دېدى. قىز شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ شۇنداق چىرايلىق كۈلدىكى، ئۇنىڭغا قاراپ ھوشۇمنى يوقىتىپلا قويدۇم. مەن نېمە ئىشلارنىڭ بولۇپ كەتكىنىنى ئاڭقىرالماي تۇرغان جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم. بىر ھازادىن كېيىن بىردىنلا ھوشۇمغا كەلگەندەك بولۇپ قولۇمدىكى بىلەتكە قارىدىم. بىلەتتىكى «ئۈرۈمچى - ئاقسۇ» دېگەن قارا خەتلەر مېنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈۋاتاتتى. بىلەتنى ئىتتىكلا يانچۇقۇمغا سېلىۋېتىپ - دە، بىر ئۇھ تارتىپ قويدۇم. ئەمدى ئىش پۈتكەندى. يەنە بىر جەھەتتىن كۆڭلۈم سەل ئورنىغا چۈشكەندەكمۇ بولدى. يەنە ھېلىقى ئوماق قىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە باشلىدىم. بايىقى «سىز بىلەن بىللە ماڭىدىغىنىم ياخشى بولدى» دېگەن سۆزلىرى قەلبىمگە غايىبانە بىر ئىللىقلىق بېغىشلاۋاتقاندەك تومۇرلىرىمدىكى قانلار ئۇركەشلەپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدا بىر خىل چەكسىز سۆيۈنۈش ئەكس ئېتەتتى. روھلىنىپ سائىتىمگە قارىدىم - دە، لازىمەتلىكلىرىمنى تەييارلاش ئۈچۈن ئالدىراپ ماڭدىم.

مەن ئىشلىرىمنى پۈتتۈرۈپ، قاتناشقا يېتىپ كەلگەندە سائەت تېخى ئون ئىككى يېرىممۇ بولمىغانىدى. ماشىنا كۈتۈش زالىغا كىرىپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتۈم. قىز كۆرۈنمەيتتى. سىرتقا چىقىپ يىراقلارغا نەزەر تاشلىدىم. قىز چامادان ئارتىلغان ۋېلىسىپىتنى يېتىلىۋالغان ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت بىلەن كېلىۋاتاتتى. يىگىتى بىلەن بىللە كېلىۋاتامدۇ - نېمە؟ بېشىمغا بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك شۈركىنىپ كەتتىم، ئەمما چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماڭدىم. ئىسسىق تەپتىدىن ئىككى مەڭزى شەلپەردەك قىزىرىپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن قىز كېلىپلا يىگىتكە مېنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

— بايا مەن گېپىنى قىلغان ئاكام مۇشۇ، ئىككىمىز بىلەتنى بىللە ئالدۇق.

مەن يىگىت بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇم.

— خالىق، ئەمدى سىز كېتىۋېرىڭ، چۈشتىن كېيىن دەرسىڭىز بار ئەمەسمۇ، كېچىكىپ قالىسىز، — دېدى قىز يىگىتكە قاراپ.

— بوپتۇ ئەمىسە، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە سالام ئېيتىپ قويۇڭ، خودايىمغا ئامانەت، ئاق يول بولسۇن!

يىگىت كەتكەندىن كېيىن مەن قىزنىڭ يۈك-تاقىسى بىلەن چامادانىنى كۆتۈردۈم. بىز خۇددى يېڭى توي قىلغان ئامراق ئەر - خوتۇنلاردەك زالغا

مەغرۇر قەدەم تاشلاپ كىرىپ كەلدۇق. كىشىلەر بىزگە زوقلانغاندەك قاراپ قويۇشتى. كىم بىلىدۇ، بەلكىم ئۇلار بىزنى ئەجەب قاملاشقان بىر جۈپلەر ئىكەن، دېيىشىۋاتامدۇ تېخى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولۇپ قېلىشنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم ۋە ئۆزۈمچە روھلىنىپ ئەتراپتىكىلەرگە مەغرۇر قاراپ قويدۇم.

ئەمدى كۆڭلۈمنى ئەنسىرىتىپ تۇرغان سوئاللارنى ـ ھېلىقى يىگىتنىڭ كىملىكىنى، قىزنىڭ نېمە ئۈچۈن يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ ماڭغانلىقىنى سوراپ باقماقچى بولۇپ ئاغزىمنى ئۆمەللىتىۋاتاتتىم، ئاڭغىچە قاتناش خادىمى «ئۈرۈمچى ـ ئاقسۇ» دېگەن خېتى بار تاختاينى قولىغا ئېلىپ «ئاقسۇغا بارىدىغان يولۇچىلار دىققەت قىلىڭلار، نەرسە ـ كېرەكلىرىڭلارنى يىغىشتۇ- رۇپ، تەرتىپ بىلەن كەينىمدىن مېڭىڭلار» دەپ ۋارقىرىدى. تەلىيىمنىڭ ئوڭدىن كەلگىنىنى قاراڭ، قىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئورنى بىر يەردە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتوبۇسنىڭ كەينىدىرەك ئىدى. مانا ئەمدى ئىككىمىزنىڭ خالىغانچە پاراڭلىشىپ، چاقچاقلىشىپ مېڭىشىمىز ئۈچۈن ئوبدان پۇرسەت ھازىرلانغانىدى.

ئاپتوبۇس ئاۋات كوچىلارنى ئارىلاپ شەھەر ئىچىدە كېتىپ بارغاچقا قىزغا گەپ قىلمىدىم، چۈنكى ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قارىۋالغان بولۇپ، شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش بىلەن بەنت ئىدى. مەنمۇ پاراڭنى نەدىن باشلاشنى ئويلىناتتا ئىدىم. بىردەمدىن كېيىن ئاپتوبۇس شەھەرنى كەينىدە قالدۇرۇپ، ئۇلانبايىنىڭ بۆك ـ باراقسان دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان ئەگرى ـ بۈگرى يولىغا كىردى. شۇنىڭدىن كېيىن:

ـ سىڭلىم، ئەمدى خېلى تونۇشۇپمۇ قالدۇق، ئىسمىڭىزنى سورىسام بولار؟ ـ دېدىم.

ـ راست، تېخىچىلا بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئىسمىنى بىلمەيمىز ـ ھە، ئىسمىم ئايگۈل.

ـ ۋاھ، ئىسمىڭىزمۇ ئۆزىڭىزگە ئوخشاش چىرايلىقكەن!

ـ نەدىكىنى، ئادەمنى شاڭخو قىلماڭ، ـ دېدى قىز كۈلۈپ قويۇپ، ـ سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟

ـ سادىر.

ـ بۈگۈن سىزنى تازىمۇ ئىشقا سالدىم سادىر ئاكا، رەھمەت جۇمۇ!

ـ بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى سىڭلىم، راستىنى ئېيتقاندا بۈگۈن سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەكمۇ تەلەيلىك، بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن جۇمۇ!

ـ ھا ـ ھا ـ ھا ... خېلى چاقچاقچىكەنسىز، مۇنداق كەپلەرنى قىلىپ مېنى خىجىل قىلماڭ.

ـ ماقۇل، ماقۇل، سىزنى خىجىل قىلماي، ئېيتىڭا ئايگۈل، سىز نېمىشقا يۈك ـ تاقلارنى ئېلىپ ماڭدىڭىز، ئۈرۈمچىگە ئەمدى كەلمەيدىغاندەكلا ...

ـ دېمىسىڭىزمۇ ئەمدى كەلمەيمەن.

ـ نېمىشقا، سىز ئۈرۈمچىدە ئەمەسمۇ؟

ـ مەن ئاقسۇ دېھقانچىلىق ئىدارىسىدە ئىشلەيمەن، ئۆيۈممۇ ئاقسۇدا. «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىغا يېرىم يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن. ئەمدى ئۆگىنىشنى تاماملاپ قايتىپ كېتىپ بارىمەن، ـ دېدى قىز ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم سەل يېرىم بولغان بولسىمۇ چاندۇرماي:

ـ كونىلاردا «بارمايمەن دېگەن تۆگمەنگە يەتتى قېتىم بېرىپتۇ» دېگەن گەپ بار سىڭلىم. ئالدىراپلا ئەمدى ئۈرۈمچىگە كەلمەيمەن دېمەڭ، كىم بىلىدۇ، يەنە كېلىپ قالامسىز تېخى، ـ دېدىم.

ـ ئۇغۇ شۇنداق، ـ دېدى قىز كۈلۈپ كېتىپ، ـ ئادەمنىڭ رىزقى نەدە بولسا شۇ يەرگە بارىدىغان گەپ.

- مەن ئاشلىق مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىدە قالغان، ھازىر ئاشلىق ئىدارىسىدە ئىشلەيمەن.

ئىككىمىز بىر پەس جىم بولۇپ قالدۇق. ئاپتوبۇس ئەگرى - بۈگرى، ئەمما سىلىق ئاسفالت يولدا ئۇچقاندەك كېتىپ باراتتى. خېلىدىن كېيىن يەنە مەن جىملىقنى بۇزدۇم:

- مەن تېخى سىزنى ئۈرۈمچىدە بىرەر ئىنستىتۇتتا ئوقۇيدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. كىچىكلا تۇرۇپ خىزمەتكە چىقىۋاپتىكەنسىز - دە؟

- بويى - بەستىم كىچىك كۆرۈنگىنى بىلەن يېشىم ئانچە كىچىك ئەمەس. 22 گە كىردىم.

- چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز سىڭلىم؟

- راست، — قىز كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ يېقىملىق كۈلدى.

- 17 - 18 ياش دېسىڭىز بىر گەپ، 22 ياش دېگىنىڭىزگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

- راستىنلا 22 ياشقا كىردىم.

قىزنىڭ ئاقسۇدا خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى، لېكىن دەرھال ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ، ئەگەر ئىككىمىز چىقىشىپ قالساقلا ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىش تەس ئىش ئەمەس، گەپ ۋەدىلىشىپ قويغان يىگىتىنىڭ بار - يوقلۇقىدا، دەپ ئويلىدىم - دە، گەپنى ئەگىتىپ سوراپ باقتىم:

- راست، بايا يۈك - تاقىڭىزنى ئېلىپ كەلگەن يىگىت كىم بولىدۇ؟

قىز كۆڭلۈمدىكىنى پەرەز قىلىپ بولغاندەك مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ:

- ھە . . . بايىقى بالىنى دەمسىز؟ ئۇ بىز بىلەن بىر مەھەللىلىك، «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيدۇ، — دېدى.

- ئەجەب بالا دەيسىزغۇ، ئۇ سىزدىن كىچىك ئەمەستۇ؟

- بويى ئېگىز بولغىنى بىلەن ئەمدىلەتىن 20 ياشقا كىردى. ئىنىلىرىمنىڭ ساۋاقدىشى.

خۇداغا شۈكرى، ئۇ ۋەدىلەشكەن يىگىتى ئەمەسكەن كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشتى.

بۇگۈنلا تونۇشۇپ تولا گەپ قىلىپ قىزنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ئامال بار ئاز گەپ قىلىشقا تىرىشتىم. مۇھەببەت ئىزھار قىلىش مەزمۇنىدىكى گەپ، چاقچاقلارنى ھەرگىز ئاغزىمغا ئالمىدىم. تېخى يالغاندىن ئېغىر - بېسىق، ئەدەبلىك قىياپەتكە كىرىۋالدىم. ماشىنا ئارىلاپ ئىتتىك ئەگىلگەندە مۈرىلىرىمىز ئىختىيارسىز بىر-بىرىمىزگە تېگىپمۇ كېتەتتى، دىمىغىمغا ئۇرۇلۇۋاتقان، قىزلارغىلا خاس بىر خىل يېقىملىق پۇراقتىن نەپەسلىنىپ ئۆزۈمچە ھوزۇرلىنىپ كېتىپ باراتتىم. ئايگۈل ئارىلاپ ئۆزىنىڭ يېرىم يىلدىن بۇيانقى ئۆگىنىش ئەھۋالىنى، مەكتەپ ھاياتىدىكى قىزىق - قىزىق ۋەقەلەرنى ۋە ئۈرۈمچى ھەققىدىكى تەسىراتلىرىنى ھەۋەس بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى. بەزى يولۇچىلار غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا، بەزىلىرى قىزىق گەپلەرنى قىلىشىپ قاقاقلىشىپ كۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئەمدى ئاپتوبۇس داۋانچىڭدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، تۇپتۈز سايدا كېتىپ باراتتى. تورپان، پىچان تەرەپكە ئايرىلىدىغان ئاچالغا يېقىنلاشقانسېرى كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، ھەر خىل خىياللار بىلەن بېشىم ساڭگىلاپ كەتتى. ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلماي، ئەتىگەندە بىلەتنى پىچانغا ئېلىپ ماڭغان بولسام كەچكىچە ئۆيۈمگە يېتىپ باراتتىم ئەمەسمۇ؟ مانا ئەمدى ئۆيۈم ئارقامدا قېلىۋاتىدۇ، ئۈچ - تۆت كۈنلۈك يىراقلىقتىكى ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن ناتونۇش يۇرتقا قاراپ كېتىپ بارىمەن. . . ئاغرىپ ياتقان ئاپام كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ئولتۇرالمايلا قالدىم. ئەمدى نېمىلا قىلغىنىم بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ . . . بولدىلا، خۇدايىم شىپالىق بەرسە ئاپامنۇ ساقىيىپ قالار. ھەممىدىن ئايگۈل دېگەن بۇ قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىم قالتىس بەلەن ئىش بولدى . . .

توقسۇنمۇ كەينىمىزدە قالدى. ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئايغىربۇلاقنىڭ تاغلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتتۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي قاش قارىيىپ قاراڭغۇ چۈشتى. ئاپتوبۇسنىڭ چىرىغى ئارىلاپ سۇرلۇك چوققا، تاغ قاپتاللىرىنى يالت- يۇلت يورۇتۇۋېتەتتى. كۆمۈشكە خېلىلا كەچتە كېلىپ، ئاندا - مۇندا بىر نەرسىلەرنى يېدۇق - تە، ئارام ئېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردۇق.

ئەتىسى تاڭ ئەمدىلا يورۇشىغا ئاپتوبۇس يەنە قوزغالدى. بەزىدە ئاپتوبۇسنىڭ ئىتتىك ئەگىلىشىنى باھانە قىلىپ قىزغا ئەتەي سۈركىلىۋالاتتىم ياكى تىزىمنى تىزىغا تەگكۈزۈپ، جەينىكىمنى قىزنىڭ كۆكسىگە تەگكۈزۈپ قوياتتىم، لېكىن قىز بەك ئەدەبلىك، سەزگۈر ئىكەن، ھەرىكىتىم سەللا چېكىدىن ئېشىپ كېتەي دېگەن ھامان ئىتتىك ئۆزىنى قاچۇراتتى. شۇڭا سۆز - ھەرىكەتتە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا باشلىدىم. مەن يولغا دەپ ئېلىۋالغان نانلىرىم بىلەن قىزنى مېھمان قىلدىم. قىزمۇ پېچىنە، ئالما قاتارلىق نەرسىلىرى بىلەن مېنى مېھمان قىلدى. قارىغاندا قىزغا بەرگەن تەسىرىم ھەر ھالدا يامان ئەمەس ئىدى.

چۈشلۈك تاماقنى قاراشەھەردە يەپ كورلىغا قاراپ ماڭغاندىن كېيىن كۈننىڭ ئىسسىقى ئېشىپ قويدىمۇ، ئايگۈل باشقىلارغا ئوخشاش مۈگدەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بېشى گاھ ماشىنىنىڭ دېرىزىسىگە، گاھ مېنىڭ مۈرەمگە ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، قىز مەن تەرەپكە قىيسايغاندا مەن ئېرىراق سۈرۈلۈپ، ئۇنى ئۆزۈمگە يۆلەندۈرۈۋالدىم. ئۇ بىر خىلدا يېنىك نەپەس ئېلىپ ئۇخلاپ كەتتى. قىزنىڭ بېشى مۈرەمدە بولغاچقا، ئۇنىڭ رىتىملىق تىنىشلىرى يۈزۈمگە ئىسسىق شامالدەك ئۇرۇلاتتى. بۇدۇر چاچلىرى يۈزۈمگە، بوينۇمغا سۈركىلىپ بىلىنەر- بىلىنمەس غىدىقلايتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قىمىر قىلماي ئولتۇردۇم. تۆۋەنگە ساڭگىلاپ قالغان بىر قولىنى ئاستا ئالقىنىمغا ئېلىپ تىزىمغا قويۇۋالدىم. پاھ، ئۇنىڭ قوللىرى نېمىدېگەن يۇمشاق؟ مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق قولنى تۇتۇپ، يۈزىنى يۈزۈمگە يېقىپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن مۇنداق ھالەت ماڭا ئاجايىپ راھەت بىلىنىپ كەتتى. مەن ئاستا - ئاستا قىز تەرەپكە سىلجىپ، ئۆرىرەك ئولتۇرۇۋالدىم. ئەمدى قىزنىڭ يۈزى تەبىئىي ھالدا يۈزۈمگە تەگدى، ئاجايىپ بىر خىل ھاياجانلىنىش ئىچىدە بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ ئولتۇرالماي قالدىم. مەن مۇنداق ھالەتنىڭ بۈگۈن كەچكىچە، ھەتتا مەڭگۈ داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. بىر دەمدىن كېيىن ھەددىمدىن تېخىمۇ ئېشىپ، بېشىمنى ناھايىتى پەم بىلەن بىر يانغا بۇراپ، لەۋلىرىمنى قىزنىڭ مەڭزىگە تەگكۈزمەكچى بولۇۋاتاتتىم، ھەرىكىتىم قوپاللىراق بولۇپ كەتتىمىكىن، قىز ئۇشتۇمتۇت ئويغىنىپ كەتتى ۋە بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ:

- ۋېيەي، ئەجەبمۇ ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، سىزگە يۆلىنىۋېلىپ قىستاپ قويدۇممۇ نېمە، سادىر ئاكا؟ - دېدى ئاندىن قولىنى دەرھال ئالقىنىمدىن تارتىۋېلىپ ماڭا قاراپ قويدى. مەن قىز خاپا بولىدىغان بولدى، دەپ قورققانىدىم، لېكىن ئۇ بىلىندۈرمىدى، ئاندىن ئېرىراق سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇپ دېرىزىگە بېشىنى قويدى. مەن ئەمدى ئەقلى - ھوشۇمنى تېپىپ ئەدەبلىك بولۇشقا تىرىشتىم. قىز يەنە بىر پەس ئۇخلىۋېلىپ كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغانىدى. كېيىن ئويغىنىپ، چۈش كۆرگەنلىكىنى، چۈشىدە ئاتا- ئانىلىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ناھايىتى خۇشال بولۇپ سۆزلەپ كەتتى. بىز يەنە تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ، كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن كۈننى كەچ قىلدۇق. قاراڭغۇ چۈشكەندە چەرچى دېگەن يەرگە كېلىپ قوندۇق . . .

مانا ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئىككى كۈنمۇ ئۆتۈپ

www.uyghurkitap.com

كەتتى. بۈگۈن ئۈچىنچى كۈنى. ئەمدى ئەتە چۈشتىن كېيىن ئاقسۇغا يېتىپ بارىدىغان گەپ، مەنزىل ئاز قالغانسېرى دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالدىم. ھازىرغىچە قىزغا رەسمىي مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ باقمىدىم. ھېچ بولمىغاندا ۋەدىلەشكەن يىگىتىنىڭ بار - يوقلۇقىنىمۇ بىلەلمىدىم. ئەمدى ۋاقىتنى يەنە مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان بولسام سەپىرىم بىكار بولاتتى. بۇلارنى ئويلىغانسېرى تىت - تىت بولاتتىم.

ئۈچىنچى كۈنىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. تۆتىنچى كۈنى سەھەردە كۇچادىن ئۆتۈپ باي تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن ئاپتوبۇستىن چاتاق چىقتى. شوپۇر ئاپتوبۇسنى يولنىڭ چېتىگە ئەكېلىپ توختىتىپ، ماتورنى تەكشۈرگىلى تۇردى. قارىغاندا خېلى ۋاقىت ھايال بولىدىغاندەك قىلاتتۇق. ھېلىمۇ ياخشى دەل- دەرەخ، سۇ بار كىچىككىنە كەنت بازىرىغا كەلگەندە بۇزۇلۇپتۇ. ھەممەيلەن ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ سالقىن جايغا مېڭىشتى. مەن ئايگۈلنى شىلدىرلاپ سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىقنىڭ بويىغا باشلاپ كەلدىم- دە، پاراڭغا تۇتتۇم.

- قىزىق بىر گەپ بار، سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ - دېدىم مەن خىجىللىق ئارىلاش كۈلۈپ قويۇپ.

- قانداق قىزىق گەپ، قېنى سۆزلەڭا، - ئايگۈل ھەيران بولغاندەك ئىتتىك ماڭا قاراپ قويدى.

- ئاپتوبۇسنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئاۋۇ مومايىنى كۆردىڭىزمۇ؟

- ھەئە، كۆردۈم، ئۇ موماي بىلەن ياتاقلاردا بىللە يېتىپ كېلىۋاتىمىز.

- بۈگۈن ئەتىگەندە سىز يۈز يۇيىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتكەن، مەن ئاپتوبۇسنىڭ يېنىدا تاماكا چېكىپ تۇرسام ئاشۇ موماي كېلىپ: «بالام، بەختلىرى بارىكەن، چوكانلىرى بەكمۇ ئوڭلۇق بالا ئىكەن، ياتاقتا بىللە يېتىپ كېلىۋاتىمىز، مېنىڭ پۇتۇم ئاغرىيدۇ دېسىلە، قايناق سۇ، چاي بىر نەرسىلەرنى ئەكىرەلمەي بەكمۇ قىينالغاندىم. چوكانلىرى ماڭا سۇ، چاي بىر نەرسىلەرنى ئەكىرىپ بېرىپ ھالىمدىن شۇنداق ئوبدان خەۋەر ئالدى، خۇدايىم ئىككىڭلار تەلەك قېرىڭلار» دەپ سىزنى ماختاپلا كەتتى قارالڭ. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، ئېيتىڭا ئايگۈل، مومايىنىڭ ئاغزىدىن سائەت چىقىۋاتامدۇ نېمە؟

ئايگۈلنىڭ ئىككى مەڭزى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى - دە:

- نەدىكى سائەت چىقىدۇ، ئۇ موماي ئەھۋالنى ئۇقمىغاندىكىن بىزنى بىر ئائىلە كىشىلىرى دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشايدۇ، سىز ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىز بولماتتى؟ - دېدى كۈلۈپ.

- ياق، ھەرگىزمۇ ئۇنداق دېمەيمەن دەڭا، توغرا، بىز ھازىرغۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئەمەس، بۇ قېتىم سەپەر ئۈستىدە بىر ئوبدان تونۇشۇپ قالدۇق. ناۋادا كېيىن راستىنلا بىر ئائىلە بولۇپ قالساق، ئۇ چاغدا . . .

- ھا- ھا- ھا . . . تۇۋا خۇدايىم نېمىلەرنى دەۋاتىسىز سادىر ئاكا، - ئايگۈل ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بىر ھازاغىچە كۈلۈپ كەتتى. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي قىزغا قاراپلا قالدىم، - سەت بولىدۇ، بۇنداق گەپلەرنى زادىلا ئاغزىڭىزغا ئالماڭ سادىر ئاكا.

- قىزىقكەنسىز سىڭلىم، دۇنيادىكى ھەممە ئادەم توي قىلىدۇ، ئۆي تۇتىدۇ، بۇ گەپنىڭ سەت بولىدىغان نېمىسى بار؟ ئەمدى راست گېپىمنى دەۋېرەي، مەن سىز بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرىدىن بولۇپ قېلىشنى چىن كۆڭلۈمدىن ئارزۇ قىلىمەن. قېنى، گەپ قىلىڭا، مېنى ياراتامسىز - يا؟

- ياق، ياق، گېپىمنى باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ سادىر ئاكا، - دېدى ئايگۈل كۈلكىدىن توختاپ، - سىزنى ياراتمايۋاتقان گەپ ئەمەس، مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلمەي تۇرۇپلا ئادەمنى خىجىل قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز. مەن ئاللىقاچان

تويى قىلىپ بولغان، يولدۇشۇم بار تۇرسا . . .

— نېمە، نېمە دېدىڭىز؟!

— تويى قىلىپ بولغان، يولدۇشۇم بار دەۋاتىمەن،— ئايگۈل بىر تال چېۋىقنى سۇندۇرۇپ ئويناپ تۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى.

— مېنى كولدۇرلىتىۋاتامدىغانسىز؟ كىچىككىنە تۇرۇپ يولدۇشۇم بار دېسىڭىز . . .

— بىكاردىن سىزنى كولدۇرلىتامتىم؟ راست گەپنى قىلىۋاتىمەن سادىر ئاكا، بولدى، ئەمدى بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى.

دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. خۇددى بىرى ئاسماندىن يەرگە تاشلىۋەتكەندەك بوشاپلا كەتتىم. ئۈچ - تۆت كۈندىن بۇياقى شېرىن خىياللىرىم، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىم قىزنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتكەندى. كۆزۈمنى ھەر قانچە چىڭ تۇتۇپ باقساممۇ يەنىلا چاندۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقىم ئۆزۈمگە بىلىنىپ تۇراتتى. ئايگۈل ئەقىللىق، سەزگۈر قىز بولغاچقا مېنى خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندەك:

— سادىر ئاكا، ھەرگىز كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، گۇناھ مەندە، سىزگە بالدۇرراق ئەھۋالىمنى تونۇشتۇرماپتىمەن، بولدى يۈرۈڭ، ئاۋۇ يەردە كىچىككىنە بىر ماگىزىن باركەن، بېرىپ كۆرۈپ باقايلى، - دېدى-دە، مېنى باشلاپ ماڭدى.

شۇنداق قىلىپ ئاقسۇغا يېتىپ كەلگۈچە كۆڭۈلسىز خىياللار بىلەن مېڭەم قوچۇلۇپ كەتتى. بىر تەرەپتىن قىزنىڭ ئالدىدا خىجىل بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنىڭ ئەخمەقلىقىمدىن پۇشايمان قىلاتتىم. لېكىن مەغلۇپ بولغىنىم شۇنچە ئېنىق تۇرسىمۇ يەنىلا كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە، قىز مېنى سىناپ بېقىۋاتامدۇ - يا؟ دېگەن گۇمانىمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

ئاپتوبۇس نامازدىگەر بىلەن ئاقسۇ شەھىرىگە كىرىپ كەلدى. ئاقسۇنىڭ ئۆزىگە خاس نەمخۇش، ساپ ھاۋاسى دىمىقىمىزغا ئۇرۇلغاندىن كېيىن ئاپتوبۇس ئىچىدىكى ھەممەيلەندە بىر خىل جانلىنىش ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ يېنىمدا ئولتۇرغان ئايگۈل سۆيۈملۈك يۇرتىغا، ئائىلىسىگە يېقىنلاشقانسېرى دېرىزىدىن ھازىرلا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەك تەلپۈنۈپ ئولتۇرالماي قىلىۋاتاتتى. ئاپتوبۇس قاتناش بېكىتىگە قايرىلغاندىن كېيىن ئۇ بىردىنلا:

— سادىر ئاكا، قاراڭ، بېكەت دەرۋازىسىنىڭ يېنىدا ئۆيدىكىلەر ساقلاپ تۇرۇپتۇ، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى. قارىسام ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى خۇشاللىق ياشلىرىغا تولۇپتۇ، مەن دەردىمنى ئۆزۈم بىلىپ ئولتۇرۇۋاتقان بولساممۇ يەنىلا چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ:

— كېلىشىڭىزدىن ئۇلارنىڭ خەۋىرى باركەن-دە؟— دېدىم.

— ھەئە. مەن ماڭىدىغان كۈنى تېلېگرامما بېرىۋەتكەن.

ئاپتوبۇس بېكەتنىڭ كەڭ ھويلىسىغا كىرىپ بىر ئايلانغاندىن كېيىن توختىدى. قارىسام ھويلىدا ئېشەك ھارۋىسىنى يېتىلىگەن چار ساقال بىر بوۋاي ۋە بىر قىز بىلەن يەنە بىر يىگىت كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئايگۈل يۈگۈرگىنىچە بېرىپ بوۋاينىڭ بويىنىغا ئېسىلدى. ئاندىن قىز بىلەن قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ھارۋىنىڭ يېنىدا تۇرغان قاراقاش، بويى تۇرقى ئۆزىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان يىگىت بىلەن باش لىڭشىتىپ كۆرۈشتى - دە:

— قادىر، بېرىپ يۈك - تاقلارنى ئېلىڭ، — دېدى. ئاڭغىچە مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدىم. ئايگۈل خۇشاللىقىدىن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ئۇلارنى ماڭا تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

— سادىر ئاكا، بۇ كىشى مېنىڭ دادام، ماۋۇ سىڭلىم، بۇ مېنىڭ . . .

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ

يولدىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغانىدىم. مەن ئۇلار بىلەن تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتىم.

- دادا، بۇ كىشىنىڭ ئىسمى سادىر. ئۈرۈمچىدىن بىللە كەلدۇق. يولدا ماڭا ناھايىتى كۆپ ياردەمدە بولدى. زادىلا قىينالمىدىم. رەھمەت سىزگە سادىر ئاكا، - دېدى.

- يۈرۈك ئوغلۇم، بىزنىڭ ئۆيلەر كەڭتاشا، بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ، مېھمان بولۇپ كېتىڭ، - دېدى بوۋاي قولۇمدىن تارتىپ، لېكىن مەن ئۇلارغا يالغان گەپ قىلىشقا باشلىدىم:

- رەھمەت ئاكا. مەن ئالدىراش بىر ئىش بىلەن كەلگەن. بۈگۈنلا بارىدىغان يەرگە بارمىسام بولمايدۇ، ئەتە - ئۆگۈن كۆرۈشەرمىز.

- سىزنى نەدىن ئىزدەيمىز؟ - دېدى ئايگۈل ئادرېسىمنى سوراپ.

- مېنى ئىزدەپ ئاۋارە بولماڭلار. مەن سىزنىڭ ئىدارىڭىزغا باراي.

- چوقۇم كېلىڭ، يولىڭىزغا قارايمەن، - دېدى ئايگۈل.

ئۇلارنى ئۇزىتىپ دەرۋازىنىڭ سىرتىغىچە چىقتىم. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ھوشۇمغا كەلگەندەك بولۇپ ئەتراپىمغا قارىدىم، مەن ئىلگىرى ئاقسۇغا كېلىپ باقمىغاچقا ھېچ يەرنى بىلمەيتتىم. تەلىيىمگە بېكەتنىڭ يېنىدىلا مېھمانخانا بارىكەن. بېرىپلا ياتاق بېلىتىدىن بىرنى ئالدىم ھەم ئۇلاردىن ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان ماشىنىنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردۈم. ئەتىنىڭ بېلىتى ئاللىقاچان سېتىلىپ بوپتۇ. ئەتە سەھەردە بېكەتتە ئۆچرەتتە تۇرسام ئۆگۈنلۈكنىڭكىنى ئالالايدىكەنمەن. روھىم چۈشكەن ھالدا قورساقنى ئاندا - مۇندا تويغۇزدۇم - دە، ياتاققا كىرىپ ياتتىم. دۇنيادا ماڭا ئوخشاش ئەخمەقتىن يەنە بىرى بارمىدۇ؟

شۇنداق قىلىپ ئۈرۈمچىدىن چىققىنىمغا توپتوغرا ئون كۈن بولغاندا توقسۇنغا يېتىپ كەپتىمەن. ماشىنىدىن چۈشۈپلا قاتناش بېكىتىگە كىرىپ پىچانغا ماڭىدىغان ماشىنىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرسەم، ماشىنا بۈگۈن ئەتىگەندە كېتىپ بوپتۇ. ئەتە بىلەت ئالسام ئۆگۈنلۈككە ماڭالايدىكەنمەن. «خۇدا ئۇرغاننى خۇدا بەردىكام قوشلاپ ئۇرۇپتۇ» دېگەن شۇ. مەن ئاخىرى 13 كۈن بولغاندا ئاران ئۆيگە يېتىپ بارالىدىم. ئۆيدىكىلەر يىراقتىنلا مېنى كۆرۈپ يىغا - زارە قىلىشىپ كەتتى. ئاپامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئۇلارغا قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتتىم. ئۆيدىكىلەر ئەتە ئاپامنىڭ يەتتە نەزىرىسىنى قىلىشقا تەييارلىق قىلىشىۋاتقانىكەن.

- تېلېگراممىنى خېلى بۇرۇنلا يوللىغانىدۇق، ئەجەبمۇ كېچىكتىڭغۇ بالام؟ - دېدى دادام.

- مەن سىرتقا خىزمەتكە كېتىپ قالغان، ئىدارىدە يوق ئىدىم، - دېدىم يالغان ئېيتىپ.

- سەن بىلەن دىدارلىشالماي رەھمەتلىك ئاپاڭنىڭ كۆزى كەينىدە كەتتى، - دېدى دادام كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىمدىن ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتىم.

ئاشۇنداق ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ يۈرمىگەن بولسام، ئاپام بىلەن دىدارلىشالا ئەمەس، ھەتتا بىر ھەپتىدەك بىللە بولالايدىكەنمەن ئەمەسمۇ؟ ئەمدى نېمە ئامال؟

شۇنداق قىلىپ مېھرىبان ئاپامنىڭ دىدارىنى كۆرەلمەي ئۆمۈرلۈك داغدا قالدىم دەڭا! بۇ ساراڭلىقىمنى بىر خۇدا، بىر ئۆزۈملا بىلىمەن، ئىچىمدە سىر بولۇپ ساقلىنىپلا قالدى، خۇدايىمنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىدىمۇ قانداق، ئۇجمە كۆڭۈل، ئەخمەقلىقىمغا بېقىپ، كېيىن ئاشۇ ئايگۈلگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر قىز بىلەن توي قىلىۋالدىم. 40 يىل بولاي دەپ قاپتۇ. تۆت بالىمىز بار. مېنى شۇ ئەقىللىق، ئىشچان خوتۇنۇم ئادەم قىلدى. شۇنىڭغا قارىغاندا ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئادەم بولمىقى ئاسان ئەمەسكەن، ھەي . . .

- ھوي، ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قاپتىغۇ، بولدى ئەمدى ئۇخلايلى، - دېدى سادىر ئاكا سائەتكە قاراپ.

سادىر ئاكا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدىم.

مەسئۇل مۇھەررىر يۇلتۇز تېيىپجان



ئابدۇللا تۇرسۇن

# بېدىك

(ھېكايە)

مەخسۇم بېدىك بامدات نامىزىدىن يېنىپ ئۆيىگە كېلىپلا ئوغلىنى نوقۇپ ئويغىتىپ، ئېشەك ۋە مال - ۋارانلارغا ھەلەپ بېرىشنى بۇيرىدى. ئاندىن تۆرگە چىقىپ بەداشقىنىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، مەززىلىك دەملەنگەن سۈتلۈك چاي بىلەن ھوزۇرلىنىپ ناشتا قىلىشقا باشلىدى.

بۈگۈن يەكشەنبە ئىدى. پىلانى بويىچە ئۇ يەكشەنبىلىك بازارغا تەييارلىنىۋاتاتتى. ئايالى ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ساندۇقتىن بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ چىقىپ ئېرىگە تۇتقۇزدى. مەخسۇم بېدىك قولىنىڭ ئۇچىغا تۈكۈرۈپ تۇرۇپ پۇلنى بىر قېتىم ساناپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى پوتىسىغا چەگدى ۋە بېلىگە چىڭ باغلاپ، پۇل تۈگۈلگەن تۈگۈنچەكنىڭ ئۈستىدىن بىر-ئىككى قېتىم سىيلاپ قويدى. ئوغلى مەردان ئېشەكنى ھارۋىغا قوشۇپ تەق قىلىپ قويغانىدى. مەخسۇم بېدىك سىرتقا چىقىپ، ئەمدى كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۈنگە بىر قارىۋېتىپ، ھارۋىغا چىقتى-دە، ئېشەككە قامچا سالدى.

مەخسۇم بېدىك 50 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، چېچىغا بىرەر تال ئاق سانجىلمىغان، ناھايىتى تېمەن ۋە تەمبەل كىشى ئىدى. قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك قارا ھەم ئۇسكىلەڭ بۇرۇتلىرى، قارىچۇقىنىڭ سىرتىغا سەكرەپ چىقىپ كېتىشكە تەييار تۇرغاندەك پولتىيىپ چىققان كۆزلىرىگە سايە تاشلاپ تۇرغان كىرپىكلىرى ئۇنى تولىمۇ سالاپەتلىك كۆرسىتەتتى.

ئۇنىڭ 11 مو يەرگە پاختا، گازىر، قوغۇن-تاۋۇز تېرىپ قىلغان كىرىمى ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان قىزىنىڭ ئوقۇش خىراجىتىگە ئارانلا يېتىدۇ. ئائىلىدىكى بەش جان ئادەم ئۇنىڭ ئۇلاغ سودىسى ۋە بېدىكلىك قىلىپ تاپقان ئازغىنە پۇلىغا قاراشلىق. شۇڭا ئۇ كۆپرەك پۇل تاپمىسا بولمايدۇ، ئوغۇللار چوڭ بولۇپ قالدى، ئۇلارنى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىش كېرەك، زامانغا يارىشا ئۆي، ئەل قاتارى توي بولمىسا ئەلنىڭ ئالدىدا سۆز-چۆچەك، مەسخىرىگە قالىدىغان گەپ. قىزنى ياتلىق قىلىشمۇ ئوخشاشلا چىقىم، يەنە شۇ پۇلنىڭ دەردى!

مەخسۇم بېدىك مال سودىسى قىلغان بۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ، خېلىلا پىتىلىنىپ قالدى. ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنىلىرى ئېشەك-ئۇلاغ ئالماقچى بولسا

ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلاتتى. ساتماقچى بولغانلىرىنى مەخسۇم بېدىكنى ئىزدەيتتى. ئۇ ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرۈپ دېگەن باھاغا تىندۇرۇپ سېتىپ بېرەتتى ۋە بەش - ئون سوم تاپان ھەققى ئالاتتى.

ئۇ سودا بىلەن شۇغۇللانغان دەسلەپكى چاغلىرىدا «سودا ھالال، جازانى ھارام» دېگەن ئەقىدىگە ئەمەل قىلىپ، ئالغان باھانى ئەينى بويىچە خېرىدارغا ئېيتاتتى. خېرىداردىن ئالماقچى بولغان پايدىسىنىمۇ ئېنىقلا ئېيتىۋېرەتتى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى. كېيىنچە ئۇ بازار رىقابىتىدە راست گەپ قىلىپ پايدا ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. رېئاللىق ئۇنىڭ راستچىل، ساددا خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

مەخسۇم بېدىك بازارغا يېتىپ كەلگەندە مال بازىرى يىغىمدىن جانلىنىشقا باشلىغان، توپ-توپ قوي، ئۆچكىلەر، كالا، ئات، ئېشەكلەر بازار دەرۋازىسىدىن ئېقىپ كىرمەكتە ئىدى. قوزا-ئوغلاقلارنىڭ مەرەشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، كالىلارنىڭ پوشۇلداشلىرى، خېرىدارلارنىڭ باھا تالاشقان ئاۋازلىرىغا يېنىك كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزان قوشۇلۇپ زور قاينام ھاسىل بولغانىدى. مەخسۇم بېدىك ئېشىكىنى ھارۋىدىن چىقىرىپ بىر تۈۋرۈككە باغلىدى، ئاندىن ھارۋىسىنى بىر چەتكىرەك تارتىپ جايلاشتۇرغاندىن كېيىن، بازارنى ئارىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئېشەك بازىرىدا تىنماي ھاڭراپ، خارتىلداپ تۇرغان ئەنسىز بىر سۇر ئېشەككە چۈشتى. ئېشەك سەل ئورۇقراق بولغىنىغا قارىماي ئۇستىخانلىق، تۇياقلىرى توم، ساغرىسى كەڭ ھەم يۇملاق، چېچەن بولۇپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ جوپلەپ باش سىلكىپ تۇراتتى. خېرىدارلار قىزىق باھا تالىشىۋاتاتتى. بىر نەچچە خېرىدار باھانى قىممەت كۆرۈپ كېتىپمۇ قىلىشتى. مەخسۇم بېدىك ئالدىغا ئۆتۈپ ئېشەكنىڭ جاۋغىيىنى ئېچىپ چىشىنى كۆردى.

- باھاسىنى قانچە دېدۇق، ئۇكا؟ - سورىدى ئۇ ئېشەكنىڭ ساغرىسىنى سىيلاپ تۇرۇپ.

- 600 سومغا بەرمەيمەن، - دېدى 38 ياشلار چامىسىدىكى ئورا كۆز، ئىڭەكلىرىنى سافۇچ ساقال-بۇرۇت قاپلاپ كەتكەن، بېشىغا ئاق شىلەپە كىيىۋالغان ۋىجىككىنە كەلگەن مال ئىگىسى چىرايىغا سەل كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

- باھا قويغان باتۇر ئەمەس، پۇل سانىغان باتۇر، - دېدى مەخسۇم بېدىك، - قېنى مەن ئاۋۋال ئېشەكنى بىر مىنىپ باقاي.

ئۇ ئېشەكنى تۈۋرۈكتىن يېشىپ، بازارنىڭ سىرتىدىكى توپا يولغا ئېلىپ چىقىپ، بىر گىرۋەككە تارتىپ مىنگىچە ئېشەك ئاياغ سەپ كەتتى. كەينىدىن يېنىك چاڭ كۆتۈرۈلدى. ئەتراپتا قاراپ تۇرغان خېرىدارلارمۇ، بازار كۆرگۈچىلەرمۇ «بۇ ئېشەككە قامچا كېرەك ئەمەسكەن» دېيىشىپ ئېغىز-ئېغىزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىشتى. مال ئىگىسى كۆرەڭلىگەن قىياپەتتە خېرىدارلارغا گىدىيىپ قاراپ قوياتتى.

ئېشەك مەخسۇم بېدىككە ياراپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئېشەك ئېلىپ، ئېشەك سېتىپ، مۇنداق ئايغى يېنىك ئېشەكنى كۆرمىگەنىدى. ئاخىرى ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، ئېشەكنىڭ باھاسى 530 سومغا تىندى.

مەخسۇم بېدىك بېلىدىكى تۈگۈنچەكتىن پۇلنى ئېلىپ، بارماقلىرىنىڭ سانىقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن مال ئىگىسىگە تۇتقۇزدى. مال ئىگىسى نېمىگىدۇر ئالدىرىدىغاندەك پۇلنى ئالدىراپ ساناپ بولۇپلا يەرگە «پاققىدە» بىرنى ئۇردى ۋە پۇتى بىلەن دەسسەپ ئاندىن ئۇنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، تۆش يانچۇقىغا سالدى.

- رازى بولۇڭ - ھە، ئۇكا، - دېدى مەخسۇم

بېدەك ئېشەك ساتقۇچىنىڭ ئالقىنىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ.

— ئاش بولسۇن، ئاكا، ئىللا - بىللا رازىمەن، — يىگىت شۇنداق دەپلا توپ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

مەخسۇم بېدەك ئېشەكنى يېتىلەپ ئاپىرىپ، ئۆزىنىڭ ئېشىكىنىڭ يېنىغا باغلىدى. ئېشەك بارغانچە چىچەنلىشىپ كېتىۋاتقاندەك دىرىلدىشىپ تۇراتتى. يەرنى چاپچىيتتى.

ئىككى خېرىدار كېلىپ ئېشەكلەرگە زەڭ قويۇپ قاراشقا باشلىدى.

— ئۇستام، بۇ ئېشەكلەرنى ئالدىلىمۇ ياكى ساتامىلا؟ — دەپ سورىدى چار ساقال، 65 ياشلار چامىسىدىكى بىر دېھقان.

— ھەر ئىككىلىسىنى ساتىمەن، قېنى باھا قويۇپ باقامىلا، مېنىڭ «مەخسۇم بېدەك ئىنساپ بىلەن سودا قىلىدۇ» دېگەن نامىم بار. خېرىدارلارغا ھەرگىز لاپ ئۇرمايمەن. باھا تالاشىمۇ ئولتۇرمايمەن، قېنى، ئەتىگەنلىك بازاردا ئەرزانغىلا . . .

— ماۋۇ بەك شاش، تەرسا نەرسىدەك كۆرۈنىدۇ، باھاسىمۇ ئۆزىگە چۈشلۇقتۇ ھە قاچان، ماۋۇ ياۋاشراق جانىۋاردەك قىلىدۇ، ئالسام مۇشۇنى ئالاي، — دېدى بوۋاي مەخسۇم بېدىكنىڭ ئۆيىدىن ھارۋىغا قوشۇپ كەلگەن ئېشىكىنى كۆرسىتىپ.

— قارىسام مال تونۇيدىغان ئادەمدەك قىلىلا، بۇ جانىۋار ياۋاشتەك كۆرۈنگىنى بىلەن قوشقىمۇ، سۆرىمىگىمۇ، ھارۋىغىمۇ يېپىشىپلا قالىدۇ دېسىلە، قېنى قانچىگە ئالىلا؟ — دېدى بېدەك خېرىدارغا قاراپ.

— قانچىگە ساتىدىلا؟

— راست گەپ قىلسام ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى 400 سومغا ئالغان، ئالغىلىرى بولسا ئىز پۇلىغىلا بېرەي.

«يالغان گەپ راست گەپنىڭ چېچىكى» دېگەن توغرا ئېيتىلغان گەپ. سودا دېگەندە راست گەپ قىلىپ پايدا تاپقىلى بولمايدىكەن. ئاتاڭمۇ پۇل، ئاناڭمۇ پۇل بولۇپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنلەردە ئوڭ كۆز سول كۆزنى، ئوڭ قۇلاق سول قۇلاقنى ئالداپ پۇل تاپمىسا قانداقمۇ خەققە يېتىشكىلى بولىدۇ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن مەخسۇم بېدەك ھېلىقى خېرىدارغا ئېشەكنى نەق 120 سوم پايدىسىغا سېتىۋەتكەندىن كېيىن ھارۋىسىغا ھېلىقى يىگىتتىن سېتىۋالغان «شاش» جانىۋارنى قوشۇۋېلىپ، ئۆيىگە راۋان بولدى.

كۈنمۇ تىكلىنىپ قىزىشقا باشلىدى. ئېشەكنىڭ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ نۇقتا سېرىپ مېڭىشلىرى ھاۋا قىزىغىنچە ئۆيگە يېتىۋېلىشنى ئويلىغان مەخسۇم بېدەكنى بەكمۇ خوش قىلىۋەتتى. نوختىنى تارتىپ ئۇنىڭ قوللىرى تېلىپ كەتتى. مەھەللىگە يەتتە چاقىرىمدەك قالغاندا ئېشەكنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا تۆۋەنلەپ، قۇلاقلىرى سالپىيىپ مېڭىشى ئاستىلاپ قالدى. باياتىن نوختىنى تارتىپ تالغان قوللار ئەمدى قامچا ئۇرۇپ تىنمايۋاتاتتى. تۇساتتىنلا ئېشەك سەنتۈرۈلۈپ، چوڭ يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا يېتىۋالدى. مەخسۇم بېدەك ئېشەكنىڭ بېقىنىغا تېپىپ، قۇلاقلىرىدىن تارتىپمۇ باقتى. ئۈنۈمى بولمىدى. ژىنىنى سىرىۋەتكەن ئۈچەيدەك بەدەنلىرى لاسسىدە بوشاپ كەتكەن مەخسۇم بېدەك نېمە قىلارنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. يولدىن ئاندا-ساندا چوڭ-كىچىك ماشىنىلار ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇ موخوركا ئېلىپ گېزىت قەغىزىگە ئوراپ ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئاچچىق شوراۋاتقاندا ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر كىچىك ماشىنا ئاستىلاپ ئۇدۇن قەدەم نېرىغا ئۆتۈپ توختىدى. ماشىنىدىن 28 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر ياش يىگىت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

چۈشۈپ، مەخسۇم بېدىكنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ تەرلەپ-كۆپچۈپ كەتكەن مەيۈس چىرايىغا قاراپ، ئاندىن ئېشەكنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتتى. ئېشەكنىڭ جاۋغىيىدىن ئېقىۋاتقان شالىدىن قاڭسىق هاراق پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇراتتى.

— ئېشەككە هاراق ئىچكۈزۈلگەنىكەن، تېز قۇتقۇزۇش قىلمىساق، زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ قېلىش ئېھتىمالى بار، — دېدى ياش يىگىت مۇلايىم ۋە جىددىي تەلەپپۇز بىلەن.

مەخسۇم بېدىكنىڭ مېڭىسىدىن ئوتتۇن چىقىپ كەتتى. نەپسى قىسىلغاندەك بولدى. ئاۋازلىرى تىترەپ، تىلى تەستە گەپكە ئۇلاشتى:

— سىز كىم بولىسىز، ئۇكام؟

— مەن ئەزىمەت، يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتىدا ئىشلەيمەن. تېزراق بولۇڭ، ئاكا، يەنە بىرەر سائەت كېچىكسە ئېشەك تۈگەيدۇ!

ئەزىمەتنىڭ چاقىرىشى بىلەن ماشىنىدىن يەنە ئىككى يىگىت چۈشتى ۋە قول-قولچە ئېشەكنى هارۋىدىن بوشىتىپ، كۆتۈرۈپ هارۋىغا سالدى. مەخسۇم هارۋىنى سۆرەپ پونكىتقا قاراپ ماڭدى.

هەي، كۆرگۈنۈڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرسەن ئۆلمىگىنىڭ» دېگەن راست ئىكەن، ئېشەككە هاراق ئىچكۈزۈپ سېتىش دېگەن ئاڭلىمىغان، كۆرمىگەن مۆجىزىغۇ-بۇ، تۇۋا، خۇدايىم، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ زادى... مەخسۇم بېدىك هېلىقى يۈزلىرىنى سېرىق ساقال-بۇرۇت قاپلاپ كەتكەن ئورا كۆز ئېشەك ساتقۇچىنى تىللاپ قارغاشقا باشلىدى: جاجاڭنى خۇدا بېرەر ئىلاھىم، ئۆزۈڭنىڭ نېسىۋىسىنى ئېشەككىمۇ ئىچكۈزۈپسەن كاززاپ...

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېشەك ئوڭشىلىپ تۈزە بولدى. لېكىن ئۇ ئەمدى بۇرۇنقىدەك نوختا سىرىپ يۈگۈرۈيدىغان، خارتىلدايىغان، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ باش سىلكىيدىغان «شاش، چېچەن»-لىكىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى. بازارغا بېرىپ-كەلگۈچىلىك نەچچە-نەچچە قامچا-تاياقلار سۇنۇپ تۈگەيتتى. ئېشەك قۇلاقلىرىنى سالپايتقان هالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، تۆت پۇتىنى بىر يەرگە قىلىپ تۈگۈلۈپلا تۇراتتى. خېرىدارلارغا ئالغان باھاسىنى دەپ راست سۆزلىگەن بولسىمۇ، دېگەن باھاغا ساتالمىدى. ئىككى ئاي بوغۇز بىلەن بېقىلغان ئېشەك سەمرىپ تولۇمدەك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ياۋاش، قاشقاق تەبىئىتى زادىلا ئۆزگەرمىدى. بوغۇز، داۋالىتىش ھەققى دېگەنلەرمۇ ھېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. زىيانىنى ئويلىغانسېرى ئىچى سىرىلىپ يۈرىكى غەشلىككە تولغان مەخسۇم بېدىك ئاخىرى غەيرەتكە كەلدى. «ئېتەك ئېشەكتىن قالسا قولىغىنى كەس» دېيىشكەن، قېنى مەن مۇشۇ ئېشەكنى ماڭا ساتقان ھېلىقى پەتەكچىلىك بولالمايمەنما، ھېچ بولمىسا ئىز پۇلىغا ياراپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس، ناھايىتى گۇناھ بولسا ئېشەككە بولار، مەن ئىچمىگەندىكەن.

شەنبە كۈنى مەخسۇم بېدىك ئوغلىنى ماگىزىنىدىن ئەرزانراق هاراقتىن بىر بوتۇلكا ئەكىلىشكە بۇيرىدى. «دادام قېرىغاندا ئەقلىدىن ئازدىمۇ-نېمە؟» دەپ ئويلىدى مەردان دادىسىغا تەئەججۇپ بىلەن قاراپ، ئۇ دادىسىنىڭ هاراقنى ئېشەككە دورا ئورنىدا ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلى ئىزىغا چۈشۈپ ماگىزىنغا ماڭدى.

ئەتىسى مەخسۇم بېدىك ئۆزى ئېشەكنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. ئوغلى هاراقنى ئېشەكنىڭ ئاغزىغا تەڭلىدى. ئېشەك هاراقتىن سەسكىنىپ ھەدەپ بېشىنى سىلكىيتتى، بىرىم بوتۇلكا هاراقنىڭ كۆپ قىسمى ئېشەكنىڭ جاغ نايلىرىدىن ئېقىپ كەتتى.

مەخسۇم بېدىك ئۆتكەنكى ساۋاقنى ئېسىگە ئېلىپ، سەل ئەندىككەندەك بولدى-دە، قالغىنىنى ئەمۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى ۋە هارۋىسىنى قوشۇپ بازارغا يول ئالدى. ئۇ ئادىتى بويىچە پۇلنى پوتىسىغا چىگىپ، بېلىگە چىڭ باغلىدى. يول يېرىمىغا كەلگۈچە ئېشەكنىڭ كەيپىياتىدا ئانچە ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇ قۇلىقىنى سالپايتقىنىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جازا مەيدانىغا كېتىۋاتقان جىنايەتچىدەك سۇلغۇن هالەتتە كېتىپ باراتتى. بايىقى هاراق بىر يەرگە كەلمىگەن ئوخشايدۇ، - دەپ ئويلىدى مەخسۇم بېدىك، - بىزمۇ ياش چاغلىرىمىزدا بىر بوتۇلكا هاراق دېگەننى پۈكەيگە يۆلىنىپ تۇرۇپ غۇپلا قىلىپ كۆتۈرۈۋېتىدىغان، دېمىسىمۇ ئادەمدىن نەچچە هەسسە كۈچلۈك بۇ هايۋانغا يېرىم جىڭ هاراق نېمە بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، هازىرقى هاراقلارنىڭ كۈچىمۇ تايىنلىق، كىم بىلىدۇ، جا هاراقمۇ بۇ تېخى، نېمە بولسا بولسۇن، قالغان يېرىمىنىمۇ ئىچكۈزۈۋېلاۋېتەي. مەخسۇم بېدىك هارۋىنى يولنىڭ بىر چېتىگە تارتىپ، چوكىدىن چوڭراق بىر ياغاچنى تېپىپ، ئېشەكنىڭ ئاغزىغا كۆشەك سالدى. ئاندىن بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئېشەكنىڭ ئاغزىغا تەڭلىدى. بۇ قېتىم بۇ ياۋاش، تىلسىز مەخلۇق مەخسۇم بېدىكنىڭ هىيلىسى ئالدىدا ئامالسىز قالدى. يېرىم جىڭ هاراق بىۋاسىتە قىزىلئۆڭگەچ بىلەن ئۈدۈللا ئاشقازانغا كىرىپ كەتتى. ئۆز قىلمىشىدىن رازى بولغان مەخسۇم بېدىك ئەمدى خاتىرجەم بولغاندەك كۆشۈكنى ئېلىۋەتتى-دە، ئېشەككە قامچا سالدى، دېگەندەكلا بۇ ياۋاش جانىۋارنىڭ كەيپىياتىدا جانلىنىش پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ چېچەنلىشىپ، ئۆركۈپ، ئۈدۈل كەلگەن يەرگە يۈگۈرۈپ مەخسۇم بېدىكنى خېلىلا تەمتىرەتتى. هارۋا بىر ماشىنىغا ئۈرۈلۈپ سىرىنى چۈشۈرۈۋەتكەچكە، 30 يۈەن پۇلمۇ تۆلىدى.

مال بازىرى ئادەتتىكىدەك قىزىپ كەتكەن، مىغىلدىغان ئادەملەر ئۇيان-بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. مەخسۇم بېدىك ئالدىراپ ئېشەكنى هارۋىدىن چىقىرىپ بىر تۈۋرۈككە باغلىدى. ئاندىن بازارنى بىر ئارىلاپ، ئالماقچى بولغان ئېشىكىنىمۇ ئېھتىياتتىن كۆرۈپ قويدى. ئېشەك بايىقى «چېچەن» لىكى بويىچە يەر تاتىلاپ، باش سىلكىپ، دەممۇ دەم هاڭراپ تۇراتتى. ئېشەكنىڭ ئەتراپىغا خېرىدارلار ئولاشتى. ئارىدا بىر ياش خادىكچى بالا سودىغا كىرىشتى. ئېشەكنىڭ باهاسى 750 سومغا تىنىدى. خېرىدار تۆش يانچۇقىدىن پۇلنى ئېلىپ، ساناق 700 گە ئۇلاشقاندا ئېشەك تۇيۇقسىز «گۈپپىدە» يىقىلىپ چۈشتى. ئەتراپتىكىلەر هاڭ-تاڭ بولۇپ بىر مەخسۇم بېدىككە، بىر ئېشەككە قاراشتى. بېدىكنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇھەممەت ئىمىن

## ئەدەبىي تەنقىد ئىلمىي پائالىيەتتۇر

ئەدەبىي ئەسەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى، بۇ ئىنكاس پاسسىپ، ئۆلۈك ھالدا دوراش ئەمەس، بەلكى بىر خىل پائالىيەتچان ئىنكاس. ھەقىقىي ئەدەبىي ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش يازغۇچىنىڭ قايتا ـ قايتا تەسىرلىنىشى، ئۆزلەشتۈرۈشى، چۈشىنىشى ۋە مۇھەببىتى، ئەقىل ـ پاراسىتى سىڭدۈرۈلگەن تۇرمۇشتۇر، شۇڭا ئەدەبىي ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇشقا ھامان يازغۇچىنىڭ تامغىسى چوڭقۇر بېسىلغان بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ خاسلىق خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھەر بىر كىشى تۇرمۇشقا ئۆزىنىڭ خاسلىق نەزەرى بىلەن قارايدۇ، ھەر بىر كىشى ئۆزى ھېس قىلغان ئوبيېكت ئىچىدە ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ. تۇرمۇشتىمۇ شۇنداق، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدىمۇ شۇنداق.

ئەدەبىي ئەسەر ئىنتايىن مۇرەككەپ ئورگانىزم. ئۇ تۇرمۇشتىكى يۈزەكى ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تۇرمۇشنىڭ ئىچكى ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ، بۇ ئەھۋال ئەسەرنىڭ چىنلىقىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. كىتابخاننى جەلپ قىلىدىغان، تەسىرلەندۈرىدىغان، تەربىيىلەيدىغان ئەدەبىي ئەسەر ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ چىن تەسۋىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى قايىل قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. چىنلىق بىلەن يېزىلغان ئەسەرنى ئالساق، كىتابخان ئۇنىڭ توقۇپ چىقىلغانلىقىنى، «يالغان»لىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنى چىن دەپ ئىشىنىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىدۇ، ياكى تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆزىدىن ياش ئاققۇزىدۇ، ياكى ئۇنىڭغا تەنتەنە قىلىدۇ، ئەسەردە ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش ھەقىقىتىنى ھاياجان ئىلكىدە قوبۇل قىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر چىنلىقىنىڭ كۈچى ئەنە شۇ يەردە. شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، بىر ئەسەرنىڭ قىممىتى يالغۇز چىنلىقتىلا ئەمەس، ئۇنىڭ قىممىتى يەنە ياخشىلىق، گۈزەللىكتىمۇ كۆرۈلىدۇ. كىتابخاننىڭ ئەسەرگە قويىدىغان تەلىپى ھامان چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بولىدۇ. يازغۇچى ئىپادىلىگەن تۇرمۇش ـ رېئال گۈزەللىك، ئىجتىمائىي ئېستېتىك ئاڭ بىلەن يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقى ھەمدە مۇئەييەن تەبىئىي ماددىي ماتېرىيالنىڭ ئېستېتىك خۇسۇسىيىتى جەم بولغان تۇرمۇشتۇر، ئەڭ مۇھىمى ھادىسە بىلەن ماھىيەت يۇغۇرۇلۇپ بىر پۈتۈنلۈككە ئايلانغان، گۈزەللىك ئامىلىغا ئىگە بولغان تۇرمۇشتۇر. بەزى ئەسەرلەردە بىرەر ئادەم، بىرەر ئىش، بىرەر كۈلكە، بىرەر خاپىلىق، بىرەر ھەرىكەت، بىرەر

كىچىككىنە روھىي ھالەت يېزىلىسىمۇ، ئەمما بۇ ئوخشاش، ئايرىم نەرسىلەرمۇ يەنىلا بىر پۈتۈنلۈكنى ئۆزىنىڭ بەلگىسى قىلىدۇ. بۇ خۇددى «بىر تال قۇمدىن بىر پۈتۈن دۇنيانى كۆرگىلى بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ئىش. بىر قىسقىغىنە شېئىردا شائىرنىڭ بىردەملىك ۋاقىتتىكى كىچىككىنە تەسىراتى ئىزھار قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ تۇرمۇشنىڭ ھەممە تۈسلىرى پارلاپ تۇرغان بىر پۈتۈن دۇنيادۇر. ئالايلۇق، ئەدەبىي ئەسەردە دائىم كىشىلەرنىڭ كۆزى تەسۋىرلىنىدۇ. يازغۇچى كىشىلەرنىڭ كۆزىنى يەككە ھالدا تەسۋىرلىمەيدۇ، بولۇپمۇ نوقۇل ھالدا كۆزىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشىنى تەسۋىرلىمەيدۇ، بەلكى مەلۇم كىشىنىڭ كۆزىنىڭ قىياپەت - ھالىتىنى شۇ كىشىنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرى، تۇرمۇش تەقدىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇنداق بىر پۈتۈنلۈككە ئايلانغان تۇرمۇشنىڭ ئەسەرنىڭ ئوبيېكتى ۋە مەزمۇنى بولۇش - بولماسلىقى يەنە ئۇنىڭ گۈزەللىك بىلەن باغلانغان بولۇش - بولماسلىقىغا باغلىق. ئەگەر بۇنداق تۇرمۇش گۈزەللىك بىلەن باغلانمىغان بولسا ياكى بەدىئىي تەسۋىردىن كېيىنمۇ گۈزەللىك بىلەن باغلانمىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇ ئەسەرنىڭ ئوبيېكتى ۋە مەزمۇنى بولالمايدۇ. يازغۇچى، شائىرلار رېئاللىقتىن شېئىرىي تۇيغۇغا ئىگە بولغان نەرسىنى ياكى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق شېئىرىي تۇيغۇغا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغان نەرسىنى تاپالمىسا، ئۇ ھالدا ئەدەبىي ئەسەر ئۆزىنىڭ ئوبيېكتى ۋە مەزمۇنىدىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ. ل. تولستوي: «يازغۇچىلىقنىڭ غول تارىلىرىدىن بىرى شېئىرىي تۇيغۇ ھاسىل قىلغانلىق بىلەن شېئىرىي تۇيغۇ ھاسىل قىلالمىغانلىق ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرمىدىن ئىبارەت» دەيدۇ. بۇ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان سۆز. ئەمما بۇنداق دېگەنلىك ھەقىقىي ئەدەبىي ئەسەردە سەت، يامان نەرسىلەرنى يازغىلى بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئەسەردە سەت، يامان نەرسىلەرنى يازغىلى بولىدۇ. قاباھەتلىك، يىرگىنىشلىك نەرسىلەرنى يازغاندا، يازغۇچى بەلگىلىك گۈزەل غايىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، سەت، يامان نەرسىلەرنى يوقىلىدىغان، يىمىرىلىدىغان، پاش قىلىنىدىغان، مەسخىرە قىلىنىدىغان نەرسىلەر قىلىپ يازىدۇ، نەتىجىدە تۇرمۇشتىكى سەت، يامان نەرسىلەر بەدىئىي گۈزەللىككە ئايلىنىدۇ، دېمەك، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئوبيېكتى ۋە مەزمۇنى گۈزەللىك ئامىلىغا ئىگە بولغان تۇرمۇشتۇر، گۈزەللىك بىلەن ئۇنداق ياكى مۇنداق باغلىنىشى بولمىغان تۇرمۇشنىڭ ئەدەبىي ئەسەرگە كىرىشى مۇمكىن ئەمەس، زورمۇزور كىرگۈزۈلگەن تەقدىردىمۇ كىشىنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ. يازغۇچى ئەسەرنى كىتابخانلار زوقلانسۇن دەپ يازىدۇ، زوقلىنىش، تەسىرلىنىش ئارقىلىق يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى كىتابخانلارغا يېتىدۇ، شۇنداقلا كىتابخانلاردا مەنىۋى تەسىرات پەيدا قىلىدۇ، كىتابخانلارنىڭ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئىرادىسىنى قوزغايدۇ. مۇبادا ئەدەبىي ئەسەردە چىن، تەسىرلىك، جانلىق پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلمىسا، تۇرمۇشتىكى دولقۇنلۇق، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان سيۇژېت تەسۋىرلەنمىسە، ھېسسىيات بىلەن مەنزىرە بىرلەشتۈرۈلمىسە، كىشىنى ئويغا سالىدىغان، ھاياجانلاندۇرىدىغان مۇھىت بەرپا قىلىنمىسا، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، ئالاھىدە ئاھاڭدار، كىتابخاننى خىيال ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلدۇرىدىغان تەسۋىرىي كۆرۈنۈشلەر بولمىسا، ئەسەرنىڭ ئۆزگىچە ئوبيېكتى ۋە مەزمۇنىنى ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. ئادەتتىكى بايان، ئابستراكت ۋەز - نەسىھەت ئەدەبىي ئەسەردە غەلىبە قازىنالمايدۇ.

يازغۇچى - سەنئەتكارنىڭ ئەسەرنى ئىجاد قىلىشتىكى مەقسىتى ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى كىتابخانلارغا يەتكۈزۈپ، ئەسەرنى ئىجتىمائىي رول ئوينايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەتكە قانداق

www.uyghurkitap.com

يەتكىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىي زوقلىنىش ـ ئەدەبىي ئىستېمالدىن ئىبارەت ۋاستىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەدەبىي زوقلىنىش پائالىيىتى ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رول ئوينىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ھالقا بولۇپ، ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەدەبىيات ئىلمىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىي زوقلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەدەبىي زوقلىنىش ئۈچۈن ئوبيېكت ھازىرلايدۇ، ئەدەبىي زوقلىنىشنىڭ ئېھتىياجى بولسا، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئەدەبىي ئىجادىيەت زوقلانغۇچىغا نەرسە ئىشلەپچىقىرىدۇ ھەمدە زوقلانغۇچىنىڭ ئەدەبىي زوقلىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «سەنئەتلىك نەرسە سەنئەتنى بىلىدىغان ۋە گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنالايدىغان ئاممىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ»، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىي زوقلىنىشنىڭ ئېھتىياجى، تەلىپى ۋە ئۈنۈمى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بىر خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچمۇ بولىدۇ. چۈنكى يازغۇچىلارنىڭ زوقلانغۇچىلارنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجلىرىنى كۆزدە تۇتماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، يازغۇچى قەلەم تەۋرەتكەندە، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز تۈردە زوقلانغۇچىنى كۆڭلىدىن چىقارمايدۇ، بۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بىر قانۇنىيەت. ھازىر ئەدەبىي ئىجادىيەت «ئۆزىنى ئىپادىلەش»تۇر، ئاممىنىڭ زوقلىنىش تەلىپى ۋە ھەۋىسى بىلەن كارىمىز بولمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدىغان بىر خىل مۇقام بار. بۇ خاتا مۇقامدۇر. بىلىش كېرەككى، يازغۇچى كىتابخانلار ئاممىسىدىن ئايرىلالمايدۇ، چۈنكى يازغۇچىنىڭ كىتابخانلار ئاممىسىنىڭ زوقلىنىش تەلىپى بىلەن كارى بولمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئەسىرى كىتابخانلارنىڭ باھاسى ۋە ھۆكۈمىدىن ئايرىلالمايدۇ. «كىتابخانلار توپى ئەدەبىياتنىڭ ئالىي سوت كوللېگىيىسى، ئالىي كېسىمچىسى.» يازغۇچىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن كارى بولمىغىنى بىلەن، خەلق ئاممىسىنىڭ يازغۇچىنىڭ ئەسىرى بىلەن كارى بولىدۇ. چۈنكى خەلق ئاممىسىنىڭ نەزەرىدە ئىجادىيەت ھەرگىز شەخسنىڭ خۇسۇسىي ئىشى ئەمەس، بۇ خەلق ئاممىسىغا مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئىش، شۇڭا خەلقنىڭ ئۆزلىرىگە بېرىلگەن مەنىۋى ئوزۇقنىڭ سۈپىتىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.

هازىر، بىر يازغۇچىنىڭ ئۆز ئىستىكى بولىدۇ، شۇ يازغۇچىنىڭ مۇئەييەن كىتابخانلىرى بولسىلا بولىدى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەلىپىگە ماسلىشىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ھېسابلايدىغان يەنە بىر خىل مۇقاممۇ بار. «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئاز سانلىق مۇنەۋۋەر شەخسلەرلا ھوزۇرلىنالايدىغان، كەڭ ئامما ھوزۇرلىنالمايدىغان نەرسە بولۇپ قالسا بولمايدۇ. ئەسەرنىڭ سەۋىيىسى قانچە يۇقىرى بولسا، دىلكەشلىرى شۇنچە ئاز بولىدۇ، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، مۇشۇ بويىچە ئەقلىي يەكۈن چىقارساق، ھېچكىم بىلمەيدىغان نەرسە دۇنيادا قالتىس ئەسەر بولۇپ كەتمەمدۇ؟» (لۇشۈن) بۇنداق دېگەنلىك زوقلانغۇچى ئامما ئەقەللىي مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەربىيىسىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. زوقلانغۇچىدا ئەدەبىياتتىن زوقلىنالىغۇدەك شەرت ـ شارائىتنىڭ ھازىرلانغان بولۇشى لازىملىقى شۈبھىسىز، يەنى ئەدەبىي ئەسەردىكى بەدىئىي گۈزەللىكتىن ئىبارەت بۇ مۇئەييەن زوقلىنىش ئوبيېكتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەممىلا ئادەم زوقلىنىش سۇبيېكتى بولۇپ كېتەلمەيدۇ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن زوقلانغۇچى سۇبيېكت ـ كىتابخاننىڭمۇ بەلگىلىك مەدەنىيەت شارائىتى ۋە ئىدىيىۋى سەۋىيىسى بولۇشى كېرەك، كىتابخان ھەممىدىن ئاۋۋال، ساۋاتلىق بولۇشى، ئۇنىڭدىن قالسا، ئاددىي، ئومۇمىي بىلىمگە ئىگە بولۇشى، ئىدىيە ۋە ھېسسىيات جەھەتتىمۇ بەلگىلىك سەۋىيىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، ئەدەبىيات

بىلەن ئالاقىلىشالمايدۇ. ساۋاتسىز، بىلىمسىز ئادەم ئەسەر ئوقۇيالمايدۇ، مەلۇم ئىدىيىۋى سەۋىيىسى بولمىغان ئادەمنىڭ ئەسەرنى چۈشىنىشى، زوقلىنىشى، تەبىئىيكى، زور چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، كىتابخاندا ئەدەبىي ئەسەردىكى بەدىئىي گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولۇش، ئۇنى بىلىش، چۈشىنىش، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى ۋە مەلۇماتى بولۇشى، ئەڭ مۇھىمى، بەدىئىي گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنالايدىغان، زوقلىنالايدىغان قەلب مۇھىتى بولۇشى كېرەك. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «بەدىئىي ھوزۇر ئالاي دېسەڭ، ئۆزۈڭ بەدىئىي تەربىيە كۆرگەن بولۇشۇڭ كېرەك». بىزنىڭ زوقلىنىش تەجرىبىمىزمۇ مۇنداق بىر نەرسىنى تولۇق دەلىللىدى: مۇزىكا جەھەتتىن ھېچقانداق تەربىيە كۆرمىگەن كىشىگە ھەرقانچە يېقىملىق سىمفونىيىمۇ زوقلىنىش نىشانى بولالمايدۇ. تۇرمۇشتا قىينىلىپ ئەرەڭ-سەرەڭ يۈرىدىغان ئادەمگە مۇزىكا ئاڭلاش خۇش ياقمايدۇ. ئىشىنىڭ كۆپلۈكىدىن پايپېتەك بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ بىر روماننى ئوقۇپ چىقىشقا كۆڭلى بارمايدۇ ... بۇنىڭدىن زوقلانغۇچىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن كۆرگەن تەربىيىسى ۋە بەدىئىي ئىقتىدارىنىڭ ئەدەبىي زوقلىنىش پائالىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى مۇپەسسەل چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۇنى يەنىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتىدە كىتابخان بىلەن ئاپتور ئوتتۇرىسىدا ھېسسىيات ئورتاقلىقى بولۇشى كېرەك. مۇبادا بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇنلىشىش بولمىسا، كىتابخاندا گۈزەللىك تۇيغۇسى پەيدا بولالمايدۇ؛ ئۇيغۇنلىشىش ئالامىتى سېزىلسە، ئالاقە ھاسىل بولىدۇ - دە، ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئالمىشىدۇ، بەدىئىي زوقلىنىش پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، لېنىن بېتخوۋېننىڭ مۇزىكىلىرىدىن لەززەتلىنىپ مۇنداق دېگەن: «〈يارقىنلىق مۇزىكىسى〉 دىن ياخشىراق نەرسىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن، ھەر كۈنى ئاڭلىغۇم كېلىدۇ. بۇ مۇزىكا ئالەمدە تېپىلماس قالتىس مۇزىكا ئىكەن. ئادەممۇ مۇشۇنداق مۆجىزە يارىتالايدىكەن - ھە! دەپ ئويلاپ كېتىمەن، بەلكىم بۇ بالىلارچە داڭلىغانلىق بولۇپ قالار».

لېنىن يەنە لېۋتولستوي ئۈستىدە توختىلىپ گوركىيغا مۇنداق دېگەن: «پىر ئۇستاز كىشى - دە، شۇنداقمۇ قالتىس ئۇلۇغ ئادەم - دە! بۇرادەر، سەنئەتكار دەپ ئەنە شۇنى دەيدۇ ... بىلەمسىز، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە نېمە بار ئىكەن؟ بۇ گرافتىن ئىلگىرىكى ئەدەبىياتتا ھەقىقىي دېھقان يوق ئىدى».

ئەدەبىي ئەسەر دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنىڭدىن زوقلىنىش بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇنى باھالايدۇ، تەنقىدمۇ قىلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىي زوق ۋە ئەدەبىي تەنقىد بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۈچ خىل پائالىيەت، ئەمما ئۇلار بىر - بىرىگە بېقىنىدىغان، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۈچ تەرەپتۇر. ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى، بەدىئىيلىكى ۋە بۇ جەھەتلەردە قانچىلىك سەۋىيىگە يەتكەنلىكى ھەققىدىكى تەھلىل ۋە باھادۇر. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى قىيپالىڭاچ ئۇقۇم بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىمۇ بەزى سۆزلەرنىڭ چىرايلىق ۋە بەدىئىي ماھارىتىنىڭ قالتىسلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكى ئەدەبىي ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن بەدىئىي ئوبراز پۈتۈنلۈكىدە بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تەنقىدچى ئەدەبىي زوقلىنىش ئارقىلىق بەدىئىي ئوبرازنى ئىگىلەيدۇ، بىلىدۇ ۋە تولۇق ئۆزلەشتۈرىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاساسىدۇر. ئەدەبىي زوقلىنىش ئاساسىدىكى ئەدەبىي تەنقىدلا بەدىئىي ئوبرازغا سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيىۋى مەزمۇننى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ، بەدىئىي ئوبرازدىكى ھەممە جانلىقلىق، چىنلىق، تىپىكلىك ۋە موللۇقنى

بىلەلەيدۇ، ئەدەبىي ئەسەرنى خالىغانچە ئەمەس، بەلكى توغرا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ۋەزنىلىك باھالىيالايدۇ. تەنقىدچى بولغان ئادەم ئالدى بىلەن ئەدەبىي زوقلانغۇچى بولۇشى كېرەك، تەنقىدچىنىڭ سېزىمى ۋە بايقىشى ئۆتكۈر بولۇشى، تەسەۋۋۇرى ۋە ھېسسىياتى مول بولۇشى، بەدىئىي چۈشىنىش ئىقتىدارى چوڭقۇر بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەسەردىكى بەدىئىي ئوبراز بىلەن ئۇچراشقاندا، بارلىق ئىستېتىك ۋە روھىي ھال ئىقتىدارىنى تېز ئىشقا سېلىپ، ئەسەردىكى بەدىئىي ئوبرازنى دەل جايىدا ئۆزلەشتۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. بۇنداق زوقلىنىش ئىقتىدارى كەم ئادەمنى تەنقىدچى دېگىلى بولمايدۇ. ھازىر ئەسەرنى باھالاشتا ئاۋۋال ئەسەرنىڭ باش تېما ئىدىيىسىنى تەھلىل قىلىپ، ئاندىن ئەسەرنىڭ يېزىلىش ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىدىغان ئىككى باسقۇچلۇق باھالاش ئۇسۇلى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلماقتا. ئەسەرنىڭ باش تېما ئىدىيىسىنى تەھلىل قىلغاندا، ئېقىۋاتقان شوئار ۋە ئومۇمىي سىياسەت ماددىلىرىنى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا تاڭىدىغان ياكى ئەسەرنىڭ باش تېما ئىدىيىسىنى بەزى داغدۇغىلىق سۆزلەر بىلەن يىغىنچاقلايدىغان، ئەسەرنىڭ يېزىلىش ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلغاندا، كۆپىنچە، «قۇرۇلمىسى ھەم»، «سيۇژېت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق»، «قاتلاملىرى ئېنىق»، «ھېسسىيات بىلەن مەنزىرە بىرىككەن»، «تىلى گۈزەل»... دېگەنگە ئوخشاش تەييار تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قاتار تىزىۋالىدىغان ئەھۋال بار. بۇنداق ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئاساسىي يېتەرسىزلىكى شۇكى، تەنقىدچى ئەسەردىكى بەدىئىي ئوبرازغا ئىچكىرىلەپ كىرمىگەن ياكى كىرسىمۇ يېتەرلىك كىرمىگەن. بۇنداقتا ئوبرازدىن ئايرىلىپ تۇرۇپ تەييار تەكەللۇپ سۆزلىرى بىلەن ئەسەرنى چوڭقۇر، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن باھالىغىلى بولمايدۇ.

ئەدەبىي تەنقىد بىر خىل ئىلمىي بولغان ئىستېتىك پائالىيەت. ئۇنىڭ ئوبيېكتى ۋە مەزمۇنى ئەدەبىي ئەسەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئۇ بارلىق ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدتە ئەدەبىي زوقلىنىش ئاساس، ئوبرازنى مۇپەسسەل بىلىش ئالدىنقى شەرت قىلىنىسىمۇ، لېكىن ئاساسلىقى يازغۇچى ۋە ئەسەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قانۇنىيەتلىك نەرسىنى تېپىپ چىقىش مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تەنقىدتە تەنقىدچى ئادىل بولۇشى كېرەك، ئەسەرنى بىر - ئىككى ئادەمنىڭ ياقتۇرۇشى ياكى ياقتۇرماسلىقىغا قاراپ باھالاشقا بولمايدۇ. تەنقىدچى ئۆز ھېسسىياتى بويىچە ئەسەرنى خالىغانچە ئۇچۇرىدىغان ياكى چۆكۈرىدىغان ئىشنى قىلماسلىقى، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى قىممىتى ۋە بەدىئىي قىممىتىنى مۇئەييەن تارىخىي نۇقتىئىنەزەر ۋە ئىستېتىكا نۇقتىئىنەزەرى بويىچە ئوبيېكتىپ ۋە لىللا چۈشەندۈرۈشى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ۋە يېتەرسىز بولغان جايلىرىنى ئىلمىي باھالىشى كېرەك. ئەدەبىي تەنقىد مۇئەييەن سىياسىي - ئىدىيىۋى، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى قاراش ۋە مۇئەييەن ئىستېتىكا كۆز قارىشىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىشى، ئۇ ئىجتىمائىي تەنقىد بىلەن ئىستېتىكا تەنقىدىنىڭ بىرلىكى بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئەدەبىي ئەسەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى باھالايدۇ، ئەدەبىي تەنقىد ئالدى بىلەن بۇ باھانىڭ چىن، توغرا، چوڭقۇر بولغان - بولمىغانلىقىنى، ئاندىن قانچىلىك چىن بولغانلىقىنى، قانچىلىك توغرا بولغانلىقىنى ۋە قانچىلىك چوڭقۇر بولغانلىقىنى سىنايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئوبيېكتى بەرىبىر ئەدەبىيات بولغاچقا، ئەدەبىي تەنقىد نوقۇل ئىجتىمائىي تەنقىد بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تەنقىدنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئىستېتىكا تەنقىددۇر. بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى گۈزەللىك نۇقتىسىدىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇنىڭدا گەرچە سىياسىي، ئەخلاق،

ئىقتىساد، دىن، پەلسەپە قاتارلىق ئىجتىمائىي ئاملىلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بەلگىسى گۈزەللىكتۇر. شۇڭا گۈزەللىك خۇسۇسىيىتى بولغان ئەدەبىي ئەسەرنى ئۆزىنىڭ ئوبيېكتى قىلىدىغان ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئېستېتىكا تەنقىدى بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

ئەدەبىي تەنقىد ھەر خىل بولىدۇ، تەنقىدنىڭ ياخشى نىيەتتىكىسىمۇ، يامان نىيەتتىكىسىمۇ بولىدۇ؛ توغرىسىمۇ، خاتاسىمۇ بولىدۇ؛ چوڭقۇرىمۇ، تېيىزىمۇ بولىدۇ. يامان نىيەتتىكى تەنقىد، خاتا تەنقىد، تېيىز تەنقىد يازغۇچىغا قىلچە پايدا كەلتۈرمەيدۇ. يېقىنقى يىللاردا بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا غەرىزى توغرا بولمىغان يامان نىيەتتىكى تەنقىدلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى، شۇنداقلا كەلسە - كەلمەس ماختاپ ئۇچۇرىدىغان تېيىز - يۈزە ئوبزورلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى، مۇنداق تەنقىد ۋە ئوبزورلارنىڭ يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. ياخشى نىيەتلىك، توغرا، چوڭقۇر ئەدەبىي تەنقىدتە نۇرغۇن ھەقىقىي بىلىم، ياخشى ئىجتىمائىي قاراش بولىدۇ، يازغۇچى بۇنداق تەنقىدنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇنداق تەنقىدنى ئەينەك قىلىپ، ئۆز ئىجادىيىتىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكنى خۇشاللىق بىلەن تېپىپ چىقىپ، روھلىنىدۇ، ئىلھاملىنىدۇ. بۇنداق تەنقىدنىڭ يازغۇچىلارغا ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. «ھەرقانداق تالانتلىق دراماتورگمۇ تەنقىدچىگە مۇھتاج . . . ئەگەر ئۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق، ئۆزىدىنمۇ تالانتلىق تەنقىدچىگە يولۇقسا، نەقەدەر بەختلىك بولاتتى - ھە؟!» (دىدېرو) توغرا، ئىلمىي، چوڭقۇر ئەدەبىي تەنقىد كۆپىنچە ئەسەردىكى ھەتتا ئاپتورنىڭ ئۆزىمۇ تولۇق تونۇپ يېتەلمىگەن چوڭقۇر مەنىنى تېپىپ چىقىپ، كىتابخانغا ئىنتايىن زور ئىلھام بېرەلەيدۇ. شۇڭا تەنقىدچى ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇشقا توغرا باھا بېرىمەن دېسە، رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى چوڭقۇر بىلىشى ۋە توغرا چۈشىنىشى لازىم. چۈنكى ئەدەبىي ئەسەرلا ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۈستىدىكى ئىنكاس، بىلىش ۋە باھا بولۇپلا قالماستىن، ئەدەبىي ئەسەر ئۈستىدىكى تەنقىدمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش، بىلىش ۋە باھالاشنىڭ بىر ئالاھىدە ئۇسۇلىدۇر. ئەدەبىي تەنقىدتە تەنقىدچىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىققا تۇتقان مەلۇم پوزىتسىيىسى دائىم گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مۇھىملىقىمۇ شۇنىڭدىكى، ئۇنىڭ بەدىئىي ئەسەر ئۈستىدىكى تەھلىلى ۋە باھاسىدا تەنقىدچىنىڭ رېئال تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ھادىسە ئۈستىدىكى تەھلىلى ۋە باھاسى نامايان بولىدۇ. دېمەك، تەنقىدچى رېئاللىقنى ئاساس قىلمايدىغان بولسا، ئەدەبىي ئەسەرنى توغرا چۈشىنەلمەيدۇ ۋە توغرا باھالىيالمايدۇ. مەيلى توغرا ياكى خاتا تەنقىد بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭدا رېئال ئاساس ئېنىق قويۇلغان ياكى قويۇلمىغان بولسۇن، بۇ تەنقىدتە ھامان تەنقىدچىنىڭ رېئال تۇرمۇش ئۈستىدىكى توغرا ياكى خاتا، چوڭقۇر ياكى يۈزەكى تونۇشى ئىپادىلىنىدۇ. رېئال تۇرمۇش ئۈستىدە توغرا ۋە چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلمىغان تەنقىدچىنىڭ رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولغان ئەدەبىي ئەسەر ئۈستىدە توغرا ۋە چوڭقۇر ھۆكۈم قىلالىشى قىيىن. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ رېئاللىق بىلەن جانلىق باغلىنىشى بولغاچقا، ئۇ ئەدەبىي ئەسەرگە توغرا مەيدان، توغرا پوزىتسىيە بىلەن ئادىل، ھەققانىي باھا بەرگەندىلا، ئاندىن ئۇ كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرنى توغرا چۈشىنىشى، شۇنداقلا كىشىلىك تۇرمۇشنى توغرا تونۇپ يېتىشىگە ياردەم بېرەلەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، تەنقىدچىنىڭ ماقالىسى رېئاللىقتىن چەتنەپ كەتسە، ئۇ ھالدا تەنقىدچىنىڭ ماقالىسى ئەدەبىي ئەسەرنى ۋە تۇرمۇشنى توغرا تونۇپ يېتىشكە يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com



ھەر بىر ئەدەبىي ئەسەردە مەلۇم ئىدىيىنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم تۇرمۇش ماتېرىياللىرى تەسۋىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن، يازغۇچى بۇ تۇرمۇش ماتېرىياللىرىغا مەلۇم پوزىتسىيىدە بولىدۇ ۋە باھا بېرىدۇ، يا ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، يا ئىنكار قىلىدۇ، يا ماختايدۇ، يا رەت قىلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچى مانا مۇشۇنداق ئەدەبىي ئەسەرنى مۆلچەرلىگەن ۋە باھالىغاندا، ھامان مەلۇم سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، پەلسەپۋى نۇقتىئىنەزەرنى ۋە مەلۇم ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەرنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ مەلۇم تارىخىي نۇقتىئىنەزەر ۋە ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەرنى كونكرېت تەتبىقلاش داۋامىدا مەلۇم تەنقىد ئۆلچىمى تەبىئىيلا بارلىققا كېلىدۇ. ئالايلۇق، قانداق ئەسەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، قانداق ئەسەرنى ئىنكار قىلىش، ئەسەرنىڭ قايسى تەرىپىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، قايسى تەرىپىنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن، ئۆلچەيدىغان مەلۇم ئۆلچەمنىڭ بولۇشى مۇقەررەر، ھەر قانداق ئەدەبىي تەنقىدچى بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. «بىز ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدى تارىخىدا مەلۇم دائىرىسى بولمىغان تەنقىدچىنى كۆردۇقمۇ؟ ھەممە تەنقىدچىنىڭ ئۆز دائىرىسى بار، يا گۈزەللىك دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ، يا چىنلىق دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ، يا تەرەققىيپەرۋەرلىك دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. مەلۇم دائىرىسى بولمىغان تەنقىدچىنى ھاماقەت دېيىش كېرەك» (لۇشۈن). تەسىراتچىلىق ئېقىمىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنى ئالىدىغان بولساق، ئۇلار ئەسەرنى باھالىمايمىز، تۇيغۇ، تەسىراتىمىزنىلا سۆزلەيمىز دېگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بۇ تۇيغۇ، تەسىراتمۇ مەلۇم تەنقىد ئۆلچىمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بارلىققا كېلىدۇ. نېمىشقا تەنقىدچىدە بۇ ئەسەر ھەققىدە تۇيغۇ قالىدۇ- يۇ، ئۇ ئەسەر ھەققىدە تۇيغۇ، تەسىرات قالمايدۇ؟ ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆلچەم بولغانلىقتىن شۇنداق بولىدۇ. ئۆلچەمسىز ئەدەبىي تەنقىد يوق. ئەدەبىيات تارىخىدا ئەدەبىي ئەسەرگە ئومۇمەن ئىككى نۇقتىدىن، باشقىچە ئېيتقاندا، ئىككى تەرەپتىن باھا بېرىلىپ كەلدى: بىر تەرەپتىن، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ ياخشى بولغان ياكى يامان بولغانلىقى تەكشۈرۈلدى، بۇ - ئىجتىمائىي باھا، بولۇپمۇ ئىدىيىۋى باھا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسەرنىڭ ئۆزىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەت، ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىك تەكشۈرۈلدى، بۇ- بەدىئىي باھا بولۇپ گەۋدىلەندى. بۈگۈنكى كۈندە كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسىدە ئىدىيىۋى ئۆلچەم ۋە بەدىئىي ئۆلچەم دېگەن ئىككى ئۆلچەمگە مەركەزلەشتى، بۇنىڭ بۇنداق بولۇشىنى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى بولغان ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە خاراكتېرى بەلگىلىدى. ئەدەبىي ئەسەر تارىخىي ئامىل بىلەن ئېستېتىك ئامىلنىڭ بىرلىشىشى بولغاچقا، ئەدەبىي ئەسەر مۇقەررەر ھالدا ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك دېگەن ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تارىخىي ئامىلى بىلەن ئېستېتىك ئامىلىنى مۆلچەرلەشتە ۋە باھالاشتا، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىدىيىۋى ئۆلچىمى ۋە بەدىئىي ئۆلچىمى بولماي مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى دېگەن نېمە؟ ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى دېگىنىمىز ئەدەبىي ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇشنىڭ ئىدىيىۋى ئەھمىيىتى ۋە ئاپتورنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسى، بەرگەن باھاسىنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكىگە، ئاساسەن تۇرمۇش تەسۋىرىنىڭ بەدىئىي چىنلىقى، تىپىكلىكى ۋە ئۇنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بولغانلىقى، ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەرىنىڭ ئىلغارلىقى، تەرەققىيپەرۋەرلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ ياخشى- يامانلىقى، كۈچلۈك - ئاجىزلىقى قاتارلىق مەزمۇنلار كىرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى بەدىئىيلىكتىن ئايرىلالمايدۇ. چۈنكى شەكىل مەزمۇننىڭ

مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى شەرت بولغىنىغا ئوخشاش، بەدىئىيلىك ئىدىيۋىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى شەرتتۇر. ئۇنداقتا، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى دېگەن نېمە؟ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى، ئاساسەن، ئوبرازنىڭ جانلىقلىقى، بەدىئىي تەسۋىرنىڭ چىنلىقلىقى، يارىتىلغان تىپنىڭ مۇكەممەللىكى، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ ئورگانىك بىرلىكى، ئوبرازنىڭ مىللىيلىقى، بەدىئىي جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىك، بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىز بولۇشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنداقتا ئىدىيۋى ئۆلچەم بىلەن بەدىئىي ئۆلچەمنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ ئەدەبىي تەنقىد تارىخىدا، ئەدەبىي ئەسەرنى مۆلچەرلەش، باھالاش ۋە تەنقىدلەشتە قايسى جەمئىيەت، قايسى دەۋردە بولسۇن، هامان ئىدىيۋى ئۆلچەمنى بىرىنچى ئورۇندا، بەدىئىي ئۆلچەمنى ئىككىنچى ئورۇندا قويۇپ كەلدى. ئىدىيۋى ئۆلچەمنىڭ بىرىنچى ئورۇندا، بەدىئىي ئۆلچەمنىڭ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇشى ئەدەبىي تەنقىدتىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بولغانلىقتىن، تۈرلۈك ئىجتىمائىي گۇرۇھ، تەبىقىلەرگە تەۋە تەنقىدچىلەر ئەمەلىي تەنقىد پائالىيىتىدە بۇ قانۇنىيەتكە ئاڭلىق بولسۇن ياكى ئاڭسىز بولسۇن چوقۇم ئەمەل قىلىدۇ، ئالايلۇق، بۇرژۇئازىيىمۇ گۈللىنىش باسقۇچىدا تۇرغاندا ئىدىيۋى ئۆلچەمنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇرژۇئازىيە يەنىلا پرولېتارىياتنىڭ يالقۇنلۇق، كۈرەشچان، جەڭگىۋار تۈستىكى ئەسەرلىرىنى، ئۇلارنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ قانچە ئۈستۈن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر هامان چەتكە قاقىدۇ، ئۇنى تىللايدۇ، چۈكۈرىدۇ، ھەتتا تەقىپ قىلىدۇ. شۇنداقلا پرولېتارىياتمۇ كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ھەر خىل زىيانلىق، ئەكسىيەتچى، چۈشكۈن، چىرىك، شەھۋانىي ئەسەرلەرنى ئىدىيە جەھەتتىن ئۆلچەپ، چەتكە قاقىدۇ. بۇ يەردە بىزنىڭ ئىدىيۋى ئۆلچەم بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ دېگىنىمىز ئىدىيۋى ئۆلچەم بىردىنبىر ئۆلچەم دېگىنىمىز ئەمەس؛ بەدىئىي ئۆلچەم ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ دېگىنىمىز بەدىئىي ئۆلچەم مۇھىم ئەمەس دېگەنلىكىمىز ئەمەس. ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىدە بەدىئىي ئۆلچەم چوقۇم مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇشى كېرەك. چۈنكى بەدىئىيلىك ئەدەبىي ئەسەر ئۈچۈن بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان نەرسە بولماستىن، بەلكى ئەسەر ئىدىيۋىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئالدىنقى شەرتتۇر. شۇڭا بەدىئىيلىك ئىنتايىن مۇھىم نەرسە، هېچقانداق بەدىئىيلىكى بولمىغان ئەسەرنى ئەدەبىي ئەسەر دېگىلىمۇ بولمايدۇ، ئۇنداق ئەسەر ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئوبيېكتىمۇ بولالمايدۇ. «ئۆزىنى بەدىئىيلىكى بار دەپ هېسابلىغان ئەسەر بەدىئىيلىكنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمىسا، بۇنداق ئەسەر ساختا، ئۆلۈك، يىرگىنىشلىك بولىدۇ، ھەرقانداق خاھىش ئۇنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ. سەنئەت دېگەن مەلۇم ئىدىيە ۋە خاھىشنى تارقاتقۇچى بولسا بولىدۇ، ئەمما سەنئەت ئالدى بىلەن سەنئەت بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، بەدىئىي ئەسەرلەر رېئاللىقنىڭ جانلىق كۆچۈرۈلمىسى بولماي، ئۆلۈك مىسال، سوغۇق ماقالە بولۇپ قالىدۇ» (بېلىنىسكى). دېمەك، بىز ئىدىيىسى، خاھىشى خاتا بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىمۇ رەت قىلىمىز؛ ئىدىيىسى، خاھىشى توغرا بولۇپ، بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچى بولمىغان شوئارۋازلىق خاھىشىنىمۇ رەت قىلىمىز.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تېما ئىنتايىن كەڭ، تەسۋىرلەش ئوبيېكتى خىلمۇ خىل بولۇشى كېرەك. خەلق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئەدەبىي ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلسە ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىلسە بولىدۇ، ھەرخىل شەخسلەر، مەسىلەن، ئىلغار شەخسلەر، خەلق قەھرىمانلىرى، قالاق شەخسلەر،

www.uyghurkitap.com



سەلبىي شەخسلەر يېزىلسا بولىدۇ، گەپ ئاپتورنىڭ خەلق مەيدانىدا تۇرغان ـ تۇرمىغانلىقى، خەلق مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ـ ئەتتۈرمىگەنلىكى، خەلقنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، تەلىپى، ئارزۇسى ۋە غايىسىنى ئىپادىلىگەن ـ ئىپادىلىمىگەنلىكىدە. بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدىمىز مەلۇم ئەسەرنى باھالىغاندا يازغۇچىنىڭ خەلق مەيدانىدا تۇرغان ـ تۇرمىغانلىقىنى، خەلقنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى قانچىلىك ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىنى، خەلق مەنپەئىتىگە قانچىلىك ئۇيغۇن كەلگەنلىكىنى، خەلقنىڭ ئارزۇ ۋە غايىسىنى قانچىلىك ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىنى تەكشۈرىدۇ ۋە باھالايدۇ. ئەدەبىي تەنقىدتە ئاساسلىقى ئەدەبىي ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رېئال تۇرمۇشنىڭ چىنلىقى ۋە چوڭقۇرلۇقى باھالىنىدۇ. بەزىلەر رېئاللىقتىكى يورۇقلۇق تەرەپنى مەدھىيىلەشلا چىنلىق بولىدۇ، تۇرمۇشتىكى قاراڭغۇ تەرەپنى پاش قىلىش جەمئىيەتنى، خەلقنى خۇنۇكلەشتۈرگەنلىك بولۇپ، چىنلىق بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش خاتا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتتا مەدھىيىلەشمۇ، پاش قىلىشمۇ بولۇشى كېرەك، مەدھىيىلەش بىلەن پاش قىلىش بىر ـ بىرىگە زىت، بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان نەرسە ئەمەس، چۈنكى يورۇقلۇق تەرەپ بولغان تۇرمۇشتا قاراڭغۇلۇق تەرەپنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ، شۇڭا مەدھىيە بار يەردە پاش قىلىشنىڭ بولۇشى مۇقەررەر. ئەدەبىي تەنقىدتە مەدھىيە ئوقۇيدىغان ئەسەر ۋە پاش قىلىدىغان ئەسەر دېگەندەك پەتىۋا بىلەن ئەسەرگە ئىدىيىۋى ھۆكۈم چىقارساق بولمايدۇ. ئاپتورلارنىڭ قايسى مەيداندا تۇرۇپ مەدھىيە ئوقۇغانلىقى ۋە پاش قىلغانلىقىغا، نېمىنى پاش قىلغانلىقىغا، نېمىنى مەدھىيىلەپ، قانداق مەدھىيىلەپ، قانداق پاش قىلغانلىقىغا، بەدىئىي تەسۋىرنىڭ سەممىي بولغان ـ بولمىغانلىقىغا قاراش كېرەك، مۇشۇنداق قىلىنغاندىلا ئەسەرنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى چىنلىقى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى ھەقىقىي تۇردە باھالىغىلى بولىدۇ. ھايات زىددىيەت بىلەن تولغان بولىدۇ. يازغۇچى ئىجادىيەت جەريانىدا زىددىيەتلەرگە كۆز يۇمماسلىقى، زىددىيەتلەرنى يوشۇرماسلىقى، زىددىيەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىقى، زىددىيەتلەرنى ئېچىشى، شۇنداقلا تۈتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىنىڭ مۇشكۈل، مۇرەككەپ جەريان ئىكەنلىكىنى تولۇق ھېسابقا ئېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشنى بىلىشى، چۈشىنىشى ۋە ئۆزگەرتىشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك، بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ئەدەبىي تەنقىدمۇ يۈزەكى بولۇپ قالماسلىقى، بىر ئەندىزە ـ قېلىپقا چۈشۈۋالماسلىقى، ئەسەرنى ھەققانىي يوسۇندا ئادىل، توغرا باھالىشى لازىم. ئەدەبىي تەنقىدتە ئىشنى بەدىئىي ئوبرازنى تەھلىل قىلىشتىن باشلاش كېرەك، چۈنكى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكى بەدىئىي ئوبرازغا سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ، بەدىئىي ئوبراز چىن، ھەقىقىي بولمىسا، ئەسەرنىڭ چىنلىقىغىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. بەدىئىي ئوبراز چىن بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭغا ئالىيجاناب ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى سىڭدۈرگىلى بولىدۇ، شۇڭا ئوبرازنىڭ چىن بولۇشى ئالدى بىلەن ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكىنى ئۆلچەشتىكى مۇھىم شەرت، شۇنداقلا ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى شەكىللەندۈرۈشتىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان شەرتتۇر. ئەسەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بەدىئىي جەھەتتىكى يالغانچىلىقتىنمۇ ئارتۇق مەغلۇبىيەت بولمايدۇ. دېمەك، چىنلىق ئەسەر ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكىنىڭ بەلگىسى ھەمدە ئەدەبىي تەنقىدنىڭمۇ مۇھىم بەلگىسى. ئەدەبىي تەنقىدتە ئەسەردىكى بەدىئىي ئوبراز ئاساس قىلىنمىسا، ئەسەردىكى ئوبرازدىن ھالقىپ، ئوبرازنىڭ ئەمەلىيىتىدىن چەتنەپ، ئوبرازنى تەييار ئەندىزە ـ قېلىپقا سېلىپ، ئۆزى خالىغانچە ماركا چاپلاپ، ماددىمۇ ماددا سېلىشتۇرۇپ، ئەپلىشىپ قالسا، ئەسەرنى ياخشى دېسە، ئەپلەشمىسە، ئەسەرنى يامان دېسە بۇنى قانداقمۇ ئىلمىي تەنقىد ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە دېگىلى بولىدۇ؟!

بۇنداق بىنورمال ئەدەبىي تەنقىدنى ئېنگېلس بۇرۇنلا ئۆتكۈر تەنقىد قىلغانىدى، ئۇ «ئالېكساندر ژۇنكنىڭ ‹گېرمانىيە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن كونسپېكت› دېگەن ئەسىرىگە باھا» دا مۇنداق دېگەن: «ئاخىرىدا ‹ھازىرقى زامان› ئەدەبىياتى توغرىسىدا توختالغاندا، ئۇ ئاق - قارىنى ئايرىمايلا ھەدەپ ئۇچۇرغىلى، خۇشامەت قىلغىلى تۇردى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ياخشى ئەسەر يازمىغان ھېچكىم يوق، مەشھۇر ئىجادىيىتى بولمىغان ھېچكىم يوق، مەلۇم ئەدەبىي مۇۋەپپەقىيىتى بولمىغان ھېچكىم يوق. بۇنداق چەك - پايانى يوق ماختاشلار، بۇنداق كېلىشتۈرمىچىلىكلەر ۋە ئەدەبىياتتا دەللاللىنىڭ رول ئېلىش يولىدىكى قىزغىنلىقلارغا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ.» ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش روھى بولمىغان بۇنداق ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىلچە پايدىسى يوق، شۇنداقلا ئەدەبىي تەنقىدچىلىككىمۇ پايدىسى يوق. ئەسەرنى خالىغانچە ئۇچۇرۇپ ئاسمانغا چىقىرىۋېتىدىغان ياكى چۆكۈرۈپ يەرگە كىرگۈزۈۋېتىدىغان ئەدەبىي تەنقىد يا يازغۇچىنى «تىللاپ ئۆلتۈرىدۇ»، يا «ماختاپ ئۆلتۈرىدۇ»، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە شۇنچە كۆپ يازغۇچىلارنىڭ «جىن - شەيتان» قىلىپ قويۇلغانلىقى، شۇنچە جىق ئەسەرلەرنىڭ «زەھەرلىك چۆپ» دېيىلگەنلىكى «تىللاپ ئۆلتۈرۈش» جۈملىسىدىندۇر. شۇڭا «تىللاپ ئۆلتۈرۈش» نى چۈشىنىمەك ئاسانراق. «ماختاپ ئۆلتۈرۈش» نى بولسا، ھازىرغىچە چۈشەنمەيۋاتقانلار بار. شۇڭا ئەدەبىيات ساھەسىدە ئالدىنقى مەزگىلدە كەلمەس ئۇچۇرۇش - ماختاش ئەھۋاللىرى ئېغىر بولدى. تەنقىدچى قالايمىقان تىللىسا ۋە قالايمىقان ماختىسا، ھەمىشە «قەھرىماننى بۇزۇق خوتۇن دېسە، بۇزۇق خوتۇننى قەھرىمان قىلىپ كۆرسەتسە»، پاكىتنى نەزەرگە ئالمىسا، ھەتتا پاكىتقا خىلاپلىق قىلسا، بۇنىڭ تېگى - تەكتىنى ئەل - جامائەت بىلىۋالغان ھامان، ئۇنىڭمۇ ئەكسىچە بولىدۇ، بۇنداقتا، تەنقىدنىڭ كۈچى ۋە رولىمۇ بولمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئەھۋالى كۆپىنچە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەھۋالىدەك مۇرەككەپ بولىدۇ، ئېسىل ئەسەردە ئېغىر كەمچىلىك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئادەتتىكى ئەسەردىمۇ بەزى ئارتۇقچىلىقلار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بەزىدە ئەسەردىكى بىر كۆرۈنۈش، تەپسىلات، سيۇژېت، پېرسوناژ بىر نۇقتىدىن قارىغاندا كەمچىلىك بولۇپ كۆرۈنۈشى مۇمكىن، باشقا بىر نۇقتىدىن قارىغاندا ئارتۇقچىلىق بولۇپ كۆرۈنۈشى مۇمكىن، كەمچىلىك بىلەن ئارتۇقچىلىق بىرلىشىپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەسەردىكى مۇنداق مۇرەككەپ ئەھۋاللار ھەققىدە مۇتلەق مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ياكى مۇتلەق ئىنكار قىلىدىغان يەكۈن چىقارماي، ياخشى يېرىنى ياخشى، يامان يېرىنى يامان دېيىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن يازغۇچى ۋە ئەسەرگە باھا بەرگەندە ئەتراپلىق قاراش كېرەك. مەلۇم بىر يازغۇچىنىڭ ئەسىرى ھامان ئۆزىگە ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرگە باغلىنىشلىق بولىدۇ. شۇڭا بىر ئەسەرنى باھالىغاندا، ئادەمنى بىلىش، سەرگۈزەشتىلىرىگە قاراش بەك مۇھىم. ئالايلۇق، مەلۇم پېرسوناژ ھامان مۇئەييەن تارىخىي مۇھىتتا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، سۆزى، ھەرىكىتى مۇقەررەر ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ تەسىرى ۋە چەكلىمىسىدە بولىدۇ، ئۇنىڭغا دەۋر تامغىسى بېسىلىشى تۇرغان گەپ. بۇ پېرسوناژ بۇنىڭدىن 100 يىل بۇرۇن ياشىغان بولسا، بىز ئۇنىڭغا بۈگۈنكى ئۆلچەم بويىچە قاتتىق تەلەپ قويساق بولمايدۇ. مۇبادا بۈگۈنكى ئۆلچىمىمىزگە ئۇيغۇن كەلمىدى دەپ كايىپ كەتسەك، بۇ تولىمۇ كۈلكىلىك ۋە ھاماقەتلىك بولىدۇ. تەنقىد - ئىلمىي پائالىيەت. تەنقىدتە سالماق، ئەستايىدىل بولمىغاندا، ئەسەرنىڭ ياخشى يېرى بىلەن يامان يېرىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن تەنقىدچىدە ئەدەبىياتقا قارىتا سەمىمىي ھېسسىيات بولۇشى كېرەك. «سەنئەتكە مۇھەببەت بولمىغان يەردە تەنقىدمۇ بولمايدۇ» (پۇشكىن). «تەنقىدچى ھەم ئېستېتىكچى، ھەم مۇتەپەككۇر بولۇشى كېرەك! ... ئىنتايىن تاكامۇللاشقان پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىنتايىن تاكامۇللاشقان ئېستېتىك تۇيغۇغا ئىگە كىشىلا بەدىئىي ئەسەرنى ئوبدان باھالىيالايدىغان ياخشى تەنقىدچى بولالىشى مۇمكىن» (پىلىخانوۋ).

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئېلى زاھىد

# «تارىم»غا بارىكاللا

— «تارىم»ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 45 يىللىقىنى تولۇپ - تاشقان خۇشاللىق ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن، ئۇنىڭ بىھېساب ئۇتۇقلىرى ۋە ئۆچمەس تۆھپىلىرى بىلەن چىن دىلىمدىن تەبرىكلەيمەن!

مەن «تارىم»نى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ ئۆزىنىڭ 45 يىللىق شانلىق مۇساپىسىدە تۈرلۈك قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، بىر مۇنچە ئويلىنىشسىزلىقلارغا دۇچ كەلگەن، تالاي قېتىم ئۆلۈك ۋە «سول» دىن سوققان بورانلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن خۇددى جەڭ مەيدانىدىكى قەيسەر قوماندانەك ئۆز قوشۇنىنى تەمكىنلىك بىلەن غەلىبە يۆنىلىشىگە باشلاپ، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە، ھەممە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، كەڭ يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكار، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، سوتسىيالىزمنى، خەلقنى كۈيلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى شانلىق كۈرەشلىرىنى مەدھىيىلەپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى.

مەن «تارىم»نى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنىڭ بۆشۈكى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىمىز پارتىيە رەھبەرلىكىدە مىسلىسىز زورايدى. يېڭى بىر ئەۋلاد سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە ئۈمىدلىك ياش يازغۇچى، شائىرلىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىز خۇددى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇرلۇق يۇلتۇزلاردەك، ئۇلۇغ دىيارىمىزدا كەينى - كەينىدىن يېتىلمەكتە. «تارىم» مۇشۇ زور قوشۇنغا ماھارەت كۆرسىتىدىغان سورۇن ھازىرلاپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنى توغرا يۆنىلىش بويىچە ئالغا بېسىش يولىغا باشلاۋاتقان ماھىر تەشكىللاتچى ۋە قابىل يېتەكچى.

مەن «تارىم»نى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى ئېلىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرگە، دۇنيا ئەللىرىگە، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ۋە ئۆزگە ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت

مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مىللىتىمىزگە تونۇشتۇرۇپ، مىللىتىمىزنى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈۋاتقان خاسىيەتلىك كۆۋرۈكلەرنىڭ بىرى، دوستلۇق ئەلچىسى!

مەن «تارىم»نى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ نوقۇل ئەدەبىي ژۇرناللا ئەمەس، يەنە پارتىيىمىزنىڭ مۇھىم تەشۋىقات بازىسى. پارتىيىنىڭ، سوتسىيالىزمنىڭ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ هارماس كويچىسى. ئۇ بۇ جەھەتتە باشقا ھەرقانداق تەشۋىقات ۋاستىسى ئوينىيالمايدىغان روللارنى ئويناپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلىرىگە توغرا، ئادىل باھا بېرىلىشى كېرەك!

مەن «تارىم»نى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ مېنىڭ ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر قەدىرلىك ئۇستازىم. ئۇ ئىللىق قوينىنى ماڭا ھەر ۋاقىت كەڭ ئېچىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، مەن «تارىم»دا خەلق قەلبىدىن ئۈچمەس ئورۇن ئالغۇدەك بىرەر ئەسەر ئېلان قىلالىغىنىم يوق، مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە خىجىلمەن. لېكىن ئۇنىڭ سەھىپىلىرى ماڭا ئېستېتىك زوق، مەنىۋى ئوزۇق، كۈچ ۋە غەيرەت بېغىشلاپ كەلدى، ماڭا گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىشنى، رەزىللىكتىن يىرگىنىشنى ئۆگەتتى، شۇڭا مەن ئۇنى روھىيىتىمنى ساغلاملاشتۇرىدىغان خاسىيەتلىك ئوچاق دەپ ھېسابلاپ، ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىمدىن تا ھازىرغىچە سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن، بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئەرزىمەس كىتابخانى سۈپىتىدە ئۇنى داۋاملىق ئوقۇيمەن، ئۇنىڭ بۇندىن كېيىنكى مۇساپىسىگە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن، «تارىم» خۇددى تارىم سۈيىدەك توختىماي ئۆركەشلەپ، قاغجىراپ ياتقان قەلب ئېتىزلىرىنى ئۆزىنىڭ شىپالىق سۇلىرى بىلەن سۇغىرىپ، ئۇلارغا يېڭى ئويغىنىش، يېڭى ھايات بەخش ئەتسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تەبرىك ۋە ئۈمىد

ئۈمىدجان قاسىمى

«تارىم» 45 يىللىق جاپالىق، ئەگرى - توقاي ھەم شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. مەن «تارىم»نىڭ ئىخلاسمەن بىر كىتابخانى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن، «تارىم»نىڭ قۇتلۇق تويىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

«تارىم» بۇ 45 يىل داۋامىدا ئەدەبىيات قوشۇنىنى يېتىلدۈرۈش، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئۆچمەس تۆھپىلەر يارىتىپلا قالماي، ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى، ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ تولىمۇ چەكلىك سەھىپىسىدىن تەتقىقات، ئەدەبىي ئوبزور، ئەدەبىي تەنقىد، تەسىرات ماقالىلىرىگە سېخىيلىق بىلەن ئورۇن بېرىپ، نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە ۋە ئەدەبىي ئوبزورچىلىق، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ نورمال ۋە ساغلام قانات يېيىشىغا، ئوبزورچىلار قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشى، زورىيىشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولدى. «تارىم» 1951 -يىل 1 - ساندا تۇنجى بولۇپ زۇنۇن قادىرنىڭ «ئەخمەتجان قاسىمى سەنئەت ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىنى، 1952 - يىل 8 - ساندا «گۈلەندەم» دېگەن ھېكايە توغرىسىدىكى ئەدەبىي تەنقىدنى ئېلان قىلغاندىن تارتىپ، ھازىرغا قەدەر ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، تىل تەتقىقاتى، چەت ئەل ئەدەبىي ئېقىملىرى، مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە ئائىت ماقالىلەردىن 2000 دىن ئارتۇقنى ئېلان قىلدى. بۇ ئارقىلىق بىزنىڭ ئەدەب - سەنئەتكارلىرىمىز بىر قەدەر مۇكەممەل ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىي ئېقىملار، ھەر خىل ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسى، ئىجادىيەت ئۇسلۇبى، ئىجادىيەت ماھارىتى بىلەن تونۇشۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. بارا - بارا بىر تۈركۈم ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى، ئەدەبىي ئوبزورچىلار مەيدانغا كېلىپ، «تارىم» دىن ئىبارەت مۇشۇ مۇنبەت تۇپراقتا يېتىلىپ، بىخ سۈرۈپ، چېچەكلەپ، مېۋە بەردى. 50 - يىللاردا، ھەر يىلى ئۆز ئاپتورلىرىمىز يازغان ماقالىلەردىن ئۈچ - تۆت پارچىلا بېرىلەيدىغان «تارىم» ئەمدىلىكتە ھەر بىر ساندا ئۈچ - تۆت پارچە ماقالە بېرەلەيدىغان بولدى. بىز پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن شۇنداق دېيەلەيمىزكى، شەرىپىدىن ئۆمەر، پەتتارجان مۇھەممەدى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، روزى قاسىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئابلەت ئۆمەر، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، مەھمۇد زەئىدى، ھېلىم مۇللايېۋ، ئابدۇكېرىم راخمان، نۇرمۇھەممەت زامان، مەھەممەت پولات،

ئابلىمىت ئىسمائىل، ھېزىم قاسىم، قاۋسىلقان قامجان، سىدىقھاجى روزى، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئازاد سۇلتان، ۋاھىتجان غوپۇر، غوجەخمەت يۇنۇس، ئابدۇۋېلى كىرىم، ئابدۇللا مەتقۇربان، ئىبراھىم ئىزاقى، كىرىمجان ئابدۇرېھىم قاتارلىق تەتقىقاتچىلىرىمىز، ئوبزورچىلىرىمىز، ئەھمەد زىيائى، ئىبراھىم مۇتىئى، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابلىز نازىرى، ئىمىن تۇرسۇن، قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىر، ئەخمەت تۇردى، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مەھەممەتجان سادىق، رەخىم قاسىم، قۇربان بارات قاتارلىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر ماقالىلىرى ۋە ئوبزورلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى «تارىم»دا ئېلان قىلىنغان؛ كۆپ قىممەتلىك باھالاشلاردا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئوبزورلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىمۇ «تارىم»ئارقىلىق يورۇقلۇققا چىققان. دېمەك، 45 يىلدىن بېرى «تارىم»ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى، ئوبزورچىلار قوشۇنىنى يېتىلدۈرۈشتە ياخشى باغۋەن، مەكتەپ، ئۇستاز بولدى. ئەگەر «تارىم»بولمىغان بولسا، مەخسۇس تەتقىقات ۋە ئوبزورچىلىق ژۇرنىلى بولمىغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئوبزورچىلار قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشى، زورىيىشى، بۈگۈنكىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىجادىيەت ۋە ئوبزور - ئەدەبىياتنىڭ ئىككى قانىتى. ئەگەر بۇ قاناتنىڭ قايسى بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. بىز ھازىر ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىشنىڭ ياخشى پەيتىدە تۇرۇۋاتىمىز. بۇ دەۋر ئەدەبىياتنىڭ، ئەدەبىيات تەتقىقاتى، ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئالدىغا ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان جىددىي مەسىلىلەرنىمۇ قويدى. بىز ئەدەبىيات تەتقىقاتى، ئەدەبىي ئوبزورچىلىق، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە «تارىم»نىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا سۆيۈنگۈدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولساقمۇ، لېكىن نەتىجىلىرىمىز دەۋرنىڭ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئورۇنداشتىن يىراق؛ قوشۇنىمىز تېخى كۆڭۈلدىكىدەك ھالەتتە، نەزەرىيە تەتقىقاتىمىز خېلىلا ئارقىدا، ئۇ تېخى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگىنى يوق؛ ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس نەزەرىيە مەيدانىغا چىققىنى، مۇكەممەلرەك ئەدەبىيات تارىخى يېزىلغىنى، تەتقىقاتچىلار مەخسۇسلاشقىنى يوق؛ ئوبزورلارنىڭ سەۋىيىسى تەسىرات ماقالىسى ھالىتىدە بولۇۋاتىدۇ؛ ئەدەبىي تەنقىدلەردە ئېغىشلارمۇ مەۋجۇت.

ھەممىگە ئايانكى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئەدەبىي تەنقىد بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان، شۇنداقلا بىر - بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان ئۈچ تۈرلۈك تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە قىلىش شەكلى. بۇلارنىڭ قانداق بىرى كەم بولسا، ئۇنداق ئەدەبىياتنى مۇكەممەل ئەدەبىيات دېگىلى بولمايدۇ. بۇ ئۈچ تەرەپ تەڭ راۋاجلانغاندىلا، ئاندىن ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرگىلى، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈپ، نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىپ، ئەدەبىياتىمىزنى پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن دۇنياغا يۈزلەندۈرگىلى، تونۇتقىلى بولىدۇ.

بىزدە بۈسۈش خاراكتېرىدىكى ياخشى ئەسەر، نادىر ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا چىقالماسلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبلەر شۇكى، بىزنىڭ بىلىم قۇرۇلمىمىز كونىراپ كەتكەن، بىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات بىلەن سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ پەرقىنى، ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرمىدۇق، ئۆزىمىزگە توغرا باھا بېرەلمىدۇق، كاللىمىزدا نادىر ئەسەر ئېڭى يوق دېيەرلىك. ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى، ئوبزورچىلار بۇ مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب بېرىشى، ئىجادىيەتكە توغرا يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. بولمىسا، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش، كۆپلەپ ياخشى، نادىر ئەسەر يارىتىش دېگىنىمىز قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

مەن «تارىم»نىڭ تەتقىقات، ئوبزور، تەنقىدچىلىكنى قوللاشتىكى شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئاۋانگارتلىق رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

«تارىم»، قۇتلۇق 45 يېشىڭغا مۇبارەك! ساڭا تېخىمۇ زور ئۇتۇق، شان - شەرەپ يار بولسۇن!

www.uyghurkitap.com

# چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

چارلىز بودلېر (فرانسىيە)

## نەسرلەر

چارلىز بودلېر (Charles Baudlaire، 1821 ـ 1867) فرانسىيە مودېرنىزم شېئىرىيىتىنىڭ باشلامچىسى، شۇنداقلا يازغۇچى ۋە ئەدەبىي ئوبزورچى. ئۇنىڭ «رەزىللىك گۈلى»ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «پارىژنىڭ مەيۈسلۈكى»، «سۈنئىي گۈلستان»ناملىق ئىككى نەسرىي شېئىرلار توپلىمى بار. «رەزىللىك گۈلى» 1857 ـ يىلى نەشر قىلىنىپ، فرانسىيە ئەدەبىيات ساھەسىنى زىلزىلىگە سالدى. كېيىن شائىر «رىتىم ۋە قاپىيىسى بولمىغان، شېئىرىي مەنىگە ئىگە يىگىچە نەسرلەر»نى يېزىپ، «پارىژنىڭ مەيۈسلۈكى» نامىدا نەشر قىلدۇردى. ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك، «بۇ يەنىلا (رەزىللىك گۈلى) لېكىن ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەركىن، نەپىس ھەم ئاچچىق.»

### يوچۇن ئادەم

ـ ھەي، چۈشىنىكسىز ئادەم! قېنى ئېيتقىنا، سەن زادى كىمنى ئەڭ ياخشى كۆرىسەن؟ ئاتاڭنىمۇ، ئاناڭنى؟ ئىگىچە ـ سىڭلىڭنىمۇ ياكى ئاكا ـ ئۇكاڭنىمۇ؟

ـ ئاھ . . . ئاتاممۇ يوق، ئانامىمۇ يوق. نە ئاچا ـ سىڭلىم، نە ئاكا ـ ئىنىم بولمىسا.

ـ دوستۇڭچۇ؟

ـ بۇ . . . ھازىرغىچە مەن تېخى ئۇقمايدىغان سۆزنى ئېيتىۋاتىسىز.

ـ ۋەتىنىڭچۇ؟

ـ ھەتتا ئۇنىڭ نەدىلىكىنىمۇ بىلمەيمەن.

ـ گۈزەللىكچۇ؟

ـ مەن ئۇنى جان ـ دىلىم بىلەن سۆيىمەن. گۈزەللىك دېگەن بىر ئىلاھە ھەم ئۆلمەس . . .

ـ ئالتۇنچۇ؟

ـ ئۇنى ئۆچ كۆرىمەن. خۇددى سەن خۇدانى ئۆچ كۆرگەندەكلا.

ـ ئەستاغپۇرۇللا، ھەي غەيرىي يوچۇن ئادەم! سەن زادى نېمىنى ياخشى كۆرىسەن؟

ـ بۇلۇتلارنى . . . ئۆتكۈنچى بۇلۇتلارنى . . . ئاۋۇ تەرەپ . . . ئەنە ئاۋۇ تەرەپتىكى . . . چىرايلىق بۇلۇتلارنى!

## مومايىنىڭ ئۈمىدسىزلىنىشى

قورۇق ئۈستىخان بولۇپ قالغان بىر موماي ئۇماق بىر بالىنى كۆرۈپ قەۋەتلا خوش بوپ كەتتى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ بالىغا يېقىنچىلىق قىلماقچى بولاتتى. بۇ كىچىك جان ئىگىسى قاملاشقان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئاجىز، تاقىرباش ھەم كۆماك ئىدى.

مومايى بالىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كولۇمسىرەپ قويماقچى ياكى ئۇنى خوش قىلىدىغان بىرەر قىلىق قىلماقچى بولدى. بىراق بالا قورقۇپ كەتتى، ئۇ زەئىپ مومايىنىڭ سىيلاۋاتقان ئالقانلىرىدىن قېچىپ، جان - جەھلى بىلەن يۇلقۇناتتى. چىرقىراق ئاۋازى ئۆينى بىر ئالغانىدى.

ئاق كۆڭۈل موماي ئۆزىنىڭ ئەبەدىي تەنھالىقىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بىر بۇلۇڭغا تۈگۈلۈۋېلىپ يىغلاپ كەتتى: ۋاي، بىز بۇ ياشانغان ئاياللار راستىنلا پاجىئەلىك ئىكەنمىز. كىشىلەرنىڭ، ھېچ بولمىغاندا سەبىي گۆدەكلەرنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان ياش - قورامىمىز ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ھەتتا بىز ئەركىلەتمەكچى بولغان بالىلارمۇ بىزدىن قورقىدىكەن!

## خۇشامەتچى

يېڭى يىل شادىيانە تەبرىكلىنىۋاتقان چاغ ئىدى، ھەممە يەردە قار ئارىلاش پاتقاق، ئۈزۈلمەي ئۆتۈۋاتقان كۆرمىگەنلىغان ھەشەمەتلىك مەپىلەر، كۆزلەرنى ئالچەكمەن قىلىدىغان قەنت - گېزەك ۋە ئويۇنچۇقلار، تەمەخورلۇق ۋە ئۈمىدسىزلىك كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇنداق چوڭ شەھەردىكى بايرام شاۋقۇنى ئەڭ قەيسەر غېرىبنىڭ قەلبىنىمۇ تەڭداشسىز پاراكەندىچىلىككە سالاتتى.

بىر ئېشەك ئاشۇ مالىمان شاۋ - شۇۋ ئىچىدىن چىققىنىچە ئۇدۇللاپ چېپىپ كەلدى، ئۇنى قامچا كۆتۈرگەن قوپال بىر ئەركەك قوغلاپ كېلەتتى. ئېشەك شۇ چاپقىنىچە پىيادىلەر يولىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە قارشى تەرەپتىن چىرايلىق بىر يىگىت چىقىپ قالدى. ئۇ قوللىرىغا پەلەي كىيگەن بولۇپ، چاچلىرىنى مايلاپ، يۈز -كۆزلىرىگە گىرىم قىلىپ، گالستۇك تاقاپ، يېپيېڭى كىيىم - كېچەكلەرگە ئورۇنۇۋالغانىدى. ئۇ ئالدىغا چامداپ شىلەپىسىنى قولىغا ئالدى - دە، دەرھال ئېشەككە سىپايىلىق بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تەزىم قىلىپ: «يېڭى يىلىڭىز مۇبارەك بولسۇن، سىزگە بەخت تىلەيمەن!» دېدى-دە، ئاشۇ قالتىس سالاپىتىنى بۇزماي، يەنە كىملەرگىدۇر بۇرۇلدى. ئۇ خۇددى باشقىلاردىن ئۆز كۆرەڭلىكىگە باركاللا ئوقۇپ قويۇشنى ئۆتۈنۈۋاتقاندەك ئىدى. ئېشەك بۇ پۇزۇر خۇشامەتچىگە نەزەرمۇ سېلىپ قويماي، ئۆزى ئىشلەيدىغان جايغا قاراپ جېنىنىڭ بارىچە چېپىپ كېتىۋەردى.

ھالبۇكى، كۈچلۈك بىر غەزەپ ئوتى تۇيۇقسىز مېنىڭ يۈرەك باغرىمنى ئۆرتىۋەتتى. بۇ پۇزۇر كىيىملىك ھاماقەت ئوغامنى قايناتماقتا ئىدى. ماڭا ئۇ ئۆزىدە پۈتكۈل فرانسۇز روھىنى مەركەزلىك ئىپادىلەۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

## ساراڭ بىلەن ۋېناس

نەقەدەر ياخشى ھاۋا - ھە! كەڭرى كەتكەن باغچا قۇياشنىڭ ئوتلۇق قاراشلىرىدا خۇددى مۇھەببەت

uyghurkitap.com



يالقۇندا تىزگىنلەنگەن يىگىتتەك داڭقېتىپ تۇراتتى.

بارچە مەۋجۇدات مەستخۇش ھالەتتە بولۇپ، ئۆزىنى ئىپادىلەيدىغان ھېچقانداق تىۋىش چىقارمايتتى، ھەتتا ئېقىن سۇلارمۇ ئۇخلاپ قالغاندەك ئىدى. ئىنسانلارنىڭ خۇشاللىق، ئالقىشلىرىنىڭ ئەكسىچە بۇ يەردە ئىمتاسلىقنىڭ تەنتەنىسى ھۆكۈم سۈرەتتى.

بارغانسېرى قىزىۋاتقان ئاپتاپ تەبىئەتكە تېخىمۇ گۈزەل جۇلا بەخش ئەتمەكتە؛ رەڭدارلىقتا پورەكلەپ ئېچىلغان گۈل - چېچەكلەر زەڭگەر ئاسمان بىلەن ھۆسن تالاشماقتا؛ ئىللىقلىق خۇش پۇراقنى كۆزگە شالاڭ كۆرۈنىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ئىس - تۈتەكلەرگە ئوخشاش يېتەكلەپ يۇلتۇزلار تامان ئۆرلەتمەكتە.

ۋەھالەنكى، بۇ شادلىقتا چۆمگەن مەۋجۇداتلار ئارىسىدا بىر دەردمەنگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ساراڭ قىلىۋېتىلگەن بىر كىشى غايەت زور ۋېناس ھەيكىلى ئالدىدا تۇۋا - ئىستىغپار ئېيتىش ھەم بىزارلىق پاتقىقىغا پاتقان پادىشاھلارنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن پەيدائىي قىزىقچى بولۇپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ ئاجايىپ - غارايىپ كىيىنگەن بولۇپ، ئەپتى تولىمۇ كۈلكىلىك ھەم كۆرۈمسىز ئىدى. بېشىغا مۆڭگۈز تاقاپ، كولدۇرما ئېسىۋېلىپ، قورتتەك تۈگۈلگىنىچە تاش ھەيكەل سۈپىسىغا ياماشاتتى. ياشقا تولغان كۆزلىرىنى تىكىپ، بۇ مەڭگۈلۈك ئىلاھقا تەلمۈرەتتى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى مۇنداق دەيتتى: مەن ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ رەزىل، ئەڭ غېرىب ئادەممەن، سۆيگۈ ھەم دوستلۇقتىن مەھرۇممەن. بۇ جەھەتتە مەن ئەڭ مېيىپ ھايۋاندىنمۇ بەتەر. بىراق مەنمۇ بارچە كىشىلەردەك گۈزەللىكنى چۈشىنىش ۋە ھېس قىلىش ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەنغۇ. ھەي، مۇقەددەس ئىلاھ، مېنىڭ دەرد - ھەسرەتلىرىم ۋە ئەسەبىيلىكىمگە ئىچ ئاغرىتىپ قويغىن.

بىراق تاش يۈرەك ۋېناس مەرمەر كۆزلىرىنى يىراق - يىراقلاردىكى نىملەرگىدۇر تىككەنىدى...

(«پارىژنىڭ مەيۈسلۈكى»ناملىق توپلامنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدىن ئېلىندى)

**غېنى مۇھەممەت تەرجىمىسى**

**مەسئۇل مۇھەررىر يۇلتۇز تېيىپجان**

## «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ يىل ئاۋغۇستتا «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغىنىغا 45 يىل بولدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن 25 - ئاۋغۇست ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى زالىدا «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىرى، يازغۇچىلار، ئالىم - مۇتەخەسسىلەر، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئاخبارات، نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ خادىملىرى ۋە رەھبەرلىرىدىن بولۇپ 60 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرېھىم رەجەپ ھەم مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن قەييۇم تۇردى، ئەمەت موللا تۇردى، ئېلى زاھىد، توختى سابىر، شاكەن ئوئالباي، ساغا، ئابدۇرېھىم مەھەممەت، ئىمىن تۇرسۇن، ئىبراھىم مۇتىئى قاتارلىقلار بار.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى مۇھەممەت شاۋۇدۇن ئالدى بىلەن سۆز قىلىپ، «تارىم»نىڭ نەشر قىلىنغاندىن بۇيانقى 45 يىللىق مۇساپىسىنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئۇ ئۆز سۆزىدە «تارىم»نىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى زور مۇۋەپپەقىيەت - نەتىجىلىرىنى، 90 - يىللار داۋامىدىكى يېڭىچە ئىلگىرىلەش ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى جانلىق پاكىتلار بىلەن تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيۈەنجاڭى، شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ «تارىم» نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىغا بېغىشلاپ يازغان «مۇبارەك 45 يېشىڭغا 〈تارىم〉» دېگەن شېئىرى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەمەت موللا تۇردى، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئېلى زاھىد، شۇنداقلا توختى سابىر، ئىمىن تۇرسۇن، ئىبراھىم مۇتىئى قاتارلىقلار سۆز قىلدى. ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدە «تارىم» نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. «تارىم»نىڭ مۇۋەپپەقىيەت - نەتىجىلىرىنى، ئۇنىڭ بارغانسېرى ياخشى باشقۇرۇلۇپ، سۈپىتى ۋە سەۋىيىسى ئۆسۈپ، ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى بىردەك مۇئەييەنلەشتۈردى، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى.

ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ئابدۇرېھىم رەجەپ نۇقتىلىق سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: يىغىن ياخشى ئۆتكۈزۈلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 46 يىللىقى، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى ھارپىسىدا «تارىم» نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن بۇ يىغىننىڭ ئېچىلغىنى ياخشى بولدى. «تارىم» نىڭ تۆھپىسى زور، تەسىرى چوڭقۇر. «تارىم» نىڭ 45 يىلدىن بۇيانقى مۇساپىسىنى ئەسلەپ، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئۇنى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىشقا پايدىلىق. بىز «تارىم» نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە، ئېچىلىش - سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي مۇقامنى كەڭ جارى قىلدۇرۇش، كۆپ خىللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىدا دادىل ئىلگىرىلەپ، ئىجادىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى ۋە تېخىمۇ گۈللەپ راۋاج تېپىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

يىغىن قىزغىن ئىلمىي كەيپىيات ئىچىدە داۋام قىلدى. يىغىنغا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئارسلان رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئۆز خەۋىرىمىز)

## كەسپىي يازغۇچىلار ئىجادىيەت پىلان يىغىنى ئېچىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى كەسپىي يازغۇچىلار ئىجادىيەت پىلانى يىغىنى 1995 - يىل 10 - ئاۋغۇستتىن 11- ئاۋغۇستقىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

بۇ قېتىمقى ئىجادىيەت پىلانى يىغىنىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دۇەن تۇڭخۇا، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى چېن خۇڭبو، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ بارلىق كەسپىي يازغۇچىلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ھەيئەت رىياستىنىڭ ئەزالىرىدىن بولۇپ 30 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

يىغىنغا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېن بەيجۈڭ رىياسەتچىلىك قىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىن مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى، جوڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى چاڭشادا ئاچقان مەملىكەتلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت خىزمەت يىغىنىدىن كېيىن ئېچىلدى، شۇنداقلا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ رومان، كىنو - تېلېۋىزىيە، باللار ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت «ئۈچ چوڭ ئىش» نى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقى ھەم مەملىكەتلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق يازغۇچىلارنىڭ يېقىنقى بەش يىل ئىچىدىكى رومان، كىنو - تېلېۋىزىيە، باللار ئەدەبىياتى جەھەتتىكى ئىجادىيەت پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك

ئىلگىرىلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، دەۋر تەلىپىنى ئىپادىلەيدىغان بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى يېڭى بىر بالداققا كۆتۈرۈش مەقسىتىدە ئېچىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىن مەزمۇنى مول، ئەھمىيىتى مۇھىم، دەل ۋاقتىدا ئېچىلغان يىغىن بولدى. يىغىندا مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى چاڭسا يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ھەم ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ئۆگىنىلدى. يىغىنغا قاتناشقان كەسپىي يازغۇچىلار ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى ئالماشتۇرۇش ئاساسىدا، ئىجادىيەت پىلانى ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش، يازغۇچىلارنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلاش، كېيىنكى بەش يىللىق پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ھازىردىن باشلاپ كېيىنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى يېڭى بىر بالداققا كۆتۈرۈش، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى چوقۇم نادىر ئەسەرلەر قۇرۇلۇشى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەش زۆرۈر.

يىغىندا يەنە يازغۇچىلار قوشۇنىنى تەربىيىلەشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، بولۇپمۇ ئاھالىسى بىر قەدەر ئاز ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىغا يار - يۆلەكتە بولۇش، ئۇلارنى تەربىيىلەش، ھەر ساھەنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يازغۇچىلارنى ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش، بىلىم ئاشۇرۇش، نۆۋەتلىك تەربىيىلەش قاتارلىق ئەدەبىيات ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش؛ كەسپىي خىراجەت كەمچىل بولغان قىيىن ئەھۋالدىمۇ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛ بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بىر قېتىم ئەدەبىي ئىجادىيەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش، كەسپىي يازغۇچىلار خىراجىتىنى نۆۋەتلىك يازغۇچىلار ھەم ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈشكە سەرپ قىلىش، شۇنداقلا ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە ئالماشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش تەلەپ قىلىندى.

پەرىدە مالىك خەۋىرى

## «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى داغدۇغىلىق خاتىرىلەندى

3 - ئاۋغۇست ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ زالىدا «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

پائالىيەتكە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن فىڭ داجېن، ئىبراھىم روزى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى چېن خۇڭبو، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى باتۇر ئابلىمىت قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار، كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىي تەرجىمانلار ۋە ھەر ساھە ۋەكىللىرىدىن بولۇپ جەمئىي 400 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

يىغىندا ئالدى بىلەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن

www.uyghurkitap.com

ۋىيىۇەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قەييۇم باۋۇدۇنلارنىڭ «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىلىرى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ئارقىدىن يىغىنغا سوۋغا، تەبرىك تېلېگراممىا ۋە تەبرىك خەت ئەۋەتكەن ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

يىغىندا ئالدى بىلەن «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى يولداش ساتتار ئابدۇللا ژۇرنال خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. ئۇ ئۆز دوكلاتىدا «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 35 يىللىق شانلىق مۇساپىسىنى ئەسلەپ ئۆتتى، ژۇرنالنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ۋە بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاندىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سۆزلىدى. ئۇ ئۆز سۆزىدە كەڭ يازغۇچى - شائىرلار ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىدىن ئۆز ئىجادىيەتلىرى ئۈچۈن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتتى. ئاتاقلىق تەرجىمان توختى باقى كەڭ تەرجىمانلار نامىدىن سۆز قىلدى. ئارقىدىنلا يەتتە نەپەر پېشقەدەم نەپەر پېنسونېر قىز ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىكى ساتتار ئابدۇللا، غوپۇر قادىر، رەخىم قاسىم، قادىر راخمان، جۈرئەت سەيپۇل، ئابدۇجېلىل ۋە دىلنۇرلارغا گۈلدەستە تەقدىم قىلدى. بۇ چاغدا يىغىن زالىدا تېخىمۇ قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان ژۇرنالنىڭ چىقىرىلىشىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان 47 كىشىگە شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلدى. شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن بۇ كىشىلەر ئىچىدە مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجا، مامۇت سابىت، خەلىم سالىخ قاتارلىق بىر ئۆمۈر ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىپ زور تۆھپە ياراتقانلار، شۇنداقلا توختى باقى، رەخىم قاسىم، ئۆمەر توختى، رەخمىتۇللا جارى قاتارلىق پېشقەدەم ئەدەبىي تەرجىمانلار، ساتتار ئابدۇللا، سائادەت ئىمىن، غوپۇر قادىر، قۇربان ياسىن، ياسىن سېيىت، نەيىم يۈسۈپ، راخمان مامۇت، قادىر راخمان قاتارلىق تاللانغان ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئەدەبىي تەرجىمانلار بار.

بۈگۈنكى بۇ تەنتەنىلىك يىغىنغا يەنە ئاتاقلىق تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئى ۋە ئىمىن تۇرسۇن، يۈسۈپ ماماي، شۈكۈر يالقىن، ئەخمەت پاسار، نۇرمۇھەممەت دۆلەتى قاتارلىق يولداشلار شۇنداقلا «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىرى قاتناشتى.

تەبرىكلەش يىغىنىنىڭ ئىككىنچى كۈنى «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئەدەبىي تەرجىمە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.

يىغىنغا ژۇرنال تەھرىر ھەيئەتلىرى ۋە تەھرىر بۆلۈم خادىملىرى ھەمدە ئىبراھىم مۇتىئى، قەييۇم تۇردى، توختى باقى، ئەخمەت پاسار قاتارلىق 60 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى

يىغىندا «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغاندىن بۇيانقى 35 يىلدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ھازىرقى كونكرېت ئەھۋاللار تەھلىل قىلىندى ۋە بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

(ئۆز خەۋىرىمىز)



پېشقەدەملەر تەبرىك ۋە ئۈمىدلىرىنى بىلدۈرمەكتە.



شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ «مۇبارەك 45 يېشىڭغا ‹تارىم›» دېگەن شېئىرى ئوقۇلماقتا.



يىغىندىن كېيىنكى خاتىرە



ژۇرنال خادىملىرى بىر قىسىم ئاپتورلار بىلەن.

سۈرەتلەرنى قەييۇم تۇرسۇن تارتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com







《塔里木》文学月刊（维吾尔文） TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　辑：《塔里木》编辑部
出　版：新疆人民出版社
印　刷：《新疆日报》社印刷厂
发　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅零售：各地邮局所

1995 ـ يىل 10- سان (416 ـ سان)، 45 ـ يىل نەشرى
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4816214)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا
بېسىلدى، ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国际标准刊号： ISSN 1002 — 9044 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
国内同一刊号： CN 65 — 1010／I مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
国外代号：M 4461　چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M4461
邮发代号：58—66 定价：2.40元　پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66 ـ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 2.40 يۈەن
邮政编码：830000　پوچتا نومۇرى: 830000

广告许可证：新工商广字01005419号